ISSN 1002-9044

# تارىم

4

1995

ISSN 1002-9044

9 771002 904009 04>

# ئەدىبلىرىمىز تۇرمۇشىدىن



پېشقەدەملەر سۆھبىتى



ئۇنتۇلماس خاتىرە



زوق



كۆكۆللۈك دالا سەيلىسى

تۇردى مەتنىياز فوتوسى

# تارىم


ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

45 - يىل نەشرى

4

1995



باش مۇھەررىر

مەھەممەت شاۋۇدۇن

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر

ئارسلان ، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

تەھرىر ھەيئەتلەر

( ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە )

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ، ئابدۇسالام توختى، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر، ئابدۇراخمان ئەبەي، ئارسلان ، ئازاد سۇلتان، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن، زوردۇن سابىر، قەييۇم تۇردى، مەھەممەت زۇنۇن، مەھەممەت شاۋۇدۇن، ئوبۇل ئىسلام، ئېلى زاھىد، ئىدرىس بارات، ئىمىن تۇرسۇن.

# بۇ ساندا

## نەسرىي ئەسەرلەر


هەسەن ئەخمەت ...... خورلۇقتىن كېيىن ( هېكايە ) ...... 4
زۆهرە ئابدۇۋايىت ...... تۇغۇلغان كۈن ( هېكايە ) ...... 8
ئابدۇللا ساۋۇت ...... قىسمەت ( پوۋېست ) ...... 10
ماموت زايىت ...... تۇرمۇش ترادېگىيىسى ( نەسىر ) ...... 53
تۇرسۇن مۇهەممەت ...... ئالما ( نەسىر ) ...... 61
ئەرشىدىن قادىرى ...... يۇلغۇن چېچەكلىرى ( نەسىرلەر ) ...... 64
ئالىم مۇقىيت ...... ئىككى هېكايە ...... 77
گۈلبوستان ئابدۇقادىر ...... فەرۇزە ( پوۋېست ) ...... 80


## شېئىرلار


ئابلەت ئابدۇرېشت ...... ئانام، باهار، مەن ...... 45
نەيىم يۇسۇپ ...... ئىلهام جىلۋىسى ...... 46
مۇهەممەت روزى ...... ئاتەش نەپەسلەر ...... 48
ئابدۇلئەهەت قادىرى ...... ئىككى شېئىر ...... 50
جۇمە ئابدۇغېنى ...... دەپتەمەن ...... 51
مەتتۇرسۇن مۇهەممەت ...... نۆبىتىنىڭ بىر غەزىلىگە مۇخەممەس ...... 68
مەهەممەتجان سەيدۇللا ...... بىر تال يۇلتۇز چاقنايدۇ كۆكتە ...... 69
هەسەن تىلىۋالدى ...... سەپەر خاتىرىلىرى ...... 70
ئابدۇرېهىم زۇنۇن ...... غەزەللەر ...... 72
ئابلىز هەسەن ...... باشئەگىم يېزىلىرى ...... 74
هەبىبۇللا ئوسمان ...... گۈل بەرگىدە بىر جۈپ تۇمۇچۇق ...... 75
مۇهەممەت تەشنائى ...... مەن قارايمەن دېرىزىدىن يىراققا ...... 76
ئايبېك ئۆمەر ...... نىلۇپەر تۇيغۇ ...... 76
مۇساجان يۇنۇس ...... سەپەر ئۇزاق، يوللار گىرىمسەن ...... 97
ئابدۇلئەهەت داۋۇت ...... ئىككى شېئىر ...... 98
بارىجان زدپەر ...... قىر غاقتىكى سۆيگۈ ...... 99
مەهەممەترېهىم تۇرسۇن ...... ئاي كېچىسى ...... 99
تۇرغۇن ئوبۇلقاسىم ...... رۇبائىيلار ...... 100
تۇرسۇنجان هاشىمى ...... ئىزگۇ هېسلار ...... 101

مۇھەممەتئىمىن قۇربان ........ ئىككى غەزەل ........ 102

نەزەرى ........ تەسكەيدىكى تەمەچلەر ........ 103


## خاتىرە ۋە ئەسلىمە


زەپەر ئابلىز ........ دادام ئابلىز نازىرىنى ئەسلەيمەن ........ 104


## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز


كېرىمجان ئابدۇرېھىم ........ ھېكايىلىرىمىزدە سۇئال ........ 109

مەھەممەتتۇرسۇن ئېلى ........ ئەدەبىي ئوبزورچىلىقتىكى ئىدىيە ئىزدەش، ئىدىيە يۈكلەش خاھىشى ........ 118


## ئەسەر ۋە باھا


ئەنۋەر ھاشىم ........ ھەم «تۇمان باسقان مەھەللە»، ھەم ئۆزىمىزنىڭ سۆيۈملۈك مەھەللىسى ........ 130


## چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن


يۇكىما ساخارو ........ مىراس (ھېكايە) ........ 138


## كۇرسانتلار ئەسەرلىرىدىن


ئابدۇرېشىت قادىرى ........ قاۋۇزنىڭ ئۆي كۆچكەن كۈنى (ھېكايە) ........ 141

ئېزىز ھەسەن ........ يېڭى سودىگەر (ھېكايە) ........ 147

ئىسمائىل يۈسۈپ ........ تەدبىر (ھېكايە) ........ 151

ئىمىن ئىمىرھەمزە ........ مۇكاپات (ھېكايە) ........ 154

ئېلى زىكرىيا، ئابلاجان ئوسمان، ئەخمەتجان مۇھەممەت، تىلىۋالدى مەمتېلى، قۇربان نۇر، ئىسمائىل ئېلى، ئېزىزجان ھوشۇر ........ (شېئىرلار) ........ 157


## ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار


قايغۇلۇق خەۋەر ........ 160


* * *


رەسسام ۋە خەتتات: مەھەممەت ئايۇپ

مەسئۇل كوررېكتور: قېيۇم تۇرسۇن

هەسەن ئەخمەت

# خورلۇقتىن كېيىن

(هېكايە)

مەن ئايالىمنىڭ ئۈرۈمچىدىكى هاماچىسىنىڭ مەھەللىمىزگە يەنە كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتىم. ئايالىم بۇ ئىشنى ماڭا ئېيتمىغانىدى. چۈنكى ئۇ مېنى هاماچىسىغا چىش - تىرنىقىغىچە ئۆچ دەپ قارايتتى. ئەمەلىيەتتە بولسا، بۇ مەھەللىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن بايلاردىن بىرى بولۇپ قالغان مېنىڭ ئۇ ئايالغا بولغان ئۆچمەنلىكىم ئاللىقاچان غايىب بولغانىدى. مەن يات - يات ئاشۇ چاغدىكى ئىش تۈپەيلىدىن ئۆيگە ئانمىغان بولسام، هېلىھەم كەپتەرنىڭ قۇيرۇقىغا قاراپ، نامراتچىلىقتىن شۇمشەرەپ يۈرگەن ياكى يۈك ماشىنىسى، بىر دانە كىچىك ماشىنا سېتىۋېلىش تۇگۇل بۇ كەمگىچە ئېشەك هارۋامنىمۇ سېتىۋەتكەن بولاتتىم دەپ ئويلاپ قالىمەن. ئۆز ئالدىمغا ناۋات زاۋۇتى قۇرغانلىقىم ئۈچۈن، يېزىلىق هۆكۈمەتنىڭ، ناهىيىنىڭ رەهبەرلىرىمۇ ئىززەت - هۆرمەتىمنى قىلىدىغان بولۇشۇپ كەتتى. جاهان هازىر قانداق ئۆزگەردى - هە! بىر زامانلاردا قايسى ئائىلە نامرات بولسا، شۇ ئائىلە شەرەپلىك، رەهبەرلەر، مۇخبىرلار زىيارەت قىلىدىغان ئائىلە هېسابلىناتتى. مانا ئەمدىلىكتە قايسى ئائىلە روناق تاپسا، ئۇلار شۇ ئائىلىگە قىزىقىدىغان بولۇپ قالدى. مەھەللىدىكى مەكتەپنىڭ قورۇلۇشىغا بىر تۈمەن يۈەن ئىئانە قىلىپ قويۇۋېدىم، مەكتەپ بالىلىرى مېنى كۆرسىلا، قوللىرىنى بېشى ئۈستىگە ئېلىشىپ سالام قىلىشىدىغان بولدى...

مەن تۆۋەنكى قەۋەتكە چۈشۈپ ئايالىمدىن سورىدىم:

— هامىڭىز قاچان كەپتۇ؟

ئايالىم قاپقارا كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ سەل تۇرۇپ قالدى:

— بىر هەپتىچە بولدى.

— هازىر ئۇ كىمنىڭ ئۆيىدە تۇرىۋاتىدۇ؟

— ئالدىنقى كۈنى كۆكتېرەك يېزىسىغا يۇنۇس تاغاملارنىڭكىگە كەتكەن.

— مەن هاماچىڭىزنى ئالغىلى بارىمەن، ئۇنى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلىق قىلغاچ تۇرۇڭ.

ئايالىم بەجايىكى گېپىمنى چۈشەنمىگەندەك ماڭا هاڭۋېقىپ قاراپ قالدى.

مەن ئۆيدىن چىقىپ ئۇدۇل زاۋۇتقا

كەلدىم. شوپۇر پىكاپىمنى سۈرتۈپ ھەققىي قوڭغۇزنىڭ ئۆزىگىلا ئوخشىتىپ قويۇپتۇ. كاپىنكىنى ئېچىپ، ئىچىگە كىردىم. ياش شوپۇرمۇ چاققانلىق بىلەن چىقىپ رولغا يېپىشتى:

— چاڭجاڭ، قاياققا؟

— كۆكتېرەك يېزىسىغا ھەيدە.

شەھەرگە ئەمەس، يېزىغا ھەيدە دېگەنلىكىمنى ئاڭلاپ، شوپۇرنىڭ چىرايىدا كەيپسىزلىك ئەكس ئەتتى.

پىكاپ كۆكتېرەك يېزىسىغا بارىدىغان، شېغىل ياتقۇزۇلغان بولسىمۇ، لېكىن قارىماي چېچىلمىغان يولدا بوش سىلكىنىپ كېتىۋاتاتتى. قىزىق، مەن بىر ئازدىن كېيىن بىر چاغلاردا ماڭا قاتتىق ئاھانەت قىلىپ، ۋۇجۇدۇمغا خورلۇق تامغىسى باسقان ئاشۇ ئايال بىلەن ئۇچرىشىمەن. ئۇ مېنىڭ تۇرمۇشۇمنى ئۆزگەرتىۋەتكەنىدى. مەن ئۆزۈمنى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە تاشلاپ كۆزۈمنى يۇمدۇم. قۇلىقىمغا كەپتەرنىڭ قۇيرۇقىغا ئاسىدىغان ئىسقىرتمىنىڭ غۇڭۇلدىغانلىقى ئاڭلانغاندەك بولۇپ، خىيال ئېكرانىمدا بىر توپ كەپتەر ئۇچۇشقا باشلىدى...

مەن «مەمەت كەپتەرباز» نىڭ ئوغلى — «غېنى باچكا» ئىدىم. دادام كەپتەرباز ئىدى، ئانامنىڭ ئارزۇسىغا خىلاپ ھالدا مەنمۇ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدىلا ئاسمانغا قاراپ يۈرىدىغان بولدۇم. دادام مېنى ئەگەشتۈرۈپ خامانغا ئېلىپ باراتتى، خاماندا دانلاپ يۈرگەن كەپتەرلەرنى كۆرگەن ھامان مېنى بىر تەرەپكە مۆكتۈرۈپ قويۇپ، كەپتەرلەر دانلاپ كېتىۋاتقان تەرەپكە بېرىپ، قىسماق قۇراتتى، ئاندىن ئەتراپىغا بىر سىقىم دان چېچىپ قويۇپ، مېنىڭ يېنىمغا كېلەتتى. كەپتەرلەر دانلاپ قىسماققا يېقىنلاشقاندا، ھاياجاندىن يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سوقۇپ كېتەتتى، «پاراس» قىلىپ توپا كۆتۈرۈلگەن ھامان كەپتەرلەر ئاسمانغا كۆتۈرۈلەتتى ـ دە، دادام ئۇچقاندەك بېرىپ كەپتەرنى قىسماقتىن ئاجرىتىۋالاتتى.

مەن ھەمىشە كەپتەربازلارغا ئەگەشىپ يۈرگەچكە، چوڭ كەپتەربازلار مېنى ئۆز تىلى بويىچە «باچكا» دەپ ئاتىشاتتى. كېيىنچە تەڭ دېمەتلىكلىرىممۇ شۇنداق ئاتىشىدىغان بولدى. دادام قازا قىلغاندىن كېيىن مەن ئۇنىڭ بىر قوتان كەپتەرلىرىگە ۋە ئۆمرىنى بەخش ئەتكەن ھەۋەسكە ۋارىسلىق قىلدىم.

ھاياتىمدا نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئۆي ـ ئوچاقلىق بولدۇم، ئايالىم بىر ئوغۇل، بىر قىزمۇ تۇغۇپ بەردى. لېكىن مېنىڭ كەپتەرگە بولغان ھەۋىسىم ئۆزگەرمەدى. يەرنى ھۆددىگە بېرىپ كىشىلەر ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي ئىشلەپ كەتكەن چاغلاردىمۇ، خۇشۇم تۇتسا يەرگە ئانچە ـ مۇنچە ئىشلەپ قويغاندىن باشقا چاغلاردا كۈنۈمنى ئۆگزە بىلەن كەپتەرخانا، ئۆز ئۆيۈم بىلەن كەپتەربازلارنىڭ ئۆيى ئارىلىقىدا ئۆتكۈزدۈم. ئاسماندا غۇڭۇلدىغان ئاۋازنى ئاڭلىسام، ئەچىۋاتقان چېيىمنى توككىدە قويۇپ، يۈگۈرۈپ چىقىپ كەپتەرلەرنى ئۇچۇراتتىم. باشقىلارنىڭ كەپتەرلىرى كەپتەرلىرىمگە «گىرە قوشۇلۇپ» ئۆگزەمگە چۈشۈپ قالسا، بالىلىق چاغلىرىمدا دادام بىلەن بىللە خامانغا بارغان ۋاقىتتىكىدەك خۇشال بولۇپ كېتەتتىم.

يەرنى ھۆددىگە بېرىپ ئۈچ يىل ئۆتۈپ كەتتى. مەھەللىدىمۇ «ئون مىڭ

يۈەنلىك ئائىلىلەر» پەيدا بولۇشقا باشلىدى. بىراق مېنىڭ كۆڭلۈم يەنىلا گۇگۇشۇپ ۋاقتىدىكىدەك ئۆتىۋاتاتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئايالىم ماڭا:

ــ ئۈرۈمچىدىن ھامماچام كەپتۇ. كىچىك ۋاقتىمدا ئۇنىڭ يېنىدا بىر مەزگىل تۇرغانتىم. شۇ تاپتا ئۆيگە چاقىرىۋالايلى دېسەم، تۈزۈك بىر نەرسە يوق، قانداق قىلارمىز؟ ــ دەپ قالدى.

مەن بىر پەس ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن:

ــ يەكشەنبە كۈنى بازاردىن ئەكەلگەن ھېلىقى موللاقچىنى رۇسۇلغا ساتسام بولغۇدەك، ــ دېدىم.

ــ ۋىيەي، بىر كەپتەرنى قانچە پۇلغا ئالاتتى؟ ــ دېدى ئايالىم ئۈمىدسىزلىنىپ.

ــ بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ ئۇ دېگەن قوش پۇپەك، قوش پايپاق موللاقچى، مەن ئۇنى يىگىرمە بەش كويغا سېتىۋالغان.

مەن كەپتەرنى تۇتۇپ رۇسۇلنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ باردىم. رۇسۇل ئەمدىلا ئون ئۈچ ياشقا كىرگەن بالا ئىدى.

ــ تۈنۈگۈن تالاشسام ساتمىدىڭىز، ئەھۋالغا قارىغاندا، سىزگە جىددىي پۇل لازىم بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ. ھىم، ئەمدى ئون بەشكە بەرسىڭىز ئېلىپ قوياي.

ــ بۇ نېمە دېگىنىڭ، ئۇ كام؟ يەكشەنبە كۈنى ئۇنى يىگىرمە بەش كويغا ئالغاندا، سەنمۇ ئۇ يەردە بار تۇرساڭ! ئىز پۇلغا ئالغىن.

ــ ياق، بەرسىڭىز ئون بەش كويغا بېرىڭ، بولمىسا ئالمايمەن، ــ رۇسۇل شۇنداق دەپ، باشقا تەرەپكە قارىغان بولۇپ تۇرىۋالدى. ئەمما كۆزىنىڭ قۇيرۇقى يەنىلا قولۇمدىكى كەپتەردە ئىدى.

قاراڭ، مۇنۇ سېرىق تۈكنىڭ مېنى كوملايمەن دەۋاتقىنىنى! مەن ئۇنى دامىمغا چۈشۈرمەكچى بولۇپ:

ــ چاقچاق قىلىپ قويدۇم، بۇنى ساڭا ساتقىلى ئەمەس، مۇسائەرلاگىنىڭ كۆك موللاقچىسىغا تېگىشكىلى ئېلىپ ماڭدىم. جۆرە، كەپتىرىنى كۆرگەچ بىللە بېرىپ كېلىمىز، ــ دېدىم.

رۇسۇل ئەمدى مەيۈسلەنگەن ھالدا قولۇمدىكى كەپتەرگە قارىدى:

ــ ئۇنىڭغا تېگىشۋەتكىچە، ماڭا سېتىڭا!

ــ ياق، ساتمايمەن، جۆرە...

ــ ماقۇل دەڭا، مېنىڭ موللاقچىم يوقلىقىنى ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىزغۇ؟! ــ ئۇ بىر پەس بېشىنى قاشلاپ تۇرۇپ، ــ بوپتۇ، ئوتتۇز كوي بېرەي، ــ دېدى.

مەن ئىككىلەنگەن بولۇپ تۇرىۋالدىم.

ــ مانا پۇلنى نەقلا بېرىمەن، ــ ئۇ شۇنداق دەپ، قويۇن يانچۇقىدىن پۇلنى چىقىرىپ ماڭا تەڭلىدى.

مەن خۇشياقمىغاندەك قىلىپ ئۇنىڭ قولىدىن پۇلنى ئالدىم. رۇسۇل كەپتەرنى ئېلىپ، دەرۋازىسى تەرەپكە ماڭدى.

ــ توختا، مە، بۇ بەش كويۇڭنى ئال، بۇنىڭغا يەنە ئىككى كوي قوشساڭ ھېلىقى كۆك موللاقچىنى سېتىۋالالايسەن.

رۇسۇل پۇلنى ئېلىپ، بېشىنى تاتىلىغىنىچە تۇرۇپ قالدى. مەن كۈلۈپ قويۇپ يۈرۈپ كەتتىم. ئارقامدىن ئۇنىڭ «ھۇ باچكا» دەپ تىللىغانلىقى ئاڭلاندى.

مەن بىر كىلو گۆش، بىر جىڭ ناۋات ئېلىپ ئۆيگە يېتىپ كەلدىم. ئايالىمۇ چوڭ ئۆيدىن قايتىپ كېلىپ، مېنى كۈتۈپ ئولتۇ- رۇپتۇ.

— هامىمام سەل تۇرۇپ سىڭلىم بىلەن بىللە كېلىدىغان بولدى، — دېدى ئۇ.

مەن ئايالىمنىڭ هاماچىسىنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم. ئايالىم ئۇنى چۆچۈرىگە ئامراق دەپ، چۆچۈرىگە تۇتۇش قىلىغانىدى.

ئالاھەزەل بىر سائەتتىن كېيىن هويلىدا پاراڭ ئاڭلىنىپ، ئۆيگە قانىس هەيۋەتلىك بىر ئايال كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ قۇلاقلىرى، بىلەكلىرىدىكى ئالتۇن جابدۇقلىرى ۋاللىداپ تۇراتتى، ئۇستىبېشى شۇنچىلىك ئېسىل ئىدىكى، مەن ئەيمەنگەن هالدا ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭغا سالام قىلدىم. كۈتمىگەندە ئۇ ئايال ئۆيگە كىرىپلا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالدى.

ئۇنىڭ كۆزلىرى بىر كۈلۈك، تۆت بولۇڭدىن باشقا هېچنېمىسى يوق ئۆيىمىزنى كۆزىتىپ چىققاندىن كېيىن، ماڭا، ئاندىن ئايالىمغا يۈزلەندى. ئۇ ئېتىلىپ بېرىپ، ئايالىمنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتى:

— ۋاي بىچارە قىزىمەي! ئىلگىرى يېنىمدا بىر ئوبدان تۇرىۋاتساڭ، ئاپاڭ دېگەن دۆۋەڭ چىدىمايدىكەنمەن دەپ، ئېلىپ كەتكەنىدى. ئەمدىلىكتە ماۋۇ دىۋانە سىڭىر كۆك پاقا بىلەن ئۆلمەي تۇرۇپىلا، دوزاختا ياشاۋې- تىپسەنغۇ؟! سېنى مۇشۇنداق ئەرگە چېتىپ قويغان ئاتاڭمۇ، ئاناڭمۇ لەنەت!

ئايالىمنىڭ هاماچىسى يىغىدىن توختاپ، قېيىن سىڭلىمغا: «جۇر كېتىمىز» دەپلا، ئىشىك تەرەپكە ماڭدى. گاڭگىراپ قالغان ئايالىم ئالمان - تالمان ئۇنىڭ پېشىغا ئېسىلدى:

— ئۆتۈنۈپ قالاي هاماما، ئۇنداق قىلمىسىلا!

— بولدى قىزىم، ئۆيۈڭگە كىرىپلا چوغ يۈتىۋالغاندەك بولدۇم، — هامىسى جېنىن قىزىنىڭ قولىدىن پېشىنى ئاجرىتىۋېلىپ، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

مەن تۇرغان ئورنۇمدا بۇتتەك قېتىپ تۇراتتىم. بىر هازادىن كېيىن ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ، چۆچۈرە تىزىلغان ئەمبەلنى ئېلىپ، تالاغا پىرقىرىتىپ ئاتتىم. چۆچۈرە هويلىنى بىر ئالدى.

شۇ كۈنى ئەر - ئايال ئىككىلىمىز ئۇخلىمىدۇق. مەن ئۇزۇلدۇرمەي تاماكا چېكەتتىم، ئايالىم كاڭىنىڭ لېۋىدە قىمىر قىلماي ئولتۇراتتى. بىر چاغدا توخۇ چىللىدى. مەن ئىرغىپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ، پروژېكتورنى ئېلىپ، تاشقىرىغا ماڭدىم.

مەن كەپتەرلەرنىڭ هەممىسنى سېتىۋېتىش، ئىشلەش، پۇل تېپىش، ئار - نومۇسۇمنى ئاقلاش نىيىتىگە كەلگەنىدىم...

بىردىن ماشىنىنىڭ توختىشى خىيالىمنى بۆلىۋەتتى، قارىسام كۆكتېرەك يېزىسىغا كېلىپ قاپتۇق.

— كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، ئوڭغا بۇرۇلغىن، — دېدىم مەن شوپۇرغا.

ماشىنا تېرەكلىك يولدا كېتىۋاتقىنىدا ئالدى تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئىككى ئايالغا كۆزۈم چۈشتى. دەل شۇ! يەتتە يىل ئىلگىرى كۆرگەن ئۇ ئايالنى بىرلا قاراپ تونۇۋالدىم.

مەسئۇل مۇهەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېهىم

زۆھرە ئابدۇۋايىت

# تۇغۇلغان كۈن

(ھېكايە)

نەچچە كۈندىن بېرى توختىماي ياغقان يامغۇر كوچىلاردا ئېرىقچىلارنى پەيدا قىلىپ ئاقماقتا. قەدىمىمنى ھەر بىر ئالغىنىمدا ئايىغىم يەردىن ئېغىر پاتقاقنى يۇلۇپ چىقىدۇ. يامغۇردىن قېچىپ ئۆيلىرىگە تىقىلىشۋالغان كىشىلەر ئۆگزىسىدىن ئۆتۈۋاتقان تامچىلارغا قاراپ ئولتۇرۇشۇپ، ئېتىزدىكى زىرائەتلىرىنىڭ غېمىنى يېيىشمەكتە.

— ئۇۋال بولدى، دېھقانغا ئۇۋال بولدى. ئالدى چەشلىنىپ خامانغا دۆۋىلەنگەن، كەينى ئورۇلۇپ بولغان بۇغدايلار يامغۇردا قېلىپ، ئۈندۈرمە بولۇپ كەتتى.

كېرىمكامنىڭ قىشتا يوچۇقلىرىغا كېگىز مىخلىنىپ تېخىچە ئېلىۋېتىلمىگەن ئىشىكىنى ئېچىپ كىرىپ تۇنجى ئاڭلىغان گېپىم شۇ بولدى. بىكارچىلىقتا زېرىكىپ يىغىلىپ قارت ئويناۋاتقان مۇشۇ مەھەللىلىك بىر نەچچە دېھقان مېنى كۆرۈپ ئورۇنلىرىدىن قىمىرلىشىپ تۆردىن ئورۇن كۆرسەتتى. ئۆگزىنىڭ بىر نەچچە يېرىدىن تامچە ئۆتۈۋاتقان بولۇپ، تامچە سۈيى داس، جاۋۇرلارغا رىتىملىق چۈشۈۋاتاتتى. مەن سۈپىنىڭ لېۋىگىلا ئولتۇرۇپ كىرىش مۇددىئايىمنى ئېيتتىم.

— ئۈرۈمچىگە ماڭماقچىمىدىڭىز، بالام، گەپ بولمامدىغان، بىچارە بالام ياقا يۇرتتا مۇساپىر بولۇپ ئوقۇۋاتىدۇ. ئۇ يەردە يا بىرەر ئۇرۇق-تۇغقىنىمىز بولمىسا، ئازراق نان-پان دېگەندەك بىر نەرسىلەرنى ئالغاچ كەتسىڭىز، — دېدى گېپىم ئاخىرلاشمايلا ھۆل ئوتۇننى تۇتاشتۇرالماي پۈۋلەپ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كېتىۋاتقان خەلچەم ھەدەم قېقىلىپ يۆتىلىپ تۇرۇپ.

ئوچاقتىكى ھۆل ئۆرۈك ئوتۇنى پىسىلداپ بىردەم كۆيەتتى-دە، ئۆچەتتى. خەلچەم ھەدەم قەغەزگە ئوت تۇتاشتۇرۇپ ئاستىغا تىقىپ پۈۋلەشكە باشلايتتى. بۇ مەنزىرە ئادەمدە ئېچىنىش ئارىلاش ئىچ پۇشۇقى پەيدا قىلاتتى.

مەن كېرىمكامنىڭ ئوغلى ۋەلى بىلەن دېمەتلىك. ئائىلە قىيىنچىلىقى تۈپەيلى مەن تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپلا ئائىلىگە قايتتىم. كېرىمكام بولسا ۋەلىنى «كەتمەن سېپى تۇتقۇزمايمەن» دەپ ئاخىرغىچە ئوقۇتتى. ئۇ ھازىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى. مەن بولسام يېزىمىزدىكىلەر ھەۋەس بىلەن سۆزلەيدىغان پۇلنى-پۇلغا ئۇرىۋاتقان

سودىگەر. بۇنداق كىچىك يېزىدا ئازراق ئۇقەت قىلىپ پۇل تېپىش كىشىلەرگە شۇنداق بىلىنسە كېرەك.

مەن ئۇرۇمچىگە نۇرغۇن كەلگەچكە ۋەلىنىڭ ياتىقىنى ئېنىق بىلەتتىم. ياتاقدىشى بۇرۇتلۇق بالا ئۇنىڭ سىرتقا چىقىپ كەتكەنلىكىنى، ھېلىغىچە كېلىپ قېلىش ئېھتىمالى بارلىقىنى ئېيتتى. مەن ياتاقتا ساقلاشقا باشلىدىم.

— ئەجەب ياخشى كۈندە كەپسەن ئاداش، جۇرە، سېنى بىر ئوينىتىپ كېلەي، — ۋەلىنىڭ ئىشىكتىن كىرىپ قول ئېلىشىپ تۇرۇپ ئەھۋال سورىغان تۇنجى سۆزى شۇ بولدى.

ئۇ مېنى تورۇسلىرى ئاسما چىراغلار بىلەن بېزەلگەن، ئۇدۇل تېمىغا كافېي رەڭ ئەينەك ئورنىتىلغان بىر زالغا ئېلىپ كىردى. زالدا بىر نەچچە قىز-ئوغۇل يۇمىلاق شىرەلەرنى چۆرىدىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بۇگۇن ئۇنىڭ يۇرگەن قىزىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىكەن. شۇڭا، بۇ كۈننى خاتىرىلەش ئۈچۈن بۇ ئولتۇرۇشنى ئۇيۇشتۇرۇپ بېرىپتۇ.

بىر دەمدە تۆت شىرە قىز-ئوغۇللار بىلەن لىق تولۇپ، قىيا-چىيا ئىچىدە يەپ-ئىچىش باشلاندى. مەن بۇ زىيالىيلارنىڭ قىلىقلىرىغا ھەيران قالدىم. ئادەتتە بىزنىڭ يېزىلىق چالا ساۋات ئاغىنىلەر بىرگە ئولتۇرغان مەشرەپلەردىمۇ بۇنداق قىلىقسىزلىشىپ كەتمەيتتۇق. مەن يېنىمدا ئولتۇرغان يىگىتتىن بۇ ئولتۇرۇشنىڭ بارلىق چىقىمىنى ۋەلىنىڭ كۆتۈرگىنىنى ئاڭلىدىم. ئاڭلىدىمدە، ئاغزىمغا سالغان بىر چوكا سەي گېلىمدىن ئۆتمىدى. بۇنداق مول داستىخاننى، بۇنداق خىلمۇ خىل قورۇملارنى بىزنىڭ يېزىدىكى كەمبەغەل دېھقانلار چۈشەپ قالسىمۇ ئەتىسى ھۇزۇر بىلەن سۆزلەپ ئاغزىنى تامشىشار. لېكىن، بۇنى بىزنىڭ يېزىدا چوڭ بولغان بىر بالا ئۆز پۇلىغا تەييارلاتقۇزغان. شۇ چاغ ئۆتكەندە خەلچەم ھەدەمنىڭ ئاپامغا يىغلاپ تۇرۇپ، قەشقەردىكى دادىسىنىڭ تۈگەپ كەتكەنلىك خەۋىرى چىققانلىقىنى، بىراق تېخىچە يۇرتقا داستىخان سېلىپ نەزىر قىلالمايۋاتقانلىقىنى، ۋەلىنىڭ ئوقۇشى پۈتسە ۋاقىت ئۈزۈراپ كەتسىمۇ شۇ چاغدا دادىسىنىڭ نەزىرىنى قىلىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىۋاتقىنى ئېسىمگە كەلدى. خەلچەم ھەدەمنىڭ كۆز يېشى ئالدىمدىكى قورۇملارغا تۆكۈلۈۋاتقاندەك گېلىم غىققىدە بولدى. شۇ چاغدا مەن بۇ «بەختلىك» قىزغا قارىدىم. ئۇ ئالما ئۇرۇقى رەڭلىك رەختتىن چاققانغىنا كۆڭلەك كىيىۋالغان بولۇپ، قىسقا بۇدۇر چاچلىرى كۆپۈپ تۇراتتى. بۇ قىز شۇنچە چىرايلىقلىقىغا باقماي كۆزۈمگە سەت كۆرۈندى. كۆز ئالدىمدىكى ئۇنىڭ تەبەسسۇم قاپلىغان چىرايىنى خەلچەم ھەدەمنىڭ خىيالىمدىكى بىچارە تۇرقى توسۇۋالاتتى.

— قېنى، ئېلىڭ!


چۆچۈپ بېشىمنى كۆتۈرۈپ «بەختلىك» قىزنىڭ كېسىلگەن تورت پارچىسىنى كىچىك تەخسىگە ئېلىپ ماڭا سۇنۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئەدەب يۈزىسىدىن كۈلۈپ تۇرۇپ ئالدىم. بىراق، ئۆزۈممۇ سەزدىمكى، بۇ كۈلكەم بەكمۇ ساختا ئىدى.

مەن ۋەلىگە قارىدىم. ئۇ قىزنىڭ يېنىدا

(ئاخىرى 44 ـ بەتتە)

ئابدۇللا ساۋۇت

# قىسمەت



(پوۋېست)

كۈن غەربكە قىيسايغانىدى. سودا ـ سېتىقلىرىنى تۈگەتكەن دېھقانلار ۋە كاسىپ ـ ھۈنەرۋەنلەر ئات، ئېشەكلەرگە مىنگەن، ھارۋىلارغا ئولتۇرغان ھالدا بازاردىن ياندىقتا ئىدى.

سۇلايمان بازار كوچىلىرىنى بىر خىل ئۈمىد، ئىنتىزارلىق بىلەن ئايلىنىپ، يۈرۈپ دەك ئالدىغا كەلگەندە ئىختىيارسىز توختاپ قالدى. كۆكتات، قوغۇن ۋە ئاللىنېمىلەر قاچىلانغان ئىككى دانە ئېغىر سومكىنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇرۇپ دەك دەرۋازىسىغا قاراۋاتقان تولغۇنايىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ پەرىشانلىقى بىردىنلا غايىب بولدى ـ دە، بىر يېسىپ، ئىككى بېسىپ تولغۇنايىنىڭ قېشىغا كەلدى.

— تولغۇناي... — سۇلايماننىڭ ئاۋازى بوش ھەم تىترەڭگۈ بىر ئاھاڭدا چىقتى، — تۇرۇپ قاپسەنغۇ بۇ يەردە؟

— ۋىيەي، — تولغۇناي چۆچۈپ سۇلايمان تەرەپكە ئۆرۈلدى. ئاپئاق يۈزلىرىگە سۇس قىزىللىق يامرىدى. لەۋلىرى ئۆمچىيىپ ئىتتىك يەرگە قارىۋالدى، — بازارغا كەپمىدىڭ؟ ئەجەب... ئەتىگەندىن بېرى كۆرمەپتىمىنا؟

— مەنمۇ سېنى كۆپ ئىزدىدىم.

دەل شۇ پەيتتە تولغۇنايىنىڭ ئانىسى مارىيە دەڭدىن ئېشەك ھارۋىسىنى يېتىلەپ چىقتى.

سۇلايمان ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ بېشىنى سەل ئەگدى:

— قانداق ئەھۋاللىرى، مارىخاچا؟

— خۇداغا شۈكرى، ئوغلۇم، ھە، ئۇزۇن بولدى



كۆرۈنمىدىڭ، بىزنى يوقلاپ قويايمۇ دېمىدىڭ، ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ يا؟

— ئۇنتۇپ قالامدىغان، شۇ... شۇ ئىش بىلەن بولۇپ...

مارىيە ئۆي تەرەپكە سۆرەۋاتقان ئېشەكنىڭ چۇلۋۇرىنى چىڭ تارتىپ تۇراتتى. تولغىناي سومكىلارنى هارۋىغا سېلىپ ئۆزىمۇ چىقىپ ئولتۇردى. سۇلايمان ئۇنىڭ هارۋىدىن ساڭگىلاپ تۇرغان پاقالچاقلىرىدىكى نېپىز، ئەترەك پايپاققا لەپپىدە كۆز تاشلىدى ـ دە، سەل دېدىللەشتى:

— نەچچە قېتىم باراي دېدىم، ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىنى تۈگىتىپ بولالماي...

— هارۋىغا چىقە، بىللە كېتىمىز، — مارىيە كۈلۈمسىرەپ تەكلىپ قىلدى. سۇلايمان تارتىنىپ تۇرۇپ قالدى. مارىيە يەنە دېدى، — پىيادە مېڭىپ قاچاندا بارىسەن ئۆيۈڭگە، چىق.

سۇلايمانمۇ، مارىيەمۇ هارۋىغا ئولتۇرۇشتى. شاش ئېشەك يولدىكى هارۋا، ئېشەك، پىيادىلەرنى يانداپ ئۆتۈپ چېپىشقا باشلىدى. سۇلايمان بىلەن تولغىناي هارۋىنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىر ـ بىرىگە كەينىنى قىلىپ ئولتۇرۇشاتتى:

— داۋالىنىپ تۇردۇڭمۇ، يا پەقەتلا تاشلىۋەتتىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى مارىيە.

بۇ گەپ سۇلايماننى مەڭدىتىپ قويدى. يۈرىكىدە ئۇنتۇلغان ھەسرەتلەر قايتا قوزغالدى. بۇنىڭسىزمۇ ئۇنىڭ ھەسرىتى ئازمىدى؟ بىراق مارىيەنى ئەيىبلەشكە بولمايتتى. كۆيۈنۈپ، ھېسداشلىق قىلىپ دېدى. ئەمما، سۇلايمان ئاشۇ ئىككى ئېغىز سۆزنى ئاڭلاش بىلەن تەڭ ئۇجۇقۇپ كەتتى. ئۆزىنى هارۋا ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى بىر پارچە يالقۇن ـ ئوت ئۈستىدە ئولتۇرغاندەك ھېس قىلىپ ئازابلاندى. مارىيە سۇلايماننىڭ لام ـ جىم دېمەي ئولتۇرغىنىدىن گېپىم كۆڭلىگە تەگدىمۇ بىچارىنىڭ، دەپ ئويلاپ خىجىل بولدى ۋە يول بويى ئېغىز ئاچمىدى. چاپقۇر ئېشەك ھەش ـ پەش دېگۈچە يول ئايرىلىشقا كېلىپ قالدى. مارىيە چۇلۋۇرنى تارتىپ ئېشەكنى توختاتتى. سۇلايمان هارۋىدىن چۈشتى.

— ئىش دېگەن ئۈلگەندە تۈگەيدۇ، ئوغلۇم. بىزنى تاشلىما، يوقلاپ تۇرغىن. بىزنىڭمۇ سەندىن باشقا نېمىمىز بار؟ يەنە بىر گەپ داۋالىنىشنى توختىتىپ قويما، — مارىيە ئېشەكنىڭ چۇلۋۇرىنى تارتىپ تۇرۇپ قوشۇپ قويدى، — ھە راست، تولغىناي ساڭا ئاتاپ كۆڭلەك تىككەنىدى، پۈتكىلى نەۋاق، ئەتە يا ئۆگۈنلا بارغىن.

سۇلايمان بېشىنى يېنىككىنە لىڭشىتتى. هارۋا ئۇزاپ كېتىۋاتاتتى. تولغىناي بىر نەچچە قېتىم ئارقىسىغا قاراپ قويدى. ئاھ تولغىناي، — سۇلايمان ئىچىدە نالە قىلدى، — بارغانسېرى چىرايلىقلىشىپ كېتىپسەن، ئەتتەڭ... بۈگۈن بازاردا تېپىشقان بولساق ئاناڭ بىلەن سېنى ئاشخانىغا باشلاپ ئوبدان بىر مېھمان قىلارئىدىم، ئەجەبمۇ... سۇلايمان يولغا كۆز تاشلىدى. ئالدىراش كېتىۋاتقان توپ ـ توپ بازارچىلار ئارىسىدا مارىيە بىلەن تولغىناي كۆرۈنمەي قالدى. پەقەت سۇلايماننىڭ كۆز ئالدىدا تولغىنايىنىڭ كۈلۈمسىرەپ باققان كۆزلىرىلا روشەن گەۋدىلىنىپ تۇراتتى. مارىيەنىڭ قىزغىن مۇئامىلىسى، يېقىملىق سۆزلىرى، تەكلىپلىرىچۇ؟ توغرا، مارىيە ئۇنى ئۆز ئوغلىدەك كۆرىدۇ. ھەر قېتىم بارغىنىدا پايپېتەك بولۇپ قىلمىغىنى

قـالمايدۇ. بىراق، ئۇنىڭ ئوغلۇم، داۋالاندىڭمۇ؟ دوختۇرلار نېمە دەيدۇ؟ سەن ياش، ئۆسۈۋاتقان نـوتـا، ئۆزۈڭنى تاشلىۋەتمە. دوختۇرلار غىمۇ، تېۋىپلار غىمۇ كۆرۈنۈپ باق، دەيدىغان گەپلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا خۇددى كېسىلىك تۇرسا، نېمە ئامال، تولغىنايىنى ساقا بېرەلمەيمەن، دەۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. بۇ گۇنمۇ مارىيە ئاشۇ گېپىنى تەكرارلاپ سۇلايماننىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىپ قويدى.

كـەنـت يـولىدا، ئېرىق ئىچىدىكى قۇمدا، ئىشىك ئالدىلىرىدا ئويناۋاتقان ئۇششاق بالىلار سۇلايماننى كۆرۈپلا:

سۇلايمان پېسى،
بازارغا بېرىپ،
كەمپۇتنى ئېلىپ،
يانچۇققا سېلىپ،
كەلدى چاربىاغقا.
ئاشنىسى بىلەن،
كەتتى قىشلاققا.

دەپ چـۇرقـىـراشـقـىـنـچە ئۆيلىرىگە، مەھەللە ئارىلىقىدىكى تار چۇق يوللارغا قاراپ قېچىشتى. سۇلايمان بالىلاردىن ئەمەس، ئاشۇ قوشاقنى توقۇغان ۋە بالىلارغا ئۆگەتكەن كىمنىسادىن ئاغرىـنـاتـتـى. يـىراقـتـىـن بالىلارنىڭ بايىقى قوشىقى يەنە ئاڭلاندى. سۇلايمان ئىنتايىن چۈشكۈن، روھسىز هالدا ئۆيىگە كەلدى. جاڭگالدا ئوتلاۋاتقان ئېشىكنى هەيدەپ كېلىپ ئېغىلغا سولىدى. ئـىش تـۈگـىـدى. قـور سـىـقـىـنى بازاردا تويغۇزغانىدى. سىرتقا چىقىپ ئىشىك ئالدىدىكى چىم ئۈستىدە ئولتۇردى.

مـۇشـۇ كـۈنـلـەردە كۈندۈزى هاۋا ئوتتەك قىزىپ كېتەتتى. دېمىق هاۋا نەپەسنى قىسىپ ئادەمـنـى هالـسـىـرىـتـاتـتـى. شام ياكى خۇپتەندىن كېيىن هاۋا بىراقلا سوۋۇپ سالقىنلىشاتتى. سـۇلايـمان تەبىئەتنىڭ بۇ جىمجىت قۇچىقىدا ئولتۇرۇپ سالقىن هاۋادىن هۇزۇر ئالدى. نەم يەرـ دىـن كـو كـاتلارنـىـڭ پـۇرىـقـى تارقىلاتتى. سازلىقتىن پاقىلارنىڭ كۇر كىرىغىنى، قىشلاقنىڭ ئايـىغىدىكى جاڭگالدىن چېكەتكە، تومۇزغىلارنىڭ چىرىلداشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قىشلاققا ئادەتتە كىشىلەر كەمدىن ـ كەم كېلەتتى. سۇلايماندىن باشقا هەر قانداق ئادەم بۇ يەردە بىر كۈنمۇ تـۇرمـايـتـتـى. قـىشلاق شـۇنـچىلىك چۆل، قورقۇنچلۇق ئىدىكى، پەقەت سۇلايمانلا بۇ يەرنىڭ ۋەهـمـىـلىـك سۈكۈتلىرىگە، زېرىكىشلىك جىمجىتلىقلىرىغا كۆنۈپ كەتكەنىدى. گەرچە ئاي چـىـقـىـپ، يـۇلـتـۇزلار جـىـمىرلاپ، ئۇلۇغ تەبىئەت قۇچىقى سۈتتەك نۇرغا چۆمۈلگەن بولسىمۇ قـىـشلاقـنـىـڭ كېچىسى هامان سۈرلۈك، غەمكىن، مۇڭلۇق ئىدى. ئەگەر پاقىلار كۇر كىراپ، چېـ كـەتـكـىـلـەر چـىـرىـلـداپ تۇرمىغان بولسا قىشلاقتا هاياتلىق يوقتەك، هەممە نەرسە ئۆلگەندەك تـۇيـۇلـغـان بولاتتى. مانا مۇشۇ زېمىندا سۇلايمان يەككە ـ يېگانە ياشايتتى. سۇلايمان ئۆچۈن بۇـ گـۇنكى كېچە تېخىمۇ مۇڭلۇق، تەشۋىشلىك بىلىنەتتى. ئۇنى مۇڭ دەك باستى. كۆزلىرى قاتتىق

قادىلىپ ئېچىشىشقا باشلىۋېدى، ئۆيگە كىرىپ ياتتى. لېكىن، ياستۇققا بېشىنى قويۇش بىلەنلا ئۇيقۇسى قېچىپ كەتتى. كاللىسىغا مارىيەنىڭ قىلغان گەپلىرى كىرىۋالدى. رۇستەممۇ شۇنىڭغا ئوخشاشراق بىر گەپنى قىلغانىدى: «بۇنداق يۈرۈۋەرمە، داۋالانغىن، ئۆزۈڭنى تاشلىۋەتمە. دوختۇرغا، تېۋىپقا كۆرۈن. دورا يە، ھەر ھالدا پايدىسى بولىدۇ. جاھىللىق قىلساڭ... ھازىرغۇ ھېچگەپ يوق، كېيىنچە بىرەر قىزغا كۆزۈڭ چۈشۈپ قالار، لايىق ئىزدىگۈڭ كېلەر. ئەنە شۇ چاغدا قىزلار سەندىن قاچىدۇ. سەن قوغلىساڭمۇ... ئۇلار سېنىڭ كېسىلىڭنى كۆرسىلا...» بۇ رۇستەمنىڭ ئورمىغا چۈشۈشتىن ئىلگىرى دېگەن گېپى. گويا مارىيە بىلەن رۇستەم تىلنى بىر قىلىۋالغاندەك ھە دېسىلا سۇلايماننى داۋالىنىشقا ئۈندەيتتى. ئورما تۈگىدى. ئېگىز ئورنىدىكى قوناقلار ئۆسۈپ بىر غېرىچ بولدى. سۇلايمان تېخىچە دوختۇرخانىغا بارمىدى، يا تېۋىپقا كۆرۈنمىدى. مانا بارىمەن، ئەنە بارىمەن دەپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئۇ نېمىشقىدۇر داۋالىنىشنى ئارقىغا سوزۇپ كېلىۋاتاتتى. بىراق، رۇستەمنىڭ ئاشۇ گېپى ھەر كۈنى، ھەر سائەت يۈرىكىنى تۈز قويغاندەك ئېچىشتۇراتتى. ئۆزى ئۆزۈندىن بېرى ھېس قىلغان ۋە شۇنداق بولۇشىغا ئىشەنگەن، ئەمما ئاغزىدىن چىقىرىشقا پېتىنالماي يۈرگەن بىر ھەقىقەتنى دوستى رۇستەم ئوچۇق كۆڭۈللۈك ھەم رەھىمسىزلىك بىلەن ئاشكارىلىغانىدى. سۇلايمان بۇ ھەقىقەتنى شەكسىز ئېتىراپ قىلاتتى. 23 ياشقا كىرگەن سۇلايمان تېخىچە بىرەر ئايالغا، بىرەر قىزغا يۈز تۇرانە گەپ قىلىپ باققىنى يوق. تولغىناي بىلەن كىچىكىدە قوغلىشىپ، چاقچاقلىشىپ ئوينىغان بولسىمۇ، چوڭ بولغاندىن كېيىن ئوتتۇرىغا قانداقتۇر بىر توساق پەيدا بولغانىدى. شۇ سەۋەبلىك ئۇنىڭغا ئەسلا گەپ قىلالمايتتى. ئۇنىڭ بىلەن تەڭ دېمەتلىك يىگىتلەر ئاللىبۇرۇن توي قىلدى، بالىلىقمۇ بولۇشتى. سۇلايمان بويتاق ياشاۋەردى. ئۇنىڭ ھالىغا يېتىدىغان، غېمىنى يەيدىغان كىم بار؟ دوستى رۇستەم بار، بىراق ئۇمۇ سۇلايمانغا ئوخشاش يېتىم. سۇلايمان قىشلاقنىڭ خۇددى بۈگۈنكىدەك سۈرلۈك، غەمكىن ئاخشاملىرىدا قىز، ئاياللار توغرىسىدا خىيال سۈرەتتى. بۇ خىياللارنىڭ بەزىلىرى تولىمۇ شېرىن، لەززەتلىك، بەزىلىرى تولىمۇ ئاچچىق، ئازابلىق ئىدى. بۇ خىياللارنىڭ ئاخىرى تولغىنايغا كېلىپ توختايتتى. مۇبادا مارىيە بىلەن رۇستەم ئۇنىڭ كېسىلى بارلىقىنى، داۋالىنىشى كېرەكلىكىنى پات-پات ئېسىگە سېلىپ تۇرمىغان بولسا ئۇ يەنە قاچانغىچە شېرىن خىياللارغا ئەسىر بولۇپ، قۇرۇق، بىھۇدە، ئەخمىقانە خىياللار بىلەن ئۆزىنى ئۇمىدلەندۈرۈپ يۈرەر ئىدىكىن؟! ئەگەر بىر پۇرسەت كېلىپ تولغىنايغا قەلبىنى ئىزھار قىلسا، تولغىناي ئۇنىڭ ئېڭەك، پېشانىلىرىدىكى يىرگىنچلىك كېسەل ئىزنالىرىنى كۆرۈپلا جىم بولىۋالسا، گەپ قىلماي يەرگە قاراپ تۇرىۋالسا، قانداق قىلغۇلۇق؟ سۇلايمان بۇ ھەقتە نېمە ئۈچۈن رۇستەمگە بالدۇرراق ئېيتمىدى؟ جانجان دوستىدىن سىر يوشۇرماسلىقى، ھەممىنى ئېيتىشى كېرەك. رۇستەممۇ ئەقلىنىڭ يەتكىنىچە توغرا مەسلىھەت بېرەر، قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلار.

ئۇ كېچىچە كۆز يۇممىغانىدى. ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ ئۆز خىياللىرىدىن خۇلاسە چىقاردى. ئۇ دوستلۇققا ئىشەنچىسىز قارىغانلىقى ئۈچۈن رۇستەمنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى گۇناھكار ھېس قىلدى.

تاڭ شەپىقى پۇتۇن قىشلاقنى نۇرغا چۈمدۈرگەنىدى. ئورمانلار، كوكاتلار، يانتاق، يۇلغۇنلار ھەر خىل رەڭدە جۇلالىنىپ ئۆز گۈزەللىكىنى نامايان قىلاتتى. بوز توپىلىق ئۇستىدە چۇۋۇلدىشىپ يۈرگەن تورغايلار نېمىدىندۇر ئۇر كۈپ كەتتى ـ دە، گۇر ـ گۇر قىلىپ يۇلغۇنلۇق تەرەپكە ئۇچۇپ كەتتى. بىر توپ ھەسەل ھەرىسى ئۇچۇپ كېلىپ ئۆي ئارقىسىدىكى شالاڭ جىگدە ئورمانلىقىغا تارىلىپ كەتتى. گۈزەل سەھەر، ئالتۇن قۇياش، ئوچۇق ھاۋا دۇنيانىڭ كىچىككىنە بىر پارچىسى ھېسابلانغان بۇ زېمىنغا شۇنچىلىك يارقىن، گۈزەل مەنزىرە بەخش ئەتكەنىدى. قىشلاقنىڭ تۈنۈگۈن ئاخشامدىكى قورقۇنچلۇق، سۈرلۈك، مۇڭ باسقان مىسكىن ھالىتى زەررىچە كۆلەڭگە قالدۇرماي غايىب بولغانىدى. سۇلايمان ئۆيگە قايتىپ كىرىپ يۈز ـ كۆزىنى يۇدى. ناشتا قىلىپ سىرتقا چىقتى. ئۇيقۇسىزلىقتىن قىزارغان كۆزلىرىنى شۇ گۈزەل مەنزىرىگە تىككىنىچە كاككۇكنىڭ يېقىملىق ئاۋازىغا جىمغىنا قۇلاق سېلىپ تۇردى.

سازلىق تەرەپتىن رۇستەم كېلىۋاتاتتى. سۇلايمان تاكى ئۇ يېقىن كەلگىچە ئۈندىمەي تۇردى.

— تۈنۈگۈن بازارغا بارمىدىڭمۇ؟ — رۇستەم ۋېلىسىپىتتىن چۈشۈپ سۇلايمانغا قول ئۇزاتتى، — قاراڭنىمۇ كۆرمىدىميا؟

— باردىم، — دېدى سۇلايمان، — لېكىن بېرىپلا قايتتىم.

سۇلايمان تۈنۈگۈن كوچمۇ ـ كوچا ئايلىنىپ تولغىنايىنى ئىزدىگەنلىكىنى، كەچتە ئۇچرىشىپ بىللە قايتىپ كەلگەنلىكىنى، شۇنداقلا تولغىناي توغرىسىدىكى ئوي ـ پىكىرلىرىنى بىراقلا ئېيتىۋەتمەكچى، مەسلىھەت سورىماقچى ئىدى ـ يۇ، لېكىن گېلىغا قاتتىق بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك بولۇپ گەپ قىلالمىدى.

— بۈگۈن ئىشىڭ ئالدىراش ئەمەستۇ، — رۇستەم ئۆيگە كىرىپ سۇپىنىڭ تۆرىدە ئولتۇرغاندىن كېيىن دېدى، — تۈنۈگۈن دۇكانغا كىرەر دەپ كۈتتۈم. كىرسە تېپىۋېلىپ كۆرستىپ باقاي دېۋىدىم، كىرمىدىڭ. ئۆز مەيلىڭگە قويسا مۇشۇنداق يۈرۈۋېرىدىغان ئوخشايسەن. شۇڭا، بۈگۈن سېنى ئەختەم قارىيغا بىر ئۇدۇل قىلايمىكىن دەيمەن، قانداق، بارامسەن؟

— ماقۇل، — سۇلايمان دوستىنىڭ ئالدىغا چاي پىيالىسىنى قويۇۋېتىپ جاۋاب بەردى، — ئەختەم قارىي راستتىن ئۇستا تېۋىپمۇ؟

رۇستەم پىيالىنى قولىغا ئېلىۋېتىپ بۇ سوئالدىن ھەيران قېلىپ سۇلايمانغا قاراپلا قالدى. سۇلايمان دوختۇر، تېۋىپ بەرگەن دورىلارنىڭ كېسىلىگە شىپا بولىدىغانلىقىغا تازا ئىشەنچ قىلالمايتتى.

— بولدى، ماقايىلى، — رۇستەم چاينى تۈزۈك ئىچمەستىن دۇئا قىلدى، — بىر كىمنىڭ گېپىگە ئاسانلىقچە ئىشەنمەيسەن، كونىلاردا تەلەپمۇ قىل، سەۋەبمۇ قىل، دېگەن گەپ بار، ماقايىلى.

رۇستەم ۋېلىسىپىت پىدالىنى كۈچەپ تېپەتتى. سۇلايمان ئۇنىڭ كەينىگە مىنگەشكەنىدى. رۇستەم پارچە سايدىن ئۆتۈپ كەنتكە كىرگەندە ئاندىن ئېغىز ئاچتى:

— جىمىپ كەتتىڭغۇ، داۋالان، دورا يە، دېگەن گەپلىرىم كۆڭلۈڭگە تەگدىمۇ ـ يا؟ دوستا ئاغرىتىپ ئېيتىمدۇ، دۈشمەن كۈلدۈرۈپ، دېگەن ماقال بار. خاپا بولساڭمۇ ھەقىقەتنى ئېيتتىم.

ناھىيە بازىرىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى دوقمۇشتا رۇستەمنىڭ ئەپچىللىكىنە تۆمۈر چىلىك دۇكىنى بار ئىدى. رۇستەم ئاتا كەسپىنى داۋاملاشتۇر ماقچى بولغاندا سۇلايمان ئۇنىڭ دۇكان سېلىشى، بىر يۈرۈش ئەسۋاب ـ سايمان، ماتېرىيال سېتىۋېلىشى ئۈچۈن نەق ئىككى مىڭ يۈەن پۇل بېرىۋەتكەنىدى.

رۇستەم دۇكان ئالدىدا ۋېلسىپىتىنى چۈشتى. دۇكانغا كىرىپ شاگىرتلىرىغا ئىش تاپىلاپ قويدى. ئاندىن سۇلايماننى ئەگەشتۈرۈپ تار كوچىغا كىردى.

— مۇشۇ ئۆي شۇ، — رۇستەم قولۇپلاقلىق دەرۋازىنى كۆرسىتىپ دېدى، — ئاپلا، يوقكەن ئەمەسمۇ.

ئۇلار كەينىگە يېنىپ دۇكان ئالدىغا كەلدى. سۇلايمان ئەتە كەلمەكچى بولۇپ چارباغقا راۋان بولدى.

سۇلايمان بىلەن رۇستەم ئەقىلگە كەلگەندىن تارتىپ ئامراق دوست ئىدى. چوڭ بولغانسېرى ئۇلارنىڭ دوستلۇق مۇھەببىتى تېخىمۇ كۈچەيدى. ئىككى دوست 18 ـ 19 ياشلىق چاغلىرىدىلا دوستلۇقنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ۋە مەڭگۈ داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىككى تەرەپ ئۆمۈر بويى ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك بىر مىزان بولۇشى لازىملىقنى ھېس قىلىشتى. بىرى نانغا دەسسەپ قەسەم قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى، يەنە بىرى تۇزغا دەسسەپ قەسەم قىلايلى، دېدى. ئىككى خىل ئۇسۇلنىڭ قايسىسى ياخشىراق، مۇۋاپىراق بولىدىغانلىقى ھەققىدە بىر قارارغا كېلەلمىدى.

— راست، بىزنىڭ ئۆيدە قۇرئان بار، — دېدى سۇلايمان بىر كۈنى، — قۇرئاننى قۇچاقلاپ تۇرۇپ قەسەم قىلايلى.

رۇستەم قىشلاققا كەلدى. ئىككىسى دەررۇ تاھارەت ئېلىشتى. ئاۋۋال رۇستەم، ئاندىن كېيىن سۇلايمان قۇرئاننى مەيدىسىگە بېسىپ تۇرۇپ: «بىز ئىككىسى ئالەملىك دوست. بىر بىرىمىزدىن ھېچنېمىمىزنى ئايىمايمىز. بىر بىرىمىزگە سادىق بولىمىز. قايسىمىز دوستلۇقتىن يۈز ئۆرىسەك، دوستلۇققا خىيانەت قىلساق شۇنى ئۇلۇغ كالامۇللا ئۇرسۇن!» دەپ قەسەم قىلىشتى. شۇندىن كېيىن ئۇلار تېخىمۇ ئىجىل، ئىناق بولۇپ كېتىشتى. قۇرئاننى رۇستەم ئېلىپ كەتتى. قەسەم قىلىنغان ئىكەن، سۇلايمان — رۇستەم، رۇستەم — سۇلايمان بولۇشى كېرەك. باشقىچە ئېيتقاندا، ئىككىيلەن بىر بىرىنىڭ كۆڭلىنى بىلىپ تۇرۇشى، سىر يوشۇرماسلىقى لازىم. لېكىن، سۇلايمان تولغىناي ھەققىدىكى ئوي ـ پىكىرلىرىنى، ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى دوستىدىن يوشۇرۇپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن تولىمۇ ئەپسۇسلىناتتى. ئەمما، نېمە سەۋەبتىندۇ يەنىلا ئېيتقۇسى كەلمەيتتى.

ئەتىسى سۇلايمان سەھەر تۇرغان بولسىمۇ بازارغا بېرىشقا ئىككىلىنىپ قالدى. باشقا

كېسەللەرنى داۋالاشقا ئۇستا بولغان بىلەن مېنىڭ كېسىلىمنى ساقايتالارمىكىن، تاڭ. ئۇ شۇ خىيال بىلەن ئىككى كۈننى ئېتىزدا ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئۈچىنچى كۈنى سەھەردە ناھىيە بازىرىغا يول ئالدى. لېكىن، ئۇنىڭ قەدىمى ناھايىتى ئاستا ئىدى. بازارغا كەلگەندىن كېيىنمۇ ئۇزاققا سوزۇلغان ئارىسالدىلىق، ئىككىلىنىش ئىچىدە بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ زىچ، ئېگىز - پەس ئۆيلەر بىلەن قورشالغان تار كوچا دوقمۇشىغا كېلىپ توختىدى. تۆمۈرچىلىك دۇكىنىدىن قۇلاقنى يارغۇدەك قاتتىق، قوپال ئاۋاز ئۈزۈلمەي ئاڭلىنىپ تۇراتتى. سۇلايمان يېقىنراق بېرىپ دۇكاننىڭ يان تەرىپىدە تۇردى. ئۇ رۇستەمنىڭ ھەرىكىتىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇراتتى. ئۇ رۇستەمنىڭ كۆمۈر ئىسىدا قارايغان ۋە تەردىن مەينەتلىشىپ كەتكەن چىرايىدىن كۆز ئۈزۈپ، دۇكاندىن 50 قەدەم نېرىدىكى، تار كوچا ئايلانمىسىغا قاراپ ئېچىلغان دەرۋازىغا تىكىلدى. دەرۋازا بۈگۈن ئوچۇق تۇراتتى.

سۇلايمان ھەر بىر قەدىمىنى ئاۋايلاپ بېسىپ دەرۋازىغا يېقىنلاشتى. دەرۋازا تۆۋىدىكى قېرى ئۈجمە دەرىخىنىڭ قويۇق، باراقسان شاخلىرى كۈن نۇرىنى توسۇپ تۇراتتى. سۇلايمان بوسۇغىدىن شىپىيدە ئاتلاپ ھويلىغا كىردى. ھويلىنىڭ بىر تەرىپىدە ئېغىل، سامانلىق، يەنە بىر تەرىپىدە كاتەك، ئوتۇنخانا، كۆمۈرخانا بار ئىدى. ھويلا خېلىلا كەڭ بولۇپ، باغ بىلەن ھويلىنى ئايرىپ تۇرغان پاكار تام ئۈستىگە تىزىلغان تەشتەكلەردە خىلمۇ خىل گۈللەر ئېچىلىپ تۇراتتى.

سۇلايمان ئوچۇق تۇرغان بىر ئىشىكتىن ئىچكىرىگە كىردى. لېكىن، ھودۇقۇپ، تەمتىرەپ كەتتى. يەرگە قاراپ، بوسۇغا تۆۋىدىلا تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا:

— كېلىڭ، ئوغلۇم، كېلىڭ ئولتۇرۇڭ، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

تېۋىپنىڭ مۇلايىم ئاھاڭدا ئېيتقان سۆزلىرى سۇلايماننى دىدىللەشتۇردى. ئۇ ئۇرۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن بېشىنى كۆتۈردى. ئەختەم قارىي يارىشىملىق قىسقا ساقال قويغان، بوغداي ئۆڭلۈك، ئوتتۇرا بويلۇق كىشى ئىدى. ئۇ ئوقۇۋاتقان كىتابىنى ئۈستەلگە قويۇپ سۇلايماننىڭ ئالدىغا كەلدى.

— بەرەس! — دېدى ئەختەم قارىي تەئەججۈپ ئاھاڭدا بېشىنى سەل ئېگىپ، — باشقا ئەزالىرىڭىزدىمۇ بارمۇ؟ — ئەختەم قارىي سۇلايماننىڭ يۈزىگە دىققەت بىلەن تىكىلدى.

— بار، پۈتۈمدىن تارتىپ... — سۇلايمان قىلچە تارتىنىپ تۇرمىدى، ئىشتىنىنىڭ پۇشقاقلىرىنى تىزىغىچە تۈردى، كۆڭلىكىنىمۇ قايرىپ بەل، قورساقلىرىنى كۆرسەتتى، — ھەممە يېرىمدە بار، تەقسىر.

— ئاھ خۇدا! — ئەختەم قارىي قاتتىق چۆچۈپ ئۈنلۈك خىتاب قىلدى، — ئاۋۋال تومۇرىڭىزنى تۇتۇپ كۆرەي، ئوغلۇم.

ئەختەم قارىي سۇلايماننىڭ قوللىرىنى نۆۋەت بىلەن ئالقىنىغا ئېلىپ بېغىشىنى بارماقلىرى بىلەن باستى، تومۇر ھەرىكىتىنى تىڭشىدى.

— سىزدە بەرەستىن باشقا ھېچقانداق كېسەل ئەگىزى يوق. ھەممە ئەزايىڭىز ساق ئىكەن، بىراق بەرەسنىڭ پەيدا بولغىنىغا خېلى ئۇزۇن بوپتۇ ھەم تېز كېڭىيىۋېتىپتۇ. بۇرۇنراق

داۋالىنىدىغان گەپتى. ئوغلۇم، بۇنداق دېسەم كۆڭلىڭىزگە باشقا ئىش كەلمىسۇن، راستىنى ئېيتسام ئۇزاق مۇددەت، ئۇزمەي داۋالىنىشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ.

ئەختەم قارىي سۇلايماننىڭ ئۇستىبېشىدىكى كونا، كىر كىيىملەرگە بىر پەس قاراپ تۇردى، ئاندىن ساقىلىنى بىر سىلاپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

ــ ئوچۇق ئېيتاي، ئوغلۇم، ئۇزاق مۇددەت ئۇزمەي داۋالىنىدىلا ئاندىن ساقىيالايسىز. دورىلىرىمىزنىڭ بىر قىسمى ئۆزىمىزدە تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ. سەھرا، جاڭگال، ساي، يايلاق، تاغلاردىن يىغىۋېلىنىدۇ. بىر قىسمى ئىچكى ئۆلكىلەردىن، دېڭىز بويىدىكى جايلاردىن، بىر قىسمى كەشمىر، ھىندىستان... دېگەندەك چەت دۆلەتلەردىن كەلتۈرۈلىدۇ. بۇ دورىلارنى يا ساش، تەييارلاش قول ئەمگىكى بىلەن قىلىنغاچقا تولىمۇ مۇشەققەتلىك، جاپالىق، ئاۋارىچىلىقى كۆپ ئىش. شۇڭلاشقا دورىلىرىمىز باھا ـ نەرخ جەھەتتە بەكمۇ يۇقىرى، بەرەس كېسەللىكگە قارىتا ياسالغان دورىلار تېخىمۇ شۇنداق، ــ ئەختەم قارىي سۆزىنى توختىتىپ بىر پەس خىيالغا چۆمدى.

ــ قارىم، قانچىلىك پۇل كەتسە مەيلى، ــ سۇلايمان خەسە كۆڭلىكىنىڭ ئىچ يانچۇقىدىن بەش سوملۇق تىللادىن ئىككىنى ئېلىپ شىرە ئۈستىگە قويدى. تىللالار پارقىراپ كەتتى، ــ كېسىلىمنى ئۇزۇل ـ كېسىل ساقايتىشقا ھۆددە قىلالىسىلا، مەنمۇ پۇلنىڭ قانچىلىك كېتىشىدىن قورقمايمەن.

ئەختەم قارىي پارقىراپ تۇرغان تىللالارنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. شۇئان يەرگە قاراپ كۆزلىرىنى يۇمىۋالدى. سۇلايماننى يوقسۇل چاغلىغانلىقىغا خىجىللىق ھېس قىلىپ خېلى ئۇزۇنغىچە بېشىنى كۆتۈرمىدى.

ــ ئوغلۇم، دورىلىرىمىز قىممەت دېگەن گەپلىرىمنى ئاڭلاپ شۇنداق قىلىۋاتامسىز؟ خاپا بولماڭ، ھەر ھالدا مەن... ۋەھالەنكى، مۇنۇ نەرسىنى... ــ ئەختەم قارىي بېشىنى كۆتۈرۈپ، كۆزلىرىنى يېرىم ئېچىپ تىللاغا ئىشارەت قىلدى، ــ ھە، مۇنۇ نەرسىنى كۆزۈمدىن نېرى قىلىڭ. ماڭا كۆرسەتمەڭ، بۇنداق نەرسىلەر ئاتا ـ بوۋىمىزدىنمۇ ئاز ـ تولا مىراس قالغان، كېيىنكى كۈنلەردە ھەر قېتىم بىرەر ھەرىكەت بولسىلا خەق ئالدى بىلەن مېنىڭ ئۆيلىرىمنى ئاختۇرۇپ، تاملىرىمنى چېقىپ، ھويلا ـ ئارامىلىرىمىزنىڭ ئاستىنى كولاپ ـ قېزىپ زادى ئارام بەرمىگەن. قاچانكى شۇ نەرسىلەر ئۇلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن كۈندىن باشلاپ مەنمۇ كۆڭلۈم ئارام تاپقۇدەك بولدۇم، يەڭگىللەپ قالدىم. ھازىرمۇ بۇنداق نەرسىلەرنى كۆرسەم، يۈرىكىم قوزغىلىدۇ. خۇدا خالىسا كېيىنچە، دورىنىڭ مەنپەئەت قىلغان ـ قىلمىغانلىقىغا قاراپ بىر نېمە دەرمىز. سىزگە ھازىرلا پۇل دېمەيمەن. ئوغلۇم، جانابىي ئاللانىڭ شەپقەت ـ ئىنايىتى، ئاندىن قالسا بىزنىڭ سەۋەب ـ ئۇرۇنۇشلىرىمىز نەتىجىسىدە تولۇق ساقىيىپ كېتىسىز. بۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىل. دورىلارنى قەرەللىك ھالدا يېسىڭىز، يېمەك ـ ئىچمەكتە پەرھىز تۇتسىڭىز ساقىيىشىڭىز تېزرەك بولىدۇ.

ئەختەم قارىي يەڭگىل ھەرىكەت بىلەن ئورنىدىن تۇردى. ئىشكاپلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ

دورا شىشىلىرىگە، قۇتا، خالتىلارغا سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى. سۇلايمان ئايۋاندا ئاڭلىنىۋاتقان ئاياغ تىۋىشىنى سېزىپ ئىشىككە قارىۋېدى، بوسۇغىدا چەينەك، پىيالە قويۇلغان پەتنۇسنى ئىككى قوللاپ كۆتۈرگەن بىر قىز پەيدا بولدى. سۇلايمان دەررۇ ئورنىدىن تۇرۇپ قىزغا سالام قىلدى. لېكىن، قىز ئۇنىڭ ئەپتىگە لاپ قىلىپ كۆز تاشلىدى ـ يۇ، لەۋلىرىنى پۈردى. سالامنى ئىلىك ئالماستىن پەتنۇسنى شىرە ئۈستىگە قويدى. سۇلايمان قاتتىق ئىزا تارتىپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى. قىزنىڭ مەغرۇر ـ تەكەببۇرانە قىياپىتى ئۇنىڭ ساددا كۆڭلىگە ئېغىر ئازار چىلىق سالغانىدى. چەينەكتىن كۆتۈرۈلگەن سۇس ھوردىن قارىمۇچ، لاچىندانە، ئەنبەر، يەنە قانداقتۇر بىر خىل دورىلارنىڭ ئۆتكۈر ھىدى تارقىلاتتى. قىز چىقىپ كېتىشكە تەمشىلىۋىدى. ئەختەم قارى كەينىگە ئۆرۈلدى.

— قىزىم مېھمانغا چاي قۇيسىلا.

قىز سۇلايمانغا مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن لاپپىدە كۆز تاشلىدى. سۇلايمان يەردىن ئۈستۈن قارىماي ئولتۇرغاچقا، قىزنىڭ قاراشلىرىدىكى سوغۇق، مەسخىرىلىك ئىپادىلەرنى كۆرمىدى. قىز گويا مۇقەددەس بىر مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىۋاتقاندەك تەبىئىي بىر چاققانلىق بىلەن پىيالىگە چاي قۇيۇپ سۇلايماننىڭ ئالدىدىكى شىرەگە قويدى.

سۇلايمان پىيالىنى قولىغا ئېلىپ چايدىن بىر ئوتلىدى. كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قىزغا نەزەر تاشلىدى.

قىز تەخمىنەن 16 ـ 17 ياشلاردا ئىدى. قويۇق، قاپقارا چاچلىرى قىزىل ھىلھىلە ياغلىققا پاتماي پېشانە، چېكىلىرىدە كۆپۈپ تۇراتتى. بۇغداي ئۆڭ يۈزى سىپ ـ سىلىق بولۇپ، پارقىراپ تۇراتتى. ئاغزى ئويماقتەك كىچىك ئىدى. ئۇچىسىغا كەشتىلىك نىلون كوپتا، تۇم قارا شارجىدىن تىكىلگەن تار يوپكا كىيگەنىدى. قىز ھەددىدىن زىيادە ئېغىر ـ بېسىق، سالماق، تەكەببۇر كۆرۈنەتتى. سۇلايماننىڭ يۈزلىرى چىمىلداپ، كۆزلىرى تورلاشتى. ۋۇجۇدى قانداقتۇر بىر غەيرىي سېزىم ئىلكىدە تىترىدى. تولغىنايىنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى ئۇنىڭغا مىختەك تىكىلىپ ئەيىبلەۋاتقاندەك سېزىلدى.

ئەختەم قارى ئىشكاپلار ئالدىدىن قايتىپ كېلىپ ئورنىغا ئولتۇردى ۋە رېتسېپ يېزىۋېتىپ سۇلايمانغا ئەجەبلەنگەن بىر تەرىزدە قاراپ قويدى. ئۇنىڭ بۇ قارىشىدا سۇلايماننى نەدىدۇر كۆرگەندەك، لېكىن ئېسىگە ئالالمايۋاتقاندەك بىر ئىپادە بار ئىدى.

— قىزىم، دورا تەييارلىسىلا.

قىز رېتسېپنى قولىغا ئېلىپ دادىسىنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى ئورۇنلاشقا كىرىشتى. ئۇ ھۇدۇقماستىن دادىل ھەرىكەت قىلاتتى. قارىغاندا ئۇ دادىسىنىڭ كەسپىنى خېلى پىششىق ئىگىلىگەندەك كۆرۈنەتتى.

سۇلايمان قىزغا تىكىلىپ قاراۋېرىشنىڭ ئەدەبسىزلىك بولىدىغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ ئۆز ـ ئۆزىنى ئەيىبلىدى ۋە ئالدىغا قاراپ ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشكە تۇتۇندى. كۆز ئالدىدا ھامان تولغىنايىنىڭ سىيماسى نامايان بولۇپ تۇراتتى.

قىز دورا قاچىلانغان شىشىلەرنى شىرە ئۈستىگە قويۇۋېدى، ئەختەم قارىي ئىككى شىشىنى قولىغا ئېلىپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— بۇنى كۈنىگە بەش تالدىن يەتتە تالغىچە يەيسىز، ماۋۇ شىشىدىكىنى بولسا ئۈچ كۈن يەپ، بەش كۈن توختىتىپ قويىسىز. يەنە ئىككى خىل دورا بار، ھازىر تەييار ئەمەس. ئىككىنچى قېتىم دورىغا كەلگىنىڭىزدە ئېلىڭ، — ئەختەم قارىينىڭ چىرايىدا ئىللىق تەبەسسۇم جىلۋىلەندى، — يەنە بىر گەپ، ھازىر تومۇز ۋاقتى، كۈن ئىسسىق، ھەر كۈنى كۈن راسا قىزىغان چاغدا بىر ـ ئىككى سائەت ئاپتاپقا يالىڭاچ قاقلىنىڭ. بۇ خېلى مۈشكۈل ئىش، لېكىن سىز ياش، بەرداشلىق بېرىڭ، ماقۇلمۇ ؟

— ماقۇل تەقسىر، — سۇلايمان مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى، — دورا تۈگىگەن ھامان يەنە كېلىمەن.

ئۇ تېۋىپنىڭ ھۇزۇرىدىن ناھايىتى خۇشال، روھى كۆتۈرەڭگۈ ھالدا قايتىپ چىقتى. رۇستەم ئۇنى ئاشخانىغا باشلاپ مېھمان قىلدى، تاماق ئۈستىدە سۇلايمان ئەختەم قارىينىڭ ھەققەتەن ناھايىتى ئوبدان، رەھىمدىل كىشى ئىكەنلىكىنى سۆزلىدى.

كۈن تازا قىزىرغانىدى. ئاپتاپ سۇلايماننىڭ پېشانىسىنى كۆيدۈرەتتى. يۈزىدىن، بويىنىدىن تەر ئاقاتتى. كېتىۋېتىپ سېرىق پوپكىدىكى شىشىلەرنى پات ـ پات سىيلاپ قوياتتى. ئۇنىڭغا ئەرەقى، مەجۇنات خىلىدىكى رەڭگى، پۇرىقى بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئاشۇ دورىلارنىڭ قانداقتۇر بىر خىل سېھرىي كۈچى باردەك تۇيۇلۇپ، ئۆزىنىڭ ساقايغان، بىجىرىم يىگىت بولغان قىياپىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى.

يولدىن ئۆتكەن ماشىنا ـ تراكتورلار ئارقىسىدا ئۇزۇن چاڭ قالدۇرۇشاتتى. ھارۋىلىق، ئېشەكلىك يولۇچىلار ئۈزۈلمەي ئۆتۈپ تۇراتتى. ھاۋا تىنجىق، ئىسسىق ئىدى. ئەتراپتا قۇشلارنىڭ سايرىغىنىمۇ ئاڭلانمايتتى. يول ياقىلىرىدىكى سۇۋادانلارنىڭ شاخلىرىمۇ تىپتىنچ تۇراتتى. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، بىر چاغدا سۇلايمان مېڭىشتىن توختاپ قالدى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئىككى يول تۇراتتى. بىرى چارباغ كەنتىگە — قىشلاققا، يەنە بىرى قارىياغاچ كەنتىگە بارىدىغان يول ئىدى. بازار كۈنى سۇلايمان مارىيە بىلەن تولغنايدىن ئايرىلىپ مۇشۇ يەردە توختاپ قالغانىدى. ئۇ ئاچا يولدا بىر مىنۇتچە ئىككىلىنىپ تۇردى ـ دە، چارباغ تەرەپكە راۋان بولدى. ئون نەچچە قەدەم مېڭىپ يەنە توختىدى. تولغناي، توغرا، تولغناي بىلەن كۆرۈشۈش كېرەك. مارىيە ئۇنى تەكلىپ قىلغان. دېمىسىمۇ سۇلايمان ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ئورمىدا بارغانىدى. ئىككى كۈن تۇرۇپ، بۇغدىيىنى ئورۇپ، خامانغا توشۇپ بەرگەن. شۇندىن بۇيان بارمىدى. ئاھ! تولغناي نېمە قىلىۋاتىدىكىن، ئۇنىڭ بىلەن ئوچۇق سۆزلىشەي، كۆڭلۈمدىكىنى ئېيتاي، تولغناي ياق، دېمەس. شۇ خىيال ئۇنى كەينىگە يېنىشقا مەجبۇر قىلدى.

— ھەي سۇلايمان، ئېلىشىپ قالدىڭمۇ ؟ بىر ئالدىڭغا، بىر كەينىڭگە مېڭىپ يۈرىسەنغۇ ؟

سۇلايمان ئارقىسىغا بۇرۇلدى. كىمنىسا بازار تەرەپتىن ۋېلىسىپىتتا مىنىپ كېلىۋاتاتتى. سۇلايمان ئۇنىڭ ھىجىيىپ تۇرغان ئاغزىغا قاراپ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى.

ــ يوْر، ئالغاچ كېتەي، ۋېلىسىپىتىنىڭ كەينىگە مىنە.

كىمنىسا سۆزلەۋېتىپ سۇلايمانغا ئىللىققىنا كۈلۈپ قارىدى. سۇلايمان سەل دۇدۇقلاپ جاۋاب بەردى:

ــ كىـ... كېتىۋەر.

چار باغدىكى ھەممە خوتۇن ـ قىزلار غا ئوخشاش كىمنىسامۇ بۇرۇندىن تارتىپ سۇلايمانىنى كۆزگە ئىلمايتتى، گەپ قىلمايتتى، ئۆزىنى قاچۇراتتى. بۇگۈن ئۇنىڭ سۇلايمانغا تۇنجى قېتىم گەپ قىلىشى ئىدى.

ــ كېتىۋەر دەيسەنغۇ، بەللى، بارا ئىگىغا چۈشكەن قاپاقنىڭمۇ ئۆزىگە چۈشلۇق ھالى بار ئىكەن ـ دە، ۋىيەي تېخى.

ــ كىمنىسا! ــ دېدى سۇلايمان جىددىي رەۋىشتە، ــ ئۇششاق باللار غا قوشاق ئۆگىتىپ مېنى تىللاتقۇزما، مەن...

ــ مەن قوشاق توقۇشنى بىلمەيمەن. لېكىن، سەن يەنە ماڭا گەپ قىلماي، سىڭايان قاراپ يۈرىۋەرسەڭ، چوقۇم...

ــ مەن قاچان سىڭايان قارىدىم، ئۆزۈڭ قېچىپ يۈردۈڭ.

ــ ماقۇل ئەمىسە، ــ كىمنىسا كۆزلىرىنى ئوينىتتى، ــ ئەمدى قېچىپ يۈرمىگىن جۇمۇ، گېپىڭدە تۇر، كەينىمگە مىنە، بىللە كېتىمىز.

ــ چار باغقا بارمايمەن.

ــ نەگە غوجام؟ ــ كىمنىسانىڭ كۆزلىرىدە ھەييارلارچە كۈلكە پەيدا بولدى، ــ نەگە بارسەن، ئېيتقىنا.

ــ قارا ياغاچقا.

ــ ھە، ھە بىلدىم، ــ كىمنىسا قاپقارا كۆزلىرىنى ئوينىتىپ مەنىلىك تىكىلدى، ــ ئەمدى بىلدىم، ھېلىقى سېرىق چاچلىق نايناق يۈرىكىڭگە ئوت ساپتۇ ـ دە، ھى... ھى... ئەخمەق، بىكار ئاۋارە بولىسەن، ــ كىمنىسا كېيىنكى سۆزىنى مەسخىرە تەلەپپۇزىدا ئېيتتى. سۇلايماننىڭ چىرايىدىكى ئاچچىقلىنىش ئالامىتىنى كۆرۈپ كۈلكىسىنى دەررۇ توختاتتى، ــ كېيىن بىلىپ قالارسەن. ھەز ھالدا بىر ـ پ باق، ــ كىمنىسا سۆزلەۋېتىپ قېشىنى لىككىدە كۆتەردى، كۆزلىرىدە ئاجايىپ ئوينىلۇق بىر نۇر شولىسى جىلۋە قىلدى، ــ مۇبادا تەلىيىڭ كەلمەي قالسا، مېنى تاپ، ھى... ھى... دەردىڭگە يېتىمەن.

كىمنىسا ۋېلىسىپىتكە مىندى ـ دە، كەتتى. سۇلايمان ھەيران بولۇپ ئۇنىڭ قارىسى يىتكىچە قاراپ تۇردى. كىمنىسانىڭ دېگەنلىرى راست گەپكىمۇ، چاقچاققىمۇ ئوخشمايتتى.

تىنىق ئاسماندا ئاندا ـ ساندا ئاقۇچ، كۈلرەڭ بۇلۇتلار ئۈزۈپ يۈرەتتى. قۇياش ئۆز يالقۇنى بىلەن يەر ـ زېمىننى تونۇردەك قىزىتاتتى. ياپيېشىل قوناقلار، بېدىلەر، يول بويىدىكى سۆگەت، تېرەكلەر ئىسسىق دەستىدىن قاغجىراپ سولاشقانىدى. خېلىدىن بېرى سۇ دىدارى كۆرمىگەن ئېرىقلاردىكى قۇملارمۇ قۇياش نۇرىدا يالتىراپ تۇراتتى. سۇلايمان ئاپتاپتىن قېچىپ ئېتىز قىرىغا

چىقىۋالدى. مەھەللە چېتىدە يېگانە چوقچىيىپ تۇرغان ئۆي كۆرۈندى. ئاددىي، كۆرۈمسىز ئۆينىڭ ئالدى تەرىپىنى ئۈزۈم بارىڭى بېزەپ تۇراتتى. ئۆي ئەتراپىدىكى يېكەندىن ئاينىشقا باشلىغان سۈۋادان، جىگدە كۆچەتلىرى سۇلايمانغا بەش قولدەك تونۇش ئىدى.

شامىل ئەپەندىنىڭ ئەسلىدىكى ئۆيى ئېتىز-ئېرىقلارنى سالالاشتۇرۇشتا چېقىلغان، قايتا سالغان ئۆيى يېڭى پىلانلانغان ئۆستەڭگە توغرا كېلىپ چېقىلغانىدى. تولا ئۆي سېلىپ دەرمانى قۇرىغان شامىل ئەپەندى ئاخىرى يولغا، ئېرىق-ئۆستەڭگە توغرا كېلىش ئېھتىمالى يوق دەپ قارالغان ئاشۇ چەت-ياقىغا ئۇ ئۈچىنچى قېتىم ئۆي سالغانىدى. شامىل ئەپەندى سۇلايماننىڭ دادىسى تەۋەككۇل ئاخۇن بەرگەن ئون سوملۇق تىللادىن ئىككىنى ئالمىغان بولسا، كېيىنكى ئىككى قېتىملىق ئۆينىمۇ سالالمىغان بولاتتى. ئاخىرقى قېتىم سالغان ئۆيدە شامىل ئەپەندى ئانچە ئۇزاق ياشىمىدى. ئۇزۇن يىللىق مۇساپىرچىلىق تۇرمۇشى، ئايىغى ئۈزۈلمەي داۋام قىلغان تۇرلۇك سىياسىي ھەرىكەتلەر بۇ مەرىپەتپەرۋەر كىشىنى ئۆلۈم گىردابىغا ئىتتىرىۋەتتى. ھازىر ئاشۇ ئۆيدە ئۇنىڭ ئايالى مارىيە بىلەن يالغۇز قىزى تولغىناي ياشايتتى.

سۇلايمان ئۆيگە يېقىنلاپ كەلدى. باراڭ ئاستىدىكى سايىدا تولغىناي تىكىش قىلىۋاتاتتى. كىيىم تىكىش ماشىنىسى بىر خىل رىتىمدا شىرىلدايتتى. سۇلايمان پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ كېلىپ دەل تولغىنايىنىڭ ئارقىسىدا توختىغانىدى، تولغىناي چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى.

— ئەجەپمۇ... كەل، كېلە... — تولغىناي ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ سۇلايماننى سۇپىغا باشلاپ ئەپكېلىپ كۆرپىگە ئولتۇرغۇزدى. ئاندىن كېيىن، — ئىسسىقتا قانداق كەلگەنسەن، جىمى جاھان ئوتتەك كۆيۈۋاتىدۇ، نېمىدېگەن تىنجىق ھاۋا بۇ؟ — دېدى.

سۇلايمان ئۇنىڭ قىزغىن مۇئامىلىسىدىن سۆيۈندى. كىمنىسانىڭ بايا قىلغان گەپلىرىنىڭ ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. تولغىناي كۈلۈپلا تۇراتتى، شۇ تۇرقىدا ئۇ ئاجايىپ ئوماق، مۇلايىم، مېھرى ئىسسىق كۆرۈنەتتى. ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرغان چاچلىرى دولقۇنلىنىپ تۇراتتى.

مارىيە ئۆيدىن چىقتى. سۇلايمان ئورنىدىن تۇرۇپ مارىيەگە سالام قىلدى. ئىككىيلەن قىسقىغىنا ئەھۋال سوراشتى.

— تولغىناي، نېمە ئولتۇرىسەن؛ قوپ، ئۆيدە قۇيماق بار، ئەپچىق. دوغمۇ ئەتكىن، سۇلايمان ئۇسسىغاندۇ.

تولغىناي سۇلايماننىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. يوپكىسىنىڭ يېنىك تەۋرىنىشىدىن ھاسىل بولغان كۈچسىز، لېكىن ئىللىق شامال سۇلايماننىڭ دىمىقىغا سۈس ئەتىر ھىدىنى ئۇردى. بۇ ھىد ئۇنىڭ تومۇرلىرى ئارقىلىق پۈتكۈل ۋۇجۇدىغا تارىدى. قەلبىدە ئۆزىمۇ تولۇق چۈشەنمەيدىغان ھەم تىل بىلەنمۇ ئىپادە قىلىپ بېرەلمەيدىغان ئاجايىپ شېرىن سېزىم پەيدا بولدى. بۇنداق سېزىم ئۇ ھەر قېتىم تولغىنايىنى كۆرگەندە، يېنىدا تۇرغاندا، سۆزلەشكەندە پەيدا بولاتتى.

تولغىناي بىر دەمدىلا مىس لىگەندە بىر دۆۋە قۇيماق كۆتۈرۈپ چىقتى. داستىخان سېلىپ، لىگەننى سۇلايماننىڭ ئالدىغا قويدى.

ــ يۇقىرىقى مەھەللىدە نەزىر بوپتىكەن، ــ مارىيە لىگەننى سۇلايمان تەرەپكە ئىتتىرىپ قويدى، ــ شۇ يەرگە ئاپىراي دەپ داستىخان قىلىۋېدىم، ئالە، يە، زىغىر يېغىدا ئەتتىم. زىيان قىلمايدۇ.

سۇلايمان بىر قۇيماقنى قولىغا ئالدى. تولغىناي چىنىدىكى قېتىققا سۇ قۇيۇپ ئارىلاشتۇرۇپ سۇلايمانغا تۇتتى. سۇلايماننىڭ قوللىرى تولغىنايىنىڭ ئاق، نازۇك بارماقلىرىغا تېگىپ كەتتى. شۇ ھامان ئۇنىڭ ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلدى. يۈرىكى شادلىق، ھاياجان ئىلكىدە دۈپۈلدەپ كەتتى، بىراق ئۇ تولغىنايىنىڭ چىرايىدىكى غەلىتە، يېقىمسىز ئىپادىنى كۆرمىدى. تولغىناي ئۇنىڭ چىنە تۇتقان قوللىرىغا قاراپلا چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ كەينىگە داجىغانىدى. سۇلايمان دوغىنى ئىككى قېتىم سۇمۇرۈۋېدى. يۈرىكى سەگىپ قېلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇ بىر قۇيماقنى يەپ بولۇشىغا باراڭ سىرتىدا 10 ـ 12 ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالا كۆرۈندى.

ــ مارىخان ئاچا، ئانام جابدۇنغان بولسا چىقسۇن دەيدۇ.

ــ مانا بالام، داستىخىنىم تەييار، ھازىرلا چىقىمەن.

بالا كەينىگە ياندى. مارىيە ئالمان ـ تالمان ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيگە كىرىپ نەزىرگە تەييارلىغان داستىخىنىنى قولتۇقىغا قىسىپ چىقتى.

ــ كەچلەپ كەتكىن جۇمۇ ئوغلۇم. تولغىناي، سۇلايماننى قويىۋەتمە، ئاۋۇ كارىۋاتقا ياستۇق قويۇپ بەر، ئارام ئالسۇن. ئاندىن كېيىن قازان ئېسىشنىڭ تەرەددۇتىنى قىل، سۇلايماننىڭ نېمە يېگۈسى بولسا شۇنى ئەت. لېكىن، ئوغلۇم، گۆرۈچ يوق، ئۇندا بولىدىغان تاماقنىڭ قاندىقىنى كۆڭلۈڭ تارتسا ئوچۇق دە، مەن ھايالشماي كېلىمەن.

مارىيە سىرتقا ماڭدى. تولغىناي كارىۋاتقا ياستۇق قويغاندىن كېيىن كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ ئالدىدىكى يۆلەنچۈكسىز ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. سۇلايمان ئۇنى يان تەرەپتىن كۆرۈپ تۇراتتى. سۇلايمان ھازىر توي ھەققىدە سۆزلىشىش پۇرسىتى كەلگەنلىكىنى، جۈرئەتسىزلىك، تارتىنىش، قورۇنۇش تۈپەيلىدىن بۇنداق ياخشى پۇرسەتنىڭ تالاي قېتىم بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى، بۈگۈن چوقۇم گەپنىڭ ئوچۇقىنى دېيىش، جاۋاب ئېلىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى.

ــ تولغىناي مەن... مەن ساقىيىدىغان ئوخشايمەن.

سۇلايمان ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىن گەپنى دەل شۇ يەردىن باشلاشنى قارار قىلغانىدى. تولغىناي ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماستىن بىپەرۋالىق بىلەن دېدى:

ــ بۇ ئۆزۈڭنىڭ ئارزۇسى ھەم قىياسى.

ــ تېۋىپ ساقايتىشقا ھۆددە قىلىمەن، دېدى.

تولغىناي بايا تىكىپ تاشلاپ قويغان رەختنى ئۇيان ـ بۇيان ئۆرىدى، چاكلىرىغا سىنچىلاپ قارىدى. شۇ تاپتا ئۇ سۇلايماننىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغاندەك بىپەرۋا ھالدا ئۆز ئىشىغا

كىرىشكەنىدى. سۇلايمان ئۇنىڭ بۇنداق مۇئامىلىسىدىن مەڭدەپ قالدى.

ــ مەن ئەقلىمگە كەلگەندىن بۇيان ئاق كېسەلنىڭ ساقايغىنىنى ئاڭلاپ باقمىدىم ھەم كۆرمىدىم، ــ تولغىنانىڭ بىر ھازا ئۆتكەندىن كېيىن بۇنداق تۇيۇقسىز گەپ قىلىشى سۇلايماننى تېخىمۇ ھەيران قالدۇردى، ــ ھاۋانچىدا سوققان بىر ـ ئىككى چاڭگال ئوت ـ چۆپ تالقىنىغا سەندىن بىر مۇنچە پۇل ئالغاندۇ. يۆگىمەچ، خۇخا، يانتاق دېگەندەك بىر نېمىلەرنى ئۇنداق دورا، مۇنداق كېسەلگە شىپا، پوكۇنى مەملىكەتتىن كەلتۈرۈلگەن، دەپ ماختاپ ساتىدۇ بۇ قىزىلكۆز ئالدامچىلار.

تولغىناي يەنە جىمىپ كەتتى. سۇلايمان ئۇنىڭ ماشىنا ئالدىدىكى ھەرىكىتىگە دىققەت بىلەن قاراپ ئولتۇرۇپ ئەختەم قارىينى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئەختەم قارىينىڭ گەپ ـ سۆز، مۇئامىلىسىدىن سەممىي، ئاقكۆڭۈل، ھالال ئادەم ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. سۇلايمان تولغىنانىڭ تېۋىپ توغرىسىدىكى سۆزلىرىنى كۆڭلىگە ئالماسلىق قارارىغا كەلدى. چۈنكى، ئۇنى بىر ئامال قىلىپ ئۆزىگە قارىتىشى، مايىل قىلىشى، خۇشال بولغۇدەك بىر جاۋاب ئېلىشى كېرەك ئىدى. بىراق، ئۇ گەپنى نەدىن باشلاش لازىملىقىنى بىلەلمەي يەنىلا دورا توغرۇلۇق ئېغىز ئاچتى.

ــ ئەختەم قارىي داڭلىق تېۋىپكەن، بەرگەن دورىلىرىغا پۇلمۇ ئالمىدى، تېخى...

ــ بۇمۇ بىر ھىيلە، ــ دېدى تولغىناي كەسكىن ئاھاڭدا، ــ سەندە ئالتۇن بارلىقىنى بىلىپ قالغاندۇ. ھەر ھالدا ئالدىنىپ قالما.

ــ بەش ۋاق نامازنى قازا قىلمايدىغان ئەھلى ئىلىم كىشىكەن، رۇستەم ئۇ كىشىنى ماختاپ بەرگەن، راست دېگەندەك...

تولغىناي رۇستەمنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ ۋىللىدە قىزاردى. سۇلايمان ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشنى بايقىغان بولسىمۇ شۈبھىلەنمىدى.

ــ ئۇ سېنىڭ قارىشىڭ، ــ تولغىناي بىر خىل ئىستېھزا بىلەن دېدى، ــ لېكىن مەن تېۋىپقا ئىشەنمەيمەن.

ــ نېمىشقا؟

ــ دېدىمغۇ، ئۇنىڭ سېنى ساقايتالىشى ناتايىن.

ــ مۇبادا مەن ساقايسامچۇ؟

ــ ئۇنداقتا تېخى ياخشى.

ئارىنى يەنە جىمجىتلىق باستى، تولغىناي پۇتلىرىنى ئەركىن ھەرىكەتلەندۈرۈپ ماشىنا چاقىنى يەڭگىل ئايلاندۇراتتى. ئۇ ئانىسىنىڭ بايىقى تاپشۇرۇقلىرىنى پۇتۇنلەي يادىدىن چىقارغاندەك كۆرۈنەتتى. نېمە يەيسەن، دەپ سوراپمۇ قويمىدى. تاماق تەرەددۇتىنىمۇ قىلمىدى. بۈرۈن ئۇ سۇلايمان كەلگەن ھامان گويا ئەڭ يېقىن تۇغقىنى يىراق سەپەردىن كەلگەندەك خۇشال بولۇپ قىن ـ قىنىغا پاتماي قالاتتى. چاي قاينىتاتتى. داستىخان ھازىرلايتتى. ئۆيدە ساقلىغان ئەڭ ياخشى نەرسىلىرىنى سۇلايماننىڭ ئالدىغا قوياتتى. نېمە يەيسەن، نېمە ئىچىسەن، نېمە ئېتىپ بې-

رىمەن، دەپ سوراپلا تۇراتتى. ئۇ چاغلاردا ئۇ شۇنچىلىك خۇش خۇي، شوخ، سۆزمەن بولۇپ كېتەتتى. بۇ گۈنچۇ؟ تولغۇنايغا نېمە بولغاندۇ؟ سۇلايمان تولغۇنايىنىڭ ئالدىغا سەل ئېگىشكەن خۇش پېچىم گەۋدىسگە قاراپ ئولتۇرۇپ نېمىلا بولمىسۇن ئارىنى ئوچۇق قىلىۋېتىش قارارىغا كەلدى.

— تولغۇناي.

— هە.

— ساڭا بىر گەپنى ئېيتسام...

— هە ئېيتقىن.



— ماقۇل دەمسەن؟

— نېمىگە ماقۇل دەيمەن؟

— بۇياققا قارىغىنا.

تولغۇناي ماشىنىنى توختىتىپ كەينىگە ئۆرۈلدى. چىرايىدا تەئەججۇپ، ئىستىهزا هەم نېمىدىندۇر خۇدۇكسىرەش ئىپادىسى ئەكس ئەتتى.

— سەنمۇ چوڭ بولدۇڭ، هەممىمىزنىڭ بېشىدا بار ئىش. راستىنى ئېيتسام... ئىككىمىز... توي قىلساق دېمەكچىدىم. ئۇزۇن بولدى ساڭا بۇ گەپنى دەيمەن دەپ...

سۇلايمان كېكەچ ئادەمدەك سۆزىنى تولۇق دېيەلمەي توختاپ قالدى. تولغۇنايىنىڭ ئاپئاق يۈزلىرى قىزاردى. هايال ئۆتمەي تاتاردى. كۆك كۆزلىرى ۋەھىمىلىك چاقنىدى. كېيىن ئىپادىسىز بىر رەۋىشتە يەرگە تىكىلدى. تولغۇناي ئۇنى بىر تۇغقان قېرىندىشىدەك ياخشى كۆرەتتى. بۇ ياخشى كۆرۈش مۇھەببەت ئەمەس ئىدى. ئالدىنقى يىلى ئانىسى ئۆيگە كەلگەن

ئەلچىلەرگە «قىزىمنىڭ بېشى باغلاقلىق» دېگەنىدى. كىمگە باغلاپ قويغانلىقىنى ئېنىق دېمىگەن بولسىمۇ، تولغىناي ئانىسىنىڭ غەرىزىنى بىلىپ قالغانىدى. چۈنكى، ئانىسى سۇلايماننى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي ماختاپ يۈرەتتى. تولغىناي هامان بىر كۈنى سۇلايماننىڭ مۇشۇ ھەققىتە ئېغىز ئاچىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەنىدى. ھەر قېتىم شۇنى ئويلىسا كاللىسىدا كەسكىن توقۇنۇش بولاتتى. سۇلايماننىڭ كېسىلى كۆڭلىگە غەشلىك سالاتتى. رايىنى ياندۇرۇپ تۇراتتى. مانا بۈگۈن ئويلىغان، تەسەۋۋۇر قىلغان ئىش ئاخىرى يۈز بەردى. ئۇ نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ بىر هازاغىچە جىم ئولتۇردى.

— بىر نېمە دېگىن، تولغىناي، — سۇلايماننىڭ تاقىتى تۈگەپ بوغۇق ئاۋازدا سورىدى، — كۆڭلۈڭدىكىنى دېگىن.

تولغىناي ماقۇل دېسىمۇ سۇلايماننىڭ بەختى كەلگىنى، مۇبادا ياق دېسىچۇ؟ ياق دېگەن سۆز بىر دانە بومبىغا ياكى دەھشەتلىك چاقماققا ئوخشايتتى. ئۇ پارتلىسا ياكى چېقىلسا سۇلايماننىڭ كۆڭۈل دۇنياسى گۇمران بولاتتى.

— سەن ئاۋۋال ياخشىراق داۋالانغىن، — تولغىناي كۆزلىرىگە ياش ئالدى، — مېنىڭمۇ ساڭا ماقۇل دېگۈم بار، ئاناممۇ بۇ گەپنى ماڭا ئاللىقاچان پۇراتقان. لېكىن... لېكىن ئۇ چۇق گەپنى ئېيتسام... سەندىكى كېسەل ماڭىمۇ يۇقسا، بۇمۇ مەيلى. ئەمما... — تولغىناي ئېسە دەپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئەمما بىز باللىقمۇ بولارمىز، كېسەل بىزدىنمۇ ئېشىپ بالىلارغا، نەۋرىلەرگە مىراس قالسا... بۇ بەكمۇ چوڭ بەختسىزلىك بولمامدۇ؟ — تولغىناي ئىككى ئالقىنى بىلەن يۈزلىرىنى توسۇۋالدى، ياش تامچىلىرى بارماقلىرى ئارىسىدىن ئېقىپ چىقتى، — سۇلايمان، شۇ... شۇلارنى ئويلىسام قاتتىق قورقىمەن. ساڭا نېمە دېيىشىمنى بىلمەيلا قالىمەن. بايىقى تېۋىپ، دورا توغرىسىدىكى گەپلىرىڭگە رەنجىپ كەتمە، ساقايتىشقا ھۆددە قىلىمەن دېگەن بولسا چوقۇم داۋالانغىن.

— مەن ساقايغىچە سەن ساقلاپ تۇرامسەن - دە، — سۇلايمان ئەمدى سۆز قىلىشنىڭ ھاجىتى قالمىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ نېمىدىندۇر ئۈمىد كۈتكەندەك ئىختىيارسىز سۆزلەپ قالدى، — سەن قانات چىقاردىڭ، ئۇچۇرما بولدۇڭ، مەن تېخى... — سۇلايمان سۆزلەۋېتىپ يانچۇقىدىن ئەختەم قارىي ئالغىلى ئۇنىمىغان ئىككى تىللانى ئېلىپ تولغىنايىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى، — بۇنى... بۇنىڭدا بىر نەرسە ياسىتىۋال، ئۈزۈكمۇ، ھالقىمۇ... — سۇلايمان تولغىنايدىن بىر قەدەم يىراقلاشتى، — مۇشۇنداق قىلسام گېپىمگە ئۇنايدۇ، دەپمۇ ئويلىمىدىم، دەرۋەقە كۆڭۈل دېگەننى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدۇ. لېكىن... مەن ساقايغىچە سەن ساقلاپ تۇرمايدىغان ئوخشايسەن.

— پېشانەمگە پۈتۈلگەن قىسمەتنى كۆرەرمەن، — تولغىناي كۆز يېشىنى قايتا - قايتا سۈرتتى، — قانداق قىلاي، نېمە ئىلاجىم بار. داداڭنىڭ، سېنىڭ بىزگە قىلغان ياخشىلىقلىرىڭلارنى دېسەم، مېنىڭمۇ كۆڭلۈم خۇددى...

— مەن شۇ قىلغان ياخشىلىقلار بەدىلىگە سېنى ئالاي دېمىدىم، كۆڭۈل دېگەن باشقا

گەپ، تولغىناي.

ــ سۇلايمان، مېنى قىينىما!

سۇلايمان شاققىدە ئورنىدىن تۇردى ـ دە، باراڭ ئاستىدىن چىقتى. ئارقىسىدىن تولغىنايىنىڭ ئىچىنىشلىق ئاۋازى ئاڭلاندى.

ــ توختا سۇلايمان، توختىغىنا!

تولغىنايىنىڭ كۆزلىرىدە ئاللىقانداق بىر ئۇچقۇن پاللىدە چاقناپ يەنە ئۆچتى.

ــ بۇنى ئەپكەت، ــ دېدى تولغىناي سۇلايماننىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ، ــ مەن بۇنى ئالالمايمەن، داۋالىنىشىڭغىمۇ پۇل كېتىدۇ. ھەر ئىككىمىز بىر ــ بىرىمىزدىن خاپا بولمايلى.

سۇلايمان ئۆزىگە تەڭلەنگەن تىللاغا قاراپ ھەيكەلدەك قېتىپ تۇرۇپ قالدى. كۆزلىرىدە ھاياتلىق نۇرلىرى ئۆچكەندەك قىلاتتى. تولغىناي يەنە نېمىلەرنى دېدىكىن، سۇلايماننىڭ قۇلىقىدا پەقەت: «ئەگەر ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرغان مال ـ دۇنيالىرىڭ بولسا ئەل ـ جامائەت ئۇنۇتمىغۇدەك بىر ياخشى ئىش قىلىپ قوي» دېگەن سۆزلەرلا قېپقالدى. شۇنداق قىلىپ، تولغىناي تىللالارنى سۇلايماننىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. پار ـ پار قىلىپ ئوتتەك يېنىپ تۇرغان تىللالار گويا رۇستەمنىڭ دۈكىنىدىكى سەندەل بىلەن بازغان ئارىسىدىن چاچراپ چىققان ئوت ئۇچقۇنلىرىدەك، بۇ ئۇچقۇنلار سۇلايماننىڭ ئالقانلىرىنى كۆيدۈرگەندەك بىلىندى ـ دە، تىللالارنى ئىتتىك يانچۇقىغا سېلىۋالدى. ئۇنىڭ ئېڭەك، پېشانىلىرىدىكى بەرەس ئىزنالىرى تېخىمۇ ئاقىرىپ كەتكەنلىكتىن چىرايى قورقۇنچلۇق تۈس ئالغاندى. ئۇ تولغىنايىنىڭ ھويلىسىدىن قانداق قايتىپ چىققانلىقىنى ئەسلىيەلمەيتتى. كاللىسىدا تۆمۈرچىلىك دۈكىنىدىكى بولقا، بازغانلارنىڭ گۈمۈلدىگەن ئاۋازىلا بار ئىدى. بازغان توختىماي زەرب بىلەن ئۇرۇلاتتى. بولقا بولسا ئۇنىڭغا ياندىشاتتى. سەندەل ئۈستىدە گۆشتاپتىن شېكەرتاپ ھالىتىگە كەلگەن تۆمۈر بازغان بىلەن بولقا زەربىسىدە شەكلىنى ئۆزلۈكسىز ئۆزگەرتىپ باراتتى ۋە ئۇنىڭدىن قېپقىزىل كۆيدۈرگۈچى ئۇچقۇنلار چاچراپ چىقاتتى. سۇلايمان تەقدىرنى بولقا بىلەن بازغانغا، ئۆزىنى بولسا بازغان بىلەن سەندەل ئوتتۇرىسىدا يەنچىلىۋاتقان تۆمۈرگە ئوخشىتاتتى.

سۇلايمان توختىماي مېڭىۋەردى. ئۇ قۇياشنىڭ يالقۇندەك ھارارىتىگىمۇ، نەپەسنى بۇغىدىغان دىمىق ھاۋاغىمۇ، سۇلياۋ كەشىنىڭ چەمىدىن ئۆتۈپ تاپاننى كۆيدۈرىدىغان قوقاستەك توپىغىمۇ پەرۋا قىلمايتتى. ھايات ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقاتقاندى.

سۇلايماننىڭ دادىسى تەۋەككۇل ئاخۇن يەر ئىسلاھاتى ۋاقتىدا ئاران 17 يېرىم ياشتا ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى سۇلايمان مەخسۇم سودىگەر بولۇپ، بۇرۇنلا ئالەمدىن ئۆتكەنىدى. مال ـ مۈلۈك، يەر ـ باغلىرى مىراس سۈپىتىدە تەقسىملىنىپ كەتكەن، تەۋەككۇل ئاخۇنغا تەگكەن مىراسىمۇ بار ـ يوقى ئالتە مو يەر، بىر مو باغدىنلا ئىبارەت ئىدى. لېكىن، دادىسىدىن قېپقالغان، سانىنى، نەرقىنى ئۆزىمۇ ئانچە بىلمەيدىغان ئالتۇن بىلەن تىللانى بولسا، ئىنتايىن مەخپىي ساقلاپ كېلىۋاتاتتى. دادىسىنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى بايلىق شۆھرىتى ئاساس قىلىنىپ تەۋەككۇل ئاخۇننىڭ سىنىپىي تەركىبى ھاللىق ئوتتۇرا دېھقان قىلىپ بېكىتىلدى. سوتسىيالىستىك تەلىم ـ

تەربىيە ھەرىكىتىدە توردىن چۈشۈپ قالغان دېيىلىپ پومېشچىك قالپىقى كەيدۈرۈلدى. شۇندىن كېيىن ئۇ يېزىدىكى باشقا ھەر خىل قالپاق كەيدۈرۈلگەن ئۇنسۇرلار بىلەن بىرلىكتە نازارەت-رېجىم ئاستىغا ئېلىندى. بىر يىلى گۆڭشې باشلىقلىرى ئۇن نەچچە دادۈيدىكى «بەش خىل ئۇنسۇر»لارنى يىغىپ گۆڭشېنىڭ يېڭىدىن سېلىنغان ئىشخانا قۇرۇلۇشىدا ئىشلەتتى. خەلق ئەسكەرلىرى ئۇلارنى ئۆيلىرىگە بارغۇزمايتتى. كىچىككىنە سۇلايمان دادىسىغا ھەر كۈنى دېگۈدەك ئاش-نان توشۇيتتى. ئۇ قارا ياغاچ دادۈي تەرەپتىن سېرىق چاچلىق، كۆك كۆزلۈك، كىچىككىنە بىر قىزنىڭمۇ قۇرۇلۇش مەيدانىغا تاماق كۆتۈرۈپ كېلىدىغانلىقىنى كۆردى. ئۇلار ئاسانلا تونۇشۇپ قالدى. كۆڭۈللىرىدىكى قىزغىن، پاك بالىلىق ھېسسىيات بىلىنمەيلا بىر-بىرىنىڭ قەلبىگە ئۆتۈشتى. گۈلە، جىگدە ياكى ئالما دېگەندەك نەرسىلەرنى بىر-بىرىگە سۇنۇشتى. سېرىق چاچلىق قىزنىڭ دادىسى «چەت ئەل ئىشپىيونى»، «شيۇجېڭجۇيىچى» بولغانلىقتىن، نازارەت ئاستىدا ئىشلەيتتى. بىللە ئىشلەش جەريانىدا تەۋەككۇل ئاخۇن ئۇنىڭ بىلەن ئاغىنە بولۇپ قالغانىدى. چوڭلارغا ئوخشاش كىچىكلەرنىڭ دوستلۇقىمۇ ئۆزلۈكسىز كۈچىيىپ باردى. ئىككى گۆدەك ئوتتۇرىسىدىكى رىشتە بارغانسېرى مەھكەم باغلاندى. بىر-بىرىنى ئىزدەپ تۇرۇشتى. بالىلىق خۇشاللىقلىرىنى بىر-بىرىگە ئىزھار قىلىشتى. ئۇلارنىڭ قەلب دەرۋازىسى ھامان بىر-بىرىگە ئېچىقلىق ئىدى. بۇ گۈنچۇ؟ ھەر ئىككىيلەن بالاغەتكە يەتكەن چاغدا نېمە ئۈچۈن پەلەكنىڭ چاقى ئىزىدىن چىقىپ تەتۈر چۆرگىلەشكە باشلايدۇ! سۇلايمان رۇستەمنىڭ سۆزلىرىنى ئەسلىدى. «بىرەر قىزغا كۆزۈڭ چۈشۈپ قالار، لايىق ئىزدىگۈڭ كېلەر، ئەنە شۇ چاغدا ئۇلار سەندىن قاچىدۇ». مانا، تولغونايىنىڭ بايىقى سۆزلىرى بۇنى ئىسپاتلىدى. رۇستەمنىڭ سۆزىدە ئاجايىپ چوڭقۇر بىر ھەقىقەت بار. ئۇ ئۆز ئەقىدىسىنىڭ بىر يولىلا بەربات بولغىنىغا، يىرگىنچلىك، ئېپلاس كېسەلنىڭ پۈتكۈل بەختىنى خانىۋەيران قىلىۋەتكىنىگە ئېچىنىپ يىغلىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنىڭ باشقىلارغا ئوخشاشلا مۇشۇ دۇنيادا ياشاشقا، تەبىئەت ئاتا قىلغان نېسىۋىلەردىن بەھرىمەن بولۇشقا ھوقۇقلۇق بىر ئادەم ئىكەنلىكىگىمۇ ئىشەنمەي قالدى.

كىمنىسا مېنى ئەخمەق، دېگەندى، ئۇ چوقۇم بىر ئىشنى بىلىپ دېدى بولغاي. تولغونايىنىڭ ماڭا ماقۇل دېمەيدىغانلىقىنى ئۇ نەدىن بىلىدىغاندۇ، بۇنىڭدا چوقۇم بىر گەپ بار. كىمنىسا ھەممىنى بىلىدۇ، ھەتتا تولغونايىنىڭ كىمگە تېگىدىغانلىقىنىمۇ بىلىدۇ. بىلسە نېمە بوپتۇ، تولغونايىنىڭ كىمگە تېگىشى ئۆز ئىختىيارىدىكى ئىشقۇ. تولغونايىمۇ راست گېپىنى ئېيتتى. ئۇ ئەمدى يوق. ئىسلىق كەپەمنى، بىر نەچچە مو يەرنى، ئازغىنا كۆچەت-ئورمانىنى دەپ قىشلاقتا سۆرۈلۈپ يۈرەمدىمەن. ئەمدى ماڭا بۇ يۇرت ھارام. كىمنىسا تېخى مېنى تاپ، دەيدۇ. كىمنىسا چىرايلىق بولغىنى بىلەن ئىككى ئەردىن چىقتى. ھېلىقى مۇخبىر بىلەنمۇ يۈردى. ھۇ بۇزۇق. ھەي... كەچتىم بۇ دۇنيادىن...

سۇلايمان تاراملاپ ئېقىۋاتقان ياشلىرىنى كەينى-كەينىدىن سۈرتتى. يانچۇقىدىن ئىككى تىللانى ئالدى. سۇلايمان مەخسۇمدىن تەۋەككۇل ئاخۇنغا، تەۋەككۇل ئاخۇندىن سۇلايمانغا مىراس قالغان خېلى كۆپ مال-دۇنيانىڭ ئىككى تال زەررىسى كۆز چاقنىتىپ پارقىراپ

تۇراتتى. سۇلايمان پوپكىدىن دورا شىشىلىرىنى ئېلىپ ئىككى تىللا بىلەن بىرلىكتە يول بويىدىكى تەكشى ئۆسكەن كۆپكۆك بېدىلىككە قارىتىپ ئاتتى.

سۇلايمان يوتقاندىن بېشىنى چىقىرىپ ئولتۇردى، كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىدى. ئۆي ئىچى ئاپئاق يورۇق ئىدى. دېرىزىدىن شۇڭغۇپ كىرگەن قۇياش نۇرى ئۇنىڭ كۆزلىرىنى چاقنىتىۋەتتى. ئۇ ئالدىرىماي كېيىنىپ سىرتقا چىقتى.

ئاسمان زۇمرەتتەك تىنىق، تولغىنايىنىڭ كۆزلىرىدەك گۈزەل ئىدى. قۇياش قىزدۇرىۋاتاتتى. ئۇنىڭ يالقۇنلاپ كۆيىۋاتقان هارارەت ئېقىمىمۇ تولغىنايىنىڭ ساپسېرىق چاچلىرىغا ئوخشايتتى. سۇلايمانغا پۈتكۈل زېمىن، ئۆسۈملۈك، گۈل ـ گىياھ، زىرائەت، دەل ـ دەرەخلەر بۇ گۈنلا ئاپىرىدە بولۇپ دۇنياغا كۆز ئېچىۋاتقاندەك شۇنچىلىك ئوماق كۆرۈندى. پارچە سايىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ـــ چارباغ كەنتىدىكى كۆجۈم مەھەللىلەر، كۆن نۇرى چۈشمەيدىغان باغلار، بۈك ـ باراقسان ئورمانلار ئاجايىپ گۈزەل كۆرۈنەتتى.

چارباغ غەربتىن شەرققە سوزۇلغان چوڭ يولنىڭ ئىككى قاسنىقىغا جايلاشقان كەنت ئىدى. ئۇ يەردىكى قاتار ـ قاتار ئۆيلەر، چاقماق شەكلىدە كېسىشكەن تار يوللار، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەر خۇددى ئۆمۈچۈك تورىدەك بىر ـ بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەنىدى. كەنتنىڭ يۇقىرىسىدىكى غىلاڭ، تاشلىق ساي كۆلىمى خېلىلا زور ئېپتىدائىي توغراق ئورمانلىقىغا تۇتىشاتتى. توغراقلىقنىڭ غەربىي ـ شىمال تەرىپىدە ساپالتوم سېيى بار ئىدى. كەنتنىڭ ئايىغىدىمۇ تاش ـ شېغىللىرى ئارىسىدا ئانچە ـ مۇنچە كۆك يانتاق، شاپ، شۋاق ئۆسىدىغان ساي بار ئىدى. بۇ پارچە ساي دەپ ئاتىلاتتى. قىشلاق بىلەن چارباغنى ئەنە شۇ پارچە ساي ئايرىپ تۇراتتى. قىشلاق دەپ ئاتالغان بۇ بىر پارچە زېمىن سۇلايمان تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، غەمسىز باللىق چاغلىرىنى ئۆتكۈزگەن ماكان ئىدى. ئۇنىڭ ئەجدادلىرىمۇ مۇشۇ قىشلاقتا ياشىغان، تەۋەككۈل ئاخۇن بۇ زېمىننى كۆكەرتىشكە بەل باغلىغان، ئەمما ئۆلگۈرەلمىگەنىدى. تەۋەككۈل ئاخۇنغا يومىلىچەك قالپىقى كىيدۈرۈلگەندە قىشلاقتىكى ئۆي جىقىپ تۈزلىۋېتىلدى، تەۋەككۈل ئاخۇن پارچە سايغا تۇتاش بولغان بەشنچى ئەترەتكە كۆچۈرۈلدى. ئۇ ئات ئېغىلىنىڭ بىر ئېغىز ئۆيىدە پاناھلاندى. ئاخىر بۇ ئۆيدە سۇلايمان تىنىدەك يالغۇز قالدى. ئۇ ئاپتاپپەرەس شاخلىرى بىلەن يېپىلغان ئۆيدە يېتىپ ھەمىشە قىشلاقنى چۈشەپ چىقاتتى. ئەتراپى يۇلغۇن، چۈچۈكبۇيا، چېرىمدان، يانتاق بىلەن قاپلانغان بۇ كىچىككىنە زېمىن سۇلايمان ئۈچۈن بەكمۇ سۆيۈملۈك، قەدىرلىك بىلىنەتتى. يەرلەر هۆددىگە بېرىلگەن يىلى سۇلايمان ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان يەرنى ئالمىدى. قىشلاققا كېلىپ خارابىسىنىڭ ئىزىمۇ قالمىغان قەدىمىي ئۆيى ئورنىغا ئۈچ ئېغىزلىق ئۆي، هويلا بىنا قىلدى. ئەتراپىغا كۆچەت تىكتى. بىنام ئاچتى. دەسلەپكى يىلى چاچقان ئۇرۇققا لايىق دانمۇ چىقمىدى. يەر يىلدىن يىلغا يۇقىرى هوسۇل بەردى. بۇ يىل ئۇنىڭ بۇغدىيى بەك ئوخشىغانىدى. خاماندىكى ئالتۇندەك رەڭدار چەشلەر سۇلايماننى سۆيۈندۈردى. ئاشلىقمۇ، پۇلمۇ بار، ئۆيچۇ، بۇنداق ئەسكى ئۆينى تولغىناي ياراتمايدۇ. تۈزۈك كىرەك ئۆي سېلىش كېرەك.

سۇلايمان ئۆيدىن 50 ـ 60 مېتىر نېرىدىكى سېغىز توپىلىق، ئېگىزرەك بىر ئورۇنغا ئۆي سېلىشنى پىلانلىدى. ئەنە كۆزنى يۇمۇپ ـ ئېچىپ بولغۇچە بەش ئېغىز ئۆينىڭ تېمى ئۆرە بولدى. ئىسسىق ـ سوغۇققا، جاپا ـ مۇشەققەتكە پىشىپ كەتكەن دانىش ئۆي قۇرۇلۇشىغا مەسئۇل بولدى. ئۇ ھازىر ياغاچ ـ تاش، بورا... دېگەندەك ماتېرىياللارنى تەق قىلغان بولۇپ، ياغاچچىلار كېلىپ ئىش باشلىسىلا بولاتتى. ئەپسۇسكى، ئۈچ ـ تۆت كۈندىن بۇيان سۇلايمان دانىشنىڭ ياغاچچى تەكلىپ قىلىش توغرىسىدىكى سۆزلىرىگە قۇلاقمۇ سالمىدى. ئۇنىڭ ئىچى تىتىلداپ ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالمايتتى. ماڭغان ـ تۇرغىنىنى، قويغان ـ تۇتقىنىنى بىلمەيتتى. ھېلىقى كۈنى ئۇ غەزىپىنى باسالماي «بەس! تولغىناي كىمگە تەگسە ـ تەگسۇن!» دېگەنىدى. بىراق چىدىمىدى. تولغىنايىنىڭ ئۆزىدىن باشقا بىرىگە تېگىشىگە چىدىمىدى. ئۈچ ـ تۆت كۈندىن بۇيان ئۇ ئۆزىنىڭ تاماق يېگەن يېمىگەنلىكىنى، ئۇخلىغان ياكى ئۇخلىمىغانلىقىنى ئەسلىيەلمەيتتى. پارچە سايدا كۈن بويى خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. يۇلغۇنلۇقلارنى، يېڭىدىن بەرپا قىلىنغان ئورمانلارنى ئارىلايتتى. ئاخىر، دەرد ـ ئەلەم، روھىي ھارغىنلىق، ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق ۋە ئۇيقۇسىزلىق ئۇنى ھالىدىن كەتكۈزۈپ بىراقلا يىقىتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھېچنېمىنى تۇيماي دىۋىدەك قاتتىق ئۇخلاپ كەتتى. سۇلايمان چىڭقى چۈش ۋاقتىدا ئۇيقۇدىن ئويغاندى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ، ئۆزىنىڭ يۇلغۇن تۈۋىدە ئۇخلاپ قالغانلىقىنى سەزدى. بىراق، قاچان ئۇخلاپ قالغانلىقىنى ئەسلىيەلمەيتتى.

ئوتتەك كۆيدۈرۈۋاتقان ئاپتاپ سۇلايمانغا شۇنچىلىك خۇشياقتىكى، ئۇ كۆك كاجى كۆڭلىكىنى سېلىۋېتىپ، قۇياشقا دۈمبىسىنى قىلىپ زوڭزىيىپ ئولتۇردى. ئۇستىخانلىرى ئۇرۇپ ـ چېقىۋەتكەندەك سىرقىراپ ئاغرىيتتى. ئاپتاپ كۆيدۈرۈپ تۇرسىمۇ بەدەنلىرى جۇغۇلداپ تىترەيتتى. ئاپتاپقا قاقلىنىپ ئۇزاق ئولتۇردى. ئۇشتۇمتۇت كالپۇكلىرى قىچىشىشقا باشلىدى. بۇ قىچىشىش ئاجايىپ تاتلىق، شېرىن قىچىشىش ئىدى. ئۇ كالپۇكلىرىنى تاتىلىغانسېرى تېخىمۇ خۇش يېقىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە توختىماي تاتىلىدى. ئاز ئۆتمەي كالپۇكلىرىدا قاپارتقۇچقا ئوخشاش ھۇررەك ـ ھۇررەك دانىچىلار پەيدا بولدى. قارا باسسىمۇ قوقاق چىقىدىكەن، توۋا خۇدايىم، ـــ دەيتتى ئۇ ئىچىدە، ـــ نېمىلا بولمىسۇن، قوقاق تېشىمغا تەپتى. بولمىسا... ئاغرىپ يېتىپ قالماسمىدىم.

غۇر ـ غۇر شامال چىقتى، ساسلىقتىن سۇ ئوتى، لەش ـ زەي سۇنىڭ پۇرىقى كەلدى. سۇلايمان ئىچ ـ ئىچىدىن جۇغۇلداپ تىترەپ تۇرسىمۇ، يۈز ـ كۆزلىرىدىكى تەرلىرىنى سۈرتىۋېتىپ ئورنىدىن تۇردى. بىرىپ كىمنىسانى تاپاي، ئىشنىڭ نېمىلىكىنى سوراپ باقاي. ئۇ چوقۇم تولغىنايىنىڭ سىرىنى بىلىدۇ. مېنى تاپ دېگەنىدىغۇ، سۇلايمان ئاشۇ خىيال بىلەن مېڭىپ كەتتى. ساسلىق بويىغا كەلگەندە دانىش بىلەن ئۇچراشتى. دانىش بىر نەچچە ئادەمنى باشلاپ كېلىۋاتاتتى، ئۇلار ياغاچچىلىق ئەسۋابلىرىنى كۆتۈرۈشىۋالغانىدى.

ـــ بۈگۈن ئىش باشلايمىز، ـــ دېدى دانىش.

ـــ ئۆزۈڭ بىلىپ، نەرقىنى سۆزلىشىپ پۇل بەر. ئۆي كۆڭۈلدىكىدەك پۈتسىلا بولدى.

دانىش ياغاچچىلارنى ئەگەشتۈرۈپ قىشلاققا كەتتى. سۇلايمان كەنتكە قاراپ ماڭدى.
ئاھ! ــ دەيتتى ئۇ خورسىنىپ، ــ ئۆي سېلىپ نېمە قىلاردىم، ئاشۇ كاتە كتەك ئۆيلىرىمۇ يالغۇز
جېنىمغا يېتىپ ئاشىمامتى، خەيرىيەت، تام ئېتىلىپ بولدى. دانىش قانداق قىلسا قىلار، ئۇ ئە-
شەنچلىك ئادەم، مېنىڭ ئىشلىرىمغا، پۇلۇمغا قارا سانىمايدۇ.

سۇلايمان ئەقلىگە كەلگەندە، دانىش چارباغ دادۈي پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى
ئىدى. ساۋاتسىز، ئاددىي بىر پادىچىنىڭ قانداقسىگە شۇجى بولۇپ قالغانلىقى ۋە ئۇنىڭ تۇرمۇ-
شىدىكى ئىشلار توغرىسىدا ئەمەت مەزىن ياشلارغا قىزغىنلىق بىلەن سۆزلەپ بېرەتتى.

سوتسىيالىستىك تەلىم ـ تەربىيە ھەرىكىتى ئاخىرقى باسقۇچقا قەدەم قويۇپ دادۈينىڭ
رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى تەرتىپكە سېلىنىۋاتقان كۈنلەردە بىرەيلەن: «داداۈيدە ئىشىڭ بار كەن،
ھازىر كەلسۇن دەيدۇ» دەپ قىشلاقنىڭ ئايىغىدىكى جاڭگالدا ئەترەتنىڭ قوي، ئۆچكىلىرىنى
بېقىۋاتقان دانىشنى ئالدىغا سالغىنىچە داداۈي قورۇسىنىڭ زالىغا باشلاپ كەلدى. دانىش يولدا
كەلگۇچە: قويدىن نەچچىنى يەۋالدىڭ، نەچچىنى ئۆلتۈرىۋەتتىڭ، داداۈي كادىرلىرىغا نەچچىنى
بەردىڭ، دەپ سورىقا تاتارمىكىن دەپ قورققانىدى. ئۇ شىرە ئالدىدىكى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇ-
زۇلدى. گۇڭشې پارتكومىنىڭ ئۇنى چارباغ داداۈي پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىقىغا
بېكىتكەنلىكى توغرىسىدىكى قارارى ئوقۇلغاندا ئۇ تېخىمۇ قورقۇپ تىترەپ كەتتى. بەدىنىنى
مۇزدەك سوغۇق تەر باستى. ئۇن نەچچە پارتىيە ئەزاسىنىڭ يېرىم قىزغىن چاۋاكلىرى ئۇنى
تېخىمۇ گاڭگىرىتىپ قويدى. ئۇنىڭ پارتىيىگە كىرىش تەلەپنامىسىنىمۇ ئاللىقاچان خىزمەت
گۇرۇپپىسىدىكىلەر تولدۇرۇپ يۇقىرىغا يوللىغانىدى. مانا شۇ مىنۇتتىن باشلاپ دانىش
پادىچىلىقتىن لەپپىدە كۆتۈرۈلۈپ چارباغ داداۈينىڭ ئەڭ چوڭ ھوقۇقلۇق خوجايىنىغا ئايلاندى.
خىزمەت گۇرۇپپىسى ئىگىلىگەن ماتېرىياللارغا قارىغاندا، چارباغ بويىچە كادىر، ئاما ئىچىدە
ھېچقانداق مەسىلىسى يوق، ئىدىيىسى ساغلاپ بىردىنبىر كىشى ئاشۇ دانىش ئىدى. لېكىن، ئۇ
شۇنچىلا چوڭ ھوقۇقنى تۇتۇپ تۇرۇپمۇ تۇرمۇشىنى قىلچە ياخشىلىيالمىدى. ئۇنىڭغا قۇتقۇزۇش
قىلىپ بېرىلگەن پاختىلىق چاپان ئۇ شۇجى بولۇپ تۆتىنچى يىلىغا قەدەم قويغاندىمۇ يەنىلا ئۇ-
چىسىدىن چۈشمىدى. بۇنداق ئاددىي ـ ساددا، يوقسۇزلۇق ئىچىدە ئۆتمۈشنى ئۇنۇتماي
ياشايدىغان پاك ـ دىيانەتلىك كادىر تەشكىلگىمۇ، ئاممىغىمۇ ياراىتتى. دانىش كېچە ـ كۈندۈز
خىزمەت دەپ پالاقلاپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ ئاچ ـ توق قېلىشى بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوق ئىدى.
ئۇ قۇتقۇزۇش ئاشلىقى، كىيىم ـ كېچەك ۋە پۇللاردىن ئۆزىگە بىر ئۆلۈش تەقسىم قىلىشتىن بەكمۇ
قورقاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، شۇجى بولۇش تەمەسى سۇغا چىلاشقان، چارباغنىڭ پۈتكۈل
ئىقتىسادىنى چاڭگىلىدا تۇتۇپ كېلىۋاتقان ئىساق بوغالتىر دانىش شۇجىنىڭ بۇ ھالىدىن خۇشال
ئىدى. ئۇ بوغالتىرلىق بىلەن كاسسىرلىقنى بىر ئۆزىلا ئىشلەپ كېلىۋاتقاچقا، دانىش شۇجىنىڭ
كوللېكتىپ پۇلىدىن بىر موچەن خەجلىۋېلىشىغا ئىمكانىيەت قالدۇرمايتتى. ھازىرقى مەزىن
ئەمەت ھوشۇر ئۇ چاغلاردا ئىساق بوغالتىرغا ئوخشاشلا ئۇزاق دەۋر سۈرگەن ئامبارچى ئىدى.
ئۇمۇ دانىش شۇجىغا نورمىسىدىن تاشقىرى بىر جىڭ تېرىق بەرمەيتتى. بوغالتىر بىلەن

ئامبار چىنىنىڭ تىلى، دىلى بىر بولغاچقا، دانىش شۇجى ھەممە جەھەتتىن قىسىلىپ مۇھتاجلىق ئىلكىدە ياشايتتى. ئاچ - زېرىن تۇرمۇش دانىش شۇجىنىڭ تۇغماس، ھورۇن ئايالىنى ھالىدىن كەتكۈزۈپ ئاخىر كېسەلنىڭ چاڭگىلىغا تاشلىدى. ئاز ئۆتمەي بۇ ئايال ئۆلۈپ كەتتى. پەقەت شۇ چاغدىلا ئىساق بوغالتىر بىلەن ئەمەت ھوشۇر دانىش شۇجىغا ئوك كۆزىدە قاراپ، ئۆلۈم ئۇزىتىش، نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن پۇل، ئاشلىق بېرىشتى. ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندە ئەمەت ھوشۇر دانىش شۇجىنى ئۆيىگە چاقىردى ۋە ئىساق بوغالتىرنىڭ ئۇنى كۈيئوغۇل قىلىۋېلىش مۇددىئاسى بارلىقىنى ئېيتتى. بۇ دانىش شۇجىدەك يېشى 35 لەرگە بېرىپ قالغان، يانچۇقىدا بىر تەڭگە پۇلىنىڭ تايىنى يوق، سېپى ئۆزىدىن قارا كەمبەغەل، سالتاڭ كادىر ئۈچۈن كۈتۈلمىگەن ئامەت ھېسابلىناتتى. ئىساق بوغالتىرنىڭ سىڭلىسى كىمىنسا ئەرگە تېگىپ، تېزلا ئاجرىشىپ كەتكەن، ئەمدىلا 17 ياشقا كىرگەن، زىلۋا بوي، قارا قاش، چىرايلىق، شوخ جۇۋان ئىدى. ئىساق بوغالتىر يىگىتكىمۇ ئۆزى ئاتا بولۇپ توي ئۆتكۈزۈپ بەردى. يەنە بىر پەيتى كەلگەندە ئىساق بوغالتىر چارباغ دادۈينىڭ بارلىق ئەر - ئايال ئەمگەك كۈچلىرىنى تەشكىللەپ، دادۈي بېغىنىڭ بىر قىسمىغا دانىش شۇجى ئۈچۈن ئۆي سالدۇردى. ئۆي پۈتكەندىن كېيىن ئىساق بوغالتىر ئۆيىنى ئۆزى سەرەمجانلاشتۇرۇپ سىڭلىسى بىلەن كۈيئوغلىنى يېڭى ئۆيگە كۆچۈردى. توي بولۇپ بەش ئاي ئۆتكەندە كىمىنسا تۇغدى. بالىسى يەتتە كۈنلۈك بولۇپ چاچراپ كەتتى، دانىش شۇجى بۇ ئىشنى تېشىغا چىقىرالماي زەردىگۈش بولۇپ بىر نەچچە ئاينى ئۆتكۈزىۋەتتى. كىمىنسادىن «بالىنىڭ دادىسى كىم» دەپ سوراشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى. نومۇس كۈچى ۋە ئامالسىزلىقتىن بۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتىشكە تىرىشتى. كىمىنسا شوخ ئايال بولغاچقا، دانىش شۇجىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇۋالدى، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن دانىش شۇجىنىڭ كۆڭلىدە بېسىقماي كېلىۋاتقان بۇ غەليان ئۆزلىكىدىن بارا - بارا غايىب بولدى. ئۇ ئايالىنىڭ گۈزەللىكى، كېلىشكەن قامىتى، شوخلىقى، ناز - كەرەشمىلىرىدىكى جەلبكارانە كۈچ تۈپەيلىدىن ھەممىنى ئۇنتۇغاندى. كىمىنسا ئۇنىڭ ئىمانىنى ئوغرىلاپ، كۆڭلىنى ئۆزىگە مايىل قىلىۋالدى. دانىش شۇجى تېخىمۇ ياۋاش، جىمغۇر، خوتۇنىنىڭ ئالدىدا گېپىنى ئوچۇق قىلالمايدىغان ھالغا كېلىپ قالدى. كېيىن بېرىپ چارباغنىڭ خىزمەتلىرىگە ئىساق بوغالتىر پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ قوماندانلىق قىلىدىغان ھالەتمۇ شەكىللەندى.

سۇلايمان خىيال سۈرگىنىچە چارباغقا كىرىپ كەلدى. كىمىنسا ئۆيىدە يوق ئىدى. ئارقىسىغا يېنىپ رۇستەمنىڭ ئىشىكىگە كەلدى، رۇستەممۇ ئۆيىدە يوق ئىدى. ئۇ قىشلاققا قايتماقچى بولۇپ ئارقىسىغا يېنىۋېدى، مەسچىت تەرەپتىن ئاڭلانغان ئەزان ئاۋازى ئۇنى توختاشقا مەجبۇر قىلدى. ئۇ يولدىلا ئولتۇرۇپ دۇئاغا قول كۆتەردى. بۇ يەردىكى مەسچىت «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا چېقىۋېتىلگەنىدى. جامائەت مەسچىتنىڭ ئەتراپىغا تام سوقۇپ، خام خىشتا مېھراپ ياساپ، پەلەمپەي چىقىرىپ قويغانىدى. ئەمەت مەزىن ھەر جۈمە كۈنى مانا شۇ پەلەمپەي ئارقىلىق تام ئۈستىگە چىقىپ ئەزان توۋلايتتى.

— ھەي سۇلايمانا خۇن، — دېدى ئەمەت مەزىن پەلەمپەيدىن چۈشۈۋېتىپ، — كۈن

قايـاقـتـىن چىقتى، بۇرۇن زادىلا نامازغا كەلمەيتتىڭ، خۇدا دىلىڭغا سالدىمۇ - نېمە؟ ئەمدى ئەق-لـىـڭـنـى تېپىپسەن. نامازغا بالدۇر كەلسىمۇ ساۋاب بولىدۇ، ئىمامغا قانچە يېقىن ئولتۇرسا تېخىمۇ چوڭ ساۋاب.

سـۇلايـمـان ئۈنـدىـمىدى، ئادەتتە ئۇ بامدات نامىزىنىلا ئوقۇيتتى. بەزى كۈنلىرى تېخى ئو-قۇمـايـمۇ قـالاتـتـى. راسـتـىـنـى ئېـيـتقاندا جۈمە نامىزىنىڭ سۈننىتى، پەرزى نەچچە رەكئەت ئىكـەنلىكىنى، سۈننەت، پەرزدە قايسى ئايەت ئوقۇلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇنىڭ بىلىدىغانلى-رىـمـۇ سـۈرە فـاتـىـھـە بـىـلەن سۈرە ئىخلاستىن نېرىغا ئۆتمەيتتى. لېكىن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاللانىڭ بـەنـدىسى، مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ ئۈممىتى ئىكەنلىكىگە چوڭقۇر ئىشىنەتتى. خۇدانىڭ پەرز-لـىرىنى تولۇق ئادا قىلمىسىمۇ، ئۆزىنى ھامان ئىمانى كامىل مۇسۇلمانلار قاتارىدا سانايتتى، ئەگەر ئۇ ئەمەت مەزىنگە ئۇدۇل كېلىپ قالمىغان بولسا جۈمە نامىزىغا كىرمىگەن بولاتتى.

مـەيـدانغا ئالدىن كەلگەنلەر شۈكرى ناماز، نەپلە نامازلىرىنى ئوقۇپ بولۇشقاندىن كېيىن سـەپ تـۈزۈپ ئولـتـۇرۇشـتـى. قـۇددۇس قارىم پەرز نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئاللانىڭ پـەرزلـىرىنى تولۇق ئادا قىلىش، بولۇپمۇ بەش ۋاق نامازنى قازا قىلماسلىق توغرىسىدا بىر ھازا ۋەز ئېيتتى. سەپتە ئولتۇرغانلارنى ئىمانى پاك مۇسۇلمانلار، دەپ ماختىدى. ئارقىدىن:

— نـامـازغـا كـەلـمـىگەنلەر خېلى جىق، ئۇلارغا نەسھەت قىلايلى، ئىسلام نۇرى بىلەن ئۇلارنـىـڭ قـاراڭغۇ دىلىنى يورۇتايلى. ئىساق قارىي چارباغنىڭ شۇجىسى، ئۆزى كوممۇنىست. لـېـكـىـن مـۇسـۇلـمـان بولغىنى ئۈچۈن نامازغا چىقىدۇ، ئاللانى يادىدا تۇتىدۇ. ئەپسۇسكى مۇنۇ رۇسـتـەم بولسا ھېچنېمە ئەمەس، ئەمما نامازغا چىقمايدۇ. مانا مەسچىت، ئەنە ئۇنىڭ ئۆيى، ئوتتۇ-رىـدا داۋان يـوق، نـاھايـىـتـى كـەلـسـە ئىـكـكـى قـەدەم يول. جامائەت خېلى يىراق يەرلەردىنمۇ كـېلىۋاتىدۇ. رۇستەم دېگەن بۇ ئىمانسىز ناشايان ئىشلارنى قىلىدۇ، ھاراق ئىچىدۇ، ھاراق دېگەن ھارام ئەمـەسمۇ، ھە؟ بۇنداق بىناماز، ئىمانسىزلار بىلەن قول تۇتۇپ كۆرۈشۈشمۇ، ھەمسۆھبەت، ھەمداسـتـىـخان بولۇشمۇ ھارام. بىر يۇرتتا مۇشۇنداق ئادەمدىن بىرى بولسا شۇ يۇرتتا بەرىكەت يـوق دەپـتـۇ كـىـتـابلاردا. شـۇڭـا، بۇنداق ئادەملەرنى يا مۇسۇلمانچىلىققا ئۆگىتىش، يا يۇرتتىن كەتكۈزۈۋېتىش لازىم، — دېدى.

سۇلايمان جىمجىت تىڭشاپ ئولتۇراتتى. قۇددۇس قارىم نۇتقىنىڭ تېمىسىنى يۆتكەپ، باشقا كـەنـت - مـەھەلـلـىلەردە چىرايلىق، كۆركەم مەسچىتلەرنىڭ بىنا قىلىنغانلىقى، بىراق چارباغدا كـەنـت بـويـىـچـە يـىـغـىـلـىـپ نـامـاز ئوقـۇيدىغان چوڭراق جامەنىڭ يوقلىقى، بۇنىڭدىن چارباغـلـىـقلارنىڭ ئىمانىنىڭ سۇس ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدىغانلىقى، شۇڭا يېڭى جامە سې-لـىـش ئۈچۈن ھەممەيلەننىڭ كەپسەن، ئۆشرە - زاكات، سەدىقە بېرىشى، پۇل، مال ئىئانە قىلىشى تـوغـرىـسىدا سۆزلىدى. ئاخىرىدا مېھراپ يېنىدىكى خىش دۆۋىسىگە چىقتى - دە، جامائەتكە يۈز-لەندى:

— ھە، قېـنى مۇسۇلمانلىرىمىز، ئاتىغىنىمىزنى بېرەيلى، — قۇددۇس قارىم ساقاللىرىنى سـىـيلاپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئىساق قارىي يۇرتنىڭ ئاتىسى، شۇڭا نەقنى ئىساق قا-

رىيغا بېرەيلى، نېسى بولسا ئىساق قارىي خەتلىۋالدۇ، كېيىن شۇ بويىچە سۇر ـ سۇر قىلىپ يىغىۋالىمىز.

بۇ بىرەر يىلدىن بۇيان مۇشۇ سورۇندا تەكىتلىنىۋاتقان سۆز بار. قۇددۇس قارىم ھەر قېتىملىق نامازدا ئىساق شۇجىنى قارىي دېگەن ھۆرمەتلىك نام بىلەن ئاتايتتى. بۈگۈن ئىساق شۇجى نامازغا مەست ھالدا كىرگەنىدى. قىزارغان، خومارلاشقان كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، سەلدۇگۇجۇپ ئورنىدىن تۇردى.

ــــ ما... ماگا گەپ قىلىلمۇ، قارىم؟ ــــ ئىساق شۇجى سەپ ئارىسىدىن ئۆتۈپ قۇددۇس قارىمنىڭ ئالدىغا يېقىن باردى. ئۇ ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ تۇراتتى، ــــ قارىم، گەپ بارمىدى؟

جامائەت ئىچىدە يېنىك كۈلكە كۆتۈرۈلدى، قۇددۇس قارىم شۇجىنىڭ غەلىتە قىياپىتىنى كۆرۈپ ئانچە ئەجەبلىنىپ كەتمىدى، بەلكى ھېچنېمە بولمىغاندەك بىر قىياپەتتە:

ــــ ئىئانىنى تاپشۇرۇپ ئالسىلا، نېسىنى خەتلەپ... ــــ دېدى.

ئىساق شۇجى يانچۇقىدىن قەلەم، قەغەز ئالدى، جامائەت ئىچىدىن نەق پۇل ئىئانە قىلىدىغانلار چىقمىدى. لېكىن، ھەممىسى ئۆپۈر ـ توپۇر بولۇشۇپ، بەس ـ بەستە سۆزلىگىلى تۇردى:

ــــ مەن بىر چارەك بۇغداي بېرىمەن.

ــــ مەن كۈزدە ئىككى چارەك قوناق بېرەي.

ــــ مەن ئون جىڭ...

ــــ مەن ئىككى مىڭ خىش قۇيۇپ بېرىمەن.

ــــ مەن تۆت دانە بورا...

تۇيۇقسىز يان تەرەپتىن «ۋاي... بولمىدى، نېمە ئىش بۇ؟» دېگەن نارازىلىق خىتابلار ئاڭلىنىپ جامائەت ئۆرە ـ تۆپە بولۇشۇپ كەتتى. سۇلايمان ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ ئورنىدىن تۇردى. ئىساق شۇجى دەلدەڭشىپ، سەپتە ئولتۇرغانلارنىڭ پۇتلىرىغا پۇتلىشىپ، پەشلىرىگە دەسسەپ مەيدان سىرتىغا مېڭىۋاتاتتى. شۇ دەقىقىدە ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئىككىنچى قېتىم ماغزاپ ئارىلاش بەدبۇي قۇسۇق ئېتىلىپ چىقتى. قۇسۇق بىرىنىڭ باش ـ كۆزىگە چۈشتى، بىرىنىڭ كىيىمىنى بۇلغىدى. ئىساق شۇجى سەپتىن چىقىپلا قۇرۇق توپىغا گۈپپىدە يىقىلدى.

ــــ ۋاي... جامائەت نېمە قاچىسلەر، ــــ قۇددۇس قارىم بىرىنچى قېتىملىق قۇسۇقتا بۇلغانغان تونىنىڭ ئېتەكلىرىنى مەھكەم قاماللاپ تۇتقىنىچە ۋارقىرىدى، ــــ كۆتۈرۈڭلار، ئىساق قارىينى يۆلەڭلار، كۆتۈرۈڭلار، ھەممىمىز مۇسۇلمان قېرىنداشقۇ؟

قۇددۇس قارىم باشقىلارنىڭ ئاغزى ـ بۇرنىنى ئالقانلىرى، يەڭلىرى بىلەن توسقىنىچە ھەدەپ كەينىلىرىگە شوقشۇپ مەيداندىن چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ نائىلاج ئۆزى كەلدى.

ــــ ۋاي... ئەستاغپۇرۇللا... قارىي...

قۇددۇس قارىم ئىساق شۇجىنى يۆلەۋاتقاندا سۇلايمان ئالللىقاچان قىشلاق تەرەپكە راۋان بولغانىدى.

يۇرتىنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر ئۆلىماسى سەمەت داموللا ئالدىنقى يىلى قازا قىلدى. چار باغلىقلار ئۆزلىرىنى يېتىمسىرەپ قالغاندەك ھېس قىلىشتى. ئىساق شۇجى خۇددى چار باغلىقلارنىڭ ئارزۇ ـ مۇددىئاسىنى چۈشەنگەندەك نەدىندۇر ئاشۇ قۇددۇس قارىمنى تېپىپ باشلاپ كەلدى. تۆتىنچى ئەترەتنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان بىكار تۇرغان ئىشخانىسىنى راسلاپ، ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. كەنتكە زاپاس قالدۇرۇلغان يەردىن يەتتە مونى ئايرىپ بەردى. بىر يىلدىن بېرى قۇددۇس قارىم ئىساق شۇجىنىڭ، مۆمىن مۇسۇلمانلارنىڭ خالىس ياردىمىدە كۆكلەپ ـ ياشنىدى. ئىمامлىق قىلدى. مېيىت نامىزىنى چۈشۈردى. نەزىر ـ چىراغلاردا خەتمە ـ قۇرئان قىلدى. تويلاردا نىكاھ سۈرىسى ئوقۇدى. سورۇنلاردا تۆرنىڭ بېشىنى ئىگىلىدى. زەللە ئالدى. خەقمۇ ئۇنىڭ كۆتكىنىدىن، تەمە قىلغىنىدىن ئارتۇقراق بەردى. مانا ھازىر ئۇنىڭ تېرىلغۇ يېرى 12 موغا، قوي ـ قوزىسى 28 تۇياققا، ئورمانلىرى 700 تۈپكە يەتتى. تېخى ھەر دائىم سىرتقا چىققاندا مىنىۋالىدىغان قومۇش قۇلاق ئايغىرىمۇ بار. چار باغلىقلار ياقا يۇرتتىن كەلگەن، دىن، ئەخلاق ۋە باشقا جەھەتتە تېخى ئۆزلىرىنىڭ مۇكەممەل ئىشەنچىسىگە ئىگە بولمىغان، شۇنداقلا نىكاھىدا خوتۇنى بولمىغان بىر بويتاقنىڭ ئىمام بولۇشقا شەرتى تولۇشمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ يەنىلا ئۇنىڭغا چوقۇنىدۇ. ئەقىدە ـ ئىخلاس بىلەن ئەگىشىدۇ.

سۇلايمان كېتىۋېتىپ ئويغا چۆمدى. بۇگۈن ئۇنىڭدىن ئىئانە سوراشمىدى. سۇلايمان بۇنى ئۆزى ئۈچۈن ھاقارەت دەپ چۈشەندى. خەق مېنى ھېچنېمىسى يوق، نامرات، دەپ ئويلىدى بولغاي. مەن خەققە ئوخشاش بىر چارەك بۇغداي، 10 جىڭ قوناق، بىر تۈپ تېرەك، دەپ ئۆلتۈرمايمەن. خەقنىڭ ئاغزىغا چىققۇدەك بىرەر نەرسە بېرىمەن. نېمە بەرسەم بولاركىن. سۇلايمان سالىقتا كەلگەندە تاق توختاپ قالدى. تولغىنايىنىڭ پورەكلەپ ئېچىلىۋاتقان گۈلدەك ھۆسنى، يۇرەكىنى مەھلىيا قىلىدىغان قەددى ـ قامىتى كۆز ئالدىدا گەۋدىلەندى. تولغىناي:« ئەگەر ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرغان مال ـ دۇنيالىرىڭ بولسا بىرىنچىدىن داۋالان، ئىككىنچىدىن ئەل ـ جامائەت ئۈنىتۇمىغۇدەك بىر ياخشى ئىش قىلىپ قوي » دەپ خىتاب قىلىۋاتاتتى. سۇلايمان بېدىلىككە تاشلىۋەتكەن ئىككى تىللانى ئېسىگە ئالدى. ھازىر كۆپكۆندۈزدە بېدىلىكنى ئارىلاپ، ئاختۇرۇپ يۈرسەم خەق نېمە دەپ قالار، بولۇپمۇ تولغىناي كۆرسە تەمە قىلىپ، ئۈمىد كۆتۈپ، مېنىڭ مەھەللەمدىن كېتەلمەي يۈرۈپتىغۇ، دەپ ئويلاپ قالماسمۇ. كەچتە، قاراڭغۇ چۈشكەندە بېرىپ تىللالارنى، دورىلارنى ئىزدەپ باقاي. بىرى تېپىۋالمىغان بولسىلا چوقۇم ئۆز جايىدا بار. تولغىناي داۋالان، دېگەنىدى. دورىلارنى يەي، ئىككى تىللانى ساتاي. ئىككى تىللا ھېچ بولمىغاندا بەش مىڭ يۈەنگە يارايدۇ. 5 مىڭ يۈەنگە 30 مىڭ دانە پىششىق خىش كېلىدۇ. مەسچىتنىڭ قورۇق تېمى، دەرۋازا تېمى، مۇنار، قۇببىسى شو خىشلار بىلەن پۈتىدۇ. شۇنداق قىلاي، كەچتە بېرىپ ئىزدەپ باقاي.

بىراق، كەچتە سۇلايمانغا بېدىلىككە بېرىش نېسىپ بولمىدى. كەچ كىرىشكە باشلىغاندا ئۇنىڭ ئاغزىدىكى قوقاق بارغانسېرى يوغىناپ قىزغۇچ سۇلۇق ئىششىققا ئايلاندى. بەدىنى بەزىدە قىزىپ تەرلەيتتى، بەزىدە مۇزدەك سوۋۇپ كېتەتتى. ئۇ ئەتىگەندىن بېرىمۇ ھېچنېمە

يېـمگەنىدى. يېنى يەر تارتىپ تۇراتتى، يېتىمۋالغۇسى، ئۇزاققىچە قوپماستىن ئارام ئالغۇسى كې‌لەتتى. ئاخىر ئۇ ئايۋان سۇپىسىغا سوزۇلۇپ يېتىپ ئۇيقۇغا كەتتى.

ئىككىنچى كۈنى كەچتە سۇلايمان چارباغقا قاراپ يول ئالدى. ئۇ خېلىلا تۇزىلىپ قالغانىدى. كالپۇكلىرىدىكى قوقاقمۇ قېتىشىشقا باشلىغانىدى. ئۇ كەنتكە كىرگەندە جامائەت مەھەللە مەسچىتتىن خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ چىقىۋاتاتتى. كۆكتە ئاي يوق ئىدى. سانسىزلىغان يۇلتۇزلار توپىلىق يولنى ئاقۇش لېنتىدەك غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. قايسى بىر هويلىدىن قىزىق تونۇردىن سويۇلغان زاغرىنىڭ مەززىلىك هىدى تارقالدى. مەھەللە باللىرى بىر ئىتنى قوغلاپ يورەتتى. ئۇلار كېچىدە يالغۇز كېلىۋاتقان يولۇچىنى تونۇپ قالدى ـ دە:

سۇلايمان پېسى،
شاپتۇل، توغاچنى،
ساتىدۇ نېسى،
يۈز ـ كۆزىدە ئاق،
يەيدۇ جىگدە، قاق.

دەپ نوۋلاشقىنىچە قېچىپ كېتىشتى. سۇلايمان باللارنىڭ بۇ مەسخىرىلىك قوشاقلىرىدىن رەنجىمەي يولىنى داۋام قىلىۋەردى. كەنت قورۇسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈۋاتقاندا قارا كىيىم كىيگەن بىر ئايال يول ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولۇپ ئۇنىڭ ئالدىدا توختىدى ۋە:

ـــ كىم ؟ ـــ دېدى زىل ئاھاڭدا.

ـــ مەن، ـــ دېدى سۇلايمان كىمنسانى تونۇپ، ـــ نېمە قىلىۋاتىسەن، بۇ كېچىدە ؟

ـــ كېچە بولسا نېمە بوپتۇ، تۇردۇم.

سۇلايمان ئۈندىمىدى، ئۇ مېڭىۋېدى، كىمنسا ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا كەلدى:

ـــ تۇرمامسەن بىردەم، نەگە ئالدىرايسەن، قارا ياغاچقىمۇ يا، ئەخمەق. بارما ئەمدى، ئۈمىدىڭنى ئۈز ئۇ سېرىقتىن...

ـــ راست، كىمنسا سەندىن شۇ گەپنى سورىماقچىدىم. ئۇ...

ـــ ئۇ ئەرگە تېگىدۇ، لېكىن ساڭا ئەمەس، ـــ كىمنسا نېمىدىندۇر ئېھتىيات قىلغاندەك پەس ئاۋازدا دېدى، ـــ كىمگە تېگىدىغانلىقىنى دېمەيمەن، سەنمۇ سورىما.

سۇلايماننىڭ كالپۇكىدىكى قوقاقلار قايتىدىن ئىششىپ چىقىۋاتقاندەك ۋىژىلداپ ئېچىشىپ ئاغرىشقا باشلىدى. كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. دەلدۇگۇنۇپ يەنە مېڭىشقا تەمشەلدى.

ـــ ساراڭ بولدۇڭمۇ، توختا !

ـــ دورامنى ئەكىلىمەن.

ـــ نەدىكى دورا ئۇ ؟ ـــ كىمنسا ھەيران بولۇپ سورىدى، ـــ يەنە ئالجىۋاتىسەن، بۇ كېچىدە نەدىكى دورىكەن ئۇ ؟ جىن چاپلىشىپتۇ ساڭا، تۇرەمۇ شۇ يەردە.

ـــ راست دەۋاتىمەن، ـــ دېدى سۇلايمان، ـــ دورىنى شۇ... بېدىلىككە تاشلاپ قويغان.

— قاراڭغۇدا قانداق تاپسەن ؟

سۇلايمان جاۋاب بېرەلمەي قالدى. كىمنىسانىڭ دېگىنى راست. بۇنداق قاراڭغۇ كېچىدە بېدىلىكتىن دورا تاپقىلى بولامدۇ ؟ تىللانچۇ ؟ سۇلايمان بىر دىن قول چىراغ ئېلىۋالمىغانلىقىغا پۇشايمان قىلىپ ئارقىسىغا يېنىۋېدى، كىمنىسا يەنە ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالدى ۋە سۇلايمانغا يېقىنلاشتى. ئايالالار دىلا بولىدىغان بىر خىل ئۆتكۈر خۇش پۇراق سۇلايماننىڭ دىمىقىغا گۇپۇلدەپ ئۇرۇلدى. سۇلايمان بىر پەس ئېسىنى يوقىتىپ باشقىچە شېرىن، لەززەتلىك تۇيغۇغا چۆمۈلدى.

— بىردەم تۇرمامسەن ؟ — كىمنىسا ئەر كىلىگەندەك بىر قىياپەتتە سۇلايمانغا تېخىمۇ يېقىنراق كەلدى. ئەمدى ئۇنىڭ تىنىقلىرىمۇ سۇلايماننىڭ يۈزىگە ئۇرۇلۇپ تۇراتتى، — نەگە ئالدىرايتتىڭ ؟

— قول چىراغ ئەكىلىشنى ئۇنتۇپتىمەن، بېرىپ ئەكىلەي.

— ئۇغۇش... — كىمنىسا مەنىستىمىسلىك تەلەپپۇزىدا ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ دېدى، — مەن تېپىپ بەرسەم بولمامدۇ ؟

سۇلايمانغا بۇ گەپ تازا خۇشياقتى.

— شۇنداق بولسىغۇ...

— ئەمىسە سەن ھويلىغا كىرىپ ساقلاپ تۇر. ئاكامنىڭ ئۆيىدە قول چىراغ باردەك قىلاتتى، بېرىپ باقاي.

كىمنىسا سۇلايماننى باشلاپ كىردى ـ دە، ئۆزى شۇ ھامان چىقىپ كەتتى. سۇلايماننىڭ بۇ ھويلا بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ كىرىشى تۇنجى قېتىم ئىدى. سۇلايمان ھاياجانغا چۆمۈلگەن ھالدا پېشايۋان بىلەن باغ رىشاتكىسى ئوتتۇرىسىدىكى كىچىككىنە سەينادا ئايلىنىپ يۈردى. بايىقى ئىللىق ھىد، ئۆتكۈر خۇش پۇراق ھېلىمۇ ئۇنىڭ دىمىقىدىن كەتمىگەنىدى. كۆڭلىدە قورقۇنچ، ۋەسۋەسە، ھەيرانلىق تۇيغۇسى پەيدا بولغانىدى. كىمنىسانىڭ ئۆزىگە نېمە ئۈچۈن يېقىنچىلىق قىلىدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىشكە تىرىشىپ خىيال سۇرەتتى. سەينانىڭ ئۈستى ئۈزۈم بارىڭى بىلەن چۈمكەلگەن، قاراڭغۇدا ھېچنەرسىنى پەرق ئەتكىلى بولمىسىمۇ، سۇلايمان بۇ ھويلىنىڭ خېلى كۆر كەم ياسالغانلىقىنى پەملىدى. كىمنىسا كەلمەيۋاتاتتى. سۇلايمان تىت ـ تىت بولاتتى. سۇپىدا ئولتۇرۇپ كىمنىسانى كۈتكەچ يەنە خىيال سۈرۈشكە باشلىدى.

كىمنىسا بىلەن دانىش شۇ جىنىڭ ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتى ئانچە ئۇزاققا بارمىدى. يۇقىرىدىن چارباغقا خىزمەت ئۈچۈن كەلگەنلەر ئالدى بىلەن ئىساق بوغالتىرنىڭ ئۆيىگە چۈشەتتى. بۇنداق چاغلاردا كىمنىسا ئاكىسىنىڭ ئۆيىگە چىقاتتى ـ دە، قازان ـ قومۇچنى قولىغا ئالاتتى. داستىخان سېلىش، چاي قۇيۇش، تاماق ئەكىرىش، مېھمانلارغا ھەمراھ بولۇپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇش كىمنىسانىڭ ۋەزىپىسى ئىدى. ئۇنىڭ خۇش خۇي مىجەزى، مېيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، يەر ئاستىدىن قىيا بېقىشلىرى مېھمانلارنىڭ زوقىنى تارتىپ، ئۇلارنى بۇ ئۆيدە ئۇزاقراق ئولتۇرۇشقا مەجبۇر قىلاتتى. دېمىسىمۇ كۆپ قېتىم كېلىپ كىمنىسانىڭ ئۆز قولى بىلەن دورا ـ دەرمەك سېلىپ دەملىگەن چېيىنى ئىچىپ، ئۇنىڭ سوزغان لەغمىنىنى يەپ، دۇتارغا

تەگكەش قىلىپ ئوقۇغان شوخ، ياڭراق ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ ھوزۇرلانغان مېھمانلار ئىساق بوغالتىرنىڭ بۇ مېھمانخانىسىنى ناھىيە بويىچە ئەڭ كۆڭۈللۈك ئارامگاھ ھېسابلايتتى. كىمنىسا ئاكىسىنىڭ مۇددىئاسىغا ئوبدانلا ماسلىشاتتى. ئۇ كېيىنكى كۈنلەردە ياشقىنا بىر مۇخبىرغا ئامراق بولۇپ قالدى. مۇخبىر يىگىت ھەمىشە دېگۈدەك دانىش شۇجى يوق ۋاقىتنى پايلاپ تۇرۇپ كېلەتتى-دە، ئىساق بوغالتىرنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولاتتى. ئۆزگە تېگىشلىك سان-سېپىرلارنى خاتىرىلىۋالغاندىن كېيىن دانىش شۇجىنىڭ ھويلىسىغا كىرەتتى. مانا مۇشۇ كەڭ پېشايۋانلىق ھويلىدا بەخىرامان ئولتۇرۇپ كىمنىسا ساقلاپ قويغان مېغىز تىزىقلىرىغا، بوياپ پىشۇرغان توخۇملارغا ئېغىز تېگەتتى. بىر كۈنى دانىش شۇجى تۇيۇقسىز ئۇلارنىڭ ئۈستىگىلا كىرىپ قالدى. ئىككىسى قىپيالىڭاچ قۇچاقلىشىپ ياتاتتى. نېمىدېگەن رەسۋاچىلىق! دانىش شۇجى مۇخبىرنى ئۇرماقچى بولۇپ دېۋەيلەپ كەلدى. مۇخبىر ئۇنى بىرلا ئىتتىرىۋېدى، پاكار، ۋىجىك دانىش شۇجى تام تۈۋىگە يىقىلدى. مۇخبىر شۇ ھامان كىيىملىرىنى قولتۇقلىغىنىچە باغ تەرەپكە قېچىپ كەتتى. دانىش شۇجى ئېسىنى يىغىپ ئورنىدىن تۇردى. يوتقاندا يالىڭاچ ياتقان كىمنىسانىڭ بېلىگە بىرنى تەپتى، يەنە بىرنى تەپتى، يەنە بىرنى... ئاغرىق زەربىسىگە چىدىمىغان كىمنىسا يىغلاپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى. لېكىن، پەشۋا توختىمىدى. تاقىتى تۈگىگەن كىمنىسا دەس ئورنىدىن تۇرۇپ دانىش شۇجىغا ئېسىلدى. ياقىسىنى يىرتتى، گېلىنى بوغدى، يۈز-كۆزلىرىنى تاتىلاپ قىيما-ياما قىلىۋەتتى. دانىش شۇجىنىڭ بويى كىمنىسانىڭ دولىسىغىلا كېلەتتى، ئىلگىرىكى زىلۋا بويلۇق كىمنىسا ھازىر تولۇپ، سەمرىپ، ئېگىز بويلۇق، كۈچلۈك ئايالغا ئايلانغانىدى. دانىش شۇجى شۇ تاپتا سانىڭ چاڭگىلىدىكى چۈجىگىلا ئوخشاپ قالغانىدى. كىمنىسا ئۇنى يىقىتىپ ئاستىغا بېسىۋالدى. سېمىز، يوغان كاسىسلىرىنى دانىش شۇجىنىڭ مەيدىسىگە قويۇۋېلىپ تۇرۇپ تازا مۇشتلىدى. دانىش شۇجى تىپىرلاپ قۇتۇلۇشقا ھەرىكەت قىلاتتى. ئاخىرى ئۇنىڭ قۇتۇلۇشقا كۆزى يەتمەي كىمنىسانىڭ لىغىرلاپ تۇرغان ئەمچىكىنىڭ بىرىنى تۇتۇۋالدى-دە، زەرب بىلەن تارتتى.

كىمنىسا دەھشەتلىك ئاۋازدا ۋارقىراپ دانىش شۇجىنىڭ بىلىكىنى چىشلىۋالدى. دانىش شۇجى بىرلا ئېكىرىدى-دە، ئۈنى ئۆچۈپ جىم بولدى.

كىمنىسا شۇ كۈنىلا بوغچىلىرىنى كۆتۈرۈپ ئاكىسىنىڭ ئۆيىگە يامانلاپ چىقتى. ئاز ئۆتمەي دانىش شۇجى سوت مەھكىمىسىگە چاقىرتىلدى. كىمنىسا ئەرز قىلغانىدى. دانىش شۇجى ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتتى. مۇخبىر مۇنەق مەيدانغا ھازىر بولدى. كىمنىسا بىلەن مۇخبىر ئۆز ئىشلىرىدىن تېنىۋالدى. بۇ ئىشتا دانىش شۇجىدىن باشقا گۇۋاھچى بولمىغاچقا، دانىش شۇجى ئۆزى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى، كىمنىسانىڭ ئاجرىشىش تەلىپى ئىشقا ئاشتى. دانىش شۇجىمۇ بۇ ھازازۇل خوتۇندىن قۇتۇلغىنىغا ئىچىدە رازى ئىدى. كىمنىسا تۈپەيلىدىن چار باغلىقلار ئارىسىدا ئۇنىڭ ئىناۋىتى خېلىلا تۆۋەنلىگەنىدى. كىمدۇر ئەرز قىلغان بولسا كېرەك، ئىنتىزام تەكشۈرۈش خادىملىرى كېلىپ چار باغدا 20 كۈن تۇردى. دانىش شۇجىنىڭ توي قىلىش، ئۆي سېلىش باھانىسى بىلەن كوللېكتىپنىڭ ئالتە مىڭ يۈەن پۇلىغا خىيانەت قىلغانلىقى

ئىسپاتلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە چارباغلىقلارنىڭ ئۆي قورۇلۇشىغا خىش قويغان، تام ئەتكەن، سۇۋاقچىلىق، ياغاچچىلىق، سىرچىلىق قىلغان ھەققى ھېسابقا ئېلىنمىغانىدى. دانىش شۇجى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاندى. كىمىنسا بىلەن ئاجراشقاندا بۆلۈشكەن مال ـ بىساتى، چار پاي... لىرىنى 1000 يۈەنگە، ئۆيىنى، باغنى تۆت مىڭ ئىككى يۈز يۈەنگە ساتتى، ئۆي بىلەن باغنىڭ خېرىدارى ئەلۋەتتە ئىساق بوغالتىر ئىدى. بوغالتىر ئۆينى كىمىنساغا بەردى. دانىشنىڭ گەدىنىدە تۆلەپ قايتۇرۇشقا تېگىشلىك يەنە 800 يۈەن پۇل بار ئىدى. ساتسا پۇلغا يارايدىغان ھېچنېمىسى يوق، پەقەت ئۆزىدە ئىسسىق جانلا قالغانىدى. خىيانەتنى ۋاقتىدا قايتۇرمىسا پارتىيىدىن قوغلىنىش، ھەتتا قانۇنىي جاۋابكارلىققا تارتىلىش خەۋپى بار ئىدى.

مانا شۇ چاغدا دانىش چارباغدا ھېچكىم كۆزگە ئىلمايدىغان، پەس، جۇلدۇر كىيەن دەپ قارالغان سۇلايماننىڭ ئالدىغا كەلدى.

ـــ سىڭىمغۇ مېنىڭ ئاتا ـ ئانامغا قىلمىغان ئەسكىلىكلىك قالماپتىكەن، خەلق ئەسكەرلىرىنى باشلاپ كېلىپ ئالتۇن ـ تىللا تاپىمىز، دەپ ئۆيلىرىمىزنى ئاختۇرۇپ، چېقىپ ۋەيران قىلغانىكەنسەن. كېيىن بىزنى قىشلاقتىن كۆچەردىڭ، دادام پومېشچىك قالپىقىنى ئۇ ئالەمگىمۇ ئېلىپ كەتتى. مەنمۇ كىچىك پوم، دەپ ئاتىلىپ ئىتنىڭ كۈنىنى كۆردۇم. مانا خۇدايىم ھەممىنى كۆرسەتتى، ھەي... بەندىگە بەندىنىڭ ئىچى ئاغرىيدىكەن. مە، بۇ ئىككى تىللانى سېتىپ خىيانىتىڭنى تۆلىگىنتۇۋال.

دانىش ھۆڭ ـ ھۆڭ يىغلاپ سۇلايماننىڭ قوللىرىغا سۆيدى.

ـــ ئىشىنىپ كەلگەنىدىم، ھاجىتىمنى راۋا قىلدىڭ. بېشىمغا كۈن چۈشكەندە ئاندىن باشقىلارنىمۇ، ئۆزۈمنىمۇ چۈشەندىم. ئۆمۈر ۋايەت قۇلۇڭ بولساممۇ بۇ ياخشىلىقىڭنى ياندۇرۇپ بولالمايمەن، ئۇكام.

دانىشقا پارتىيىدە بىر يىل قالدۇرۇپ سىناش جازاسى بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن ھەممە ئىش تامام بولدى، ئۇ ئەسلىدىكى تاشلىنىپ قېلىپ زەيخانىغا ئايلانغان ئىككى ئېغىزلىق ئۆيىدە ياشاپ قېلىۋەردى. بىرەر تال تۇخۇسى، ھەتتا مۇشۇكىمۇ يوق ئىدى. يەرلىرىنى تولۇق تېرىشقا چامىسى يەتمەي بىر قىسمىنى كوللېكتىپقا ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى كۈنى پادىچىلىق قىلغان چاغدىكىدىنمۇ بەتتەر ئىدى. بىر كۈنى ئۇ سۇلايمانغا دادلىنىپ:

ـــ ھەي، سۇلايمان ئۇكام، ئەسلىدە مەن كىمىنسانى ئالغان كۈندىن باشلاپ ئىساقنىڭ قىلتىقىغا چۈشكەن ئىكەنمەن. ئەمدى بىلدىم، ئۇ شۇ چاغدىن باشلاپ مېنىڭ ئورنۇمغا شۇجى بولۇش ئۈچۈن يول ھازىرلىغانىكەن. ئەنە ئۇ ھازىر چارباغنىڭ خوجىسى، ـــ دېدى.

ـــ خام سۈت ئەمگەن بەندە بىز، ـــ سۇلايمان ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساشقا تىرىشتى، ـــ ئازىمىز، ئازمايدىغان ئىنسان يوق. ھېلىمۇ سەن تىرىكقۇ، ئىشلە، ئىشلەپ جېنىڭنى باق. كونىلاردا ئۆزۈڭنى خار قىلغىچە، كۆچۈڭنى خار قىل، دېگەن گەپ بار.

دانىش پات ـ پاتلا ئۇكام سەن مېنىڭ قۇتقازغۇچۇم، سەن ياردەم قىلمىغان بولساڭ پارتىيىدىن قوغلىناتتىم، ھەر ھالدا بىر يىللىق جازامۇ تۈگىدى، پارتىيىدە قالدىم. ئەمدى ئارمىنىم

يوق، سىزنىڭ قولۇڭغا قول، پۇتۇڭغا پۇت بولمەن، دەپ تەكرارلاپ قوياتتى.

هويلىنىڭ ئىچى قاپقاراڭغۇ، ئىنسى ـ جىنىنىڭ شەپىسى يوق، سۈرلۈك قاراڭغۇلۇق ئىلكىدە خىيالغا چۆككەن سۇلايمان ئورنىدىن تۇرۇپ دانىشتىن قالغان هويلىنىڭ تۈندىكى غۇۋا قىياپىتىگە نەزەر قالدى. بىر هازا تۇرغاندىن كېيىن دەرۋازا قانىتىنى تارتىۋېدى، ئېچىلمىدى. دەرۋازا سىرتىدىن قۇلۇپلانغانىدى. ئىش ئوخشاپتۇ ـ دە، بۇ خوتۇننىڭ نېمە قىلغىنى، مېنى سولاپ قويۇپ، توۋا... سۇلايمان يەنە سۇپىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ كىمنىسانى كۈتۈۋاتقىنىغا بىر سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىت بولغانىدى. بىر چاغدا قۇلۇپ شىرىقلاپ، دەرۋازا ئېچىلدى. كىمنىسا كىردى.

ــ ئەجەبمۇ، مېنى سولاپ قويۇپ... ــ سۇلايمان سۆزلىگىنىچە كىمنىسانىڭ ئالدىغا باردى، ــ بولدى، مەن كېتەي.

ــ مانا قول چىراغ، ــ كىمنىسا ئۇنىڭ قولىغا قول چىراغنى قۇتقۇزۇپ قويدى، ــ چىراغنى تاپالماي... هايال بولۇپ قالدىم.

ــ رەهمەت ئەمىسە، ــ سۇلايمان مېڭىۋېدى، كىمنىسا توسۇۋالدى.

ــ بۇنداق قاراڭغۇدا دوراڭنى قاچان تېپىپ كېلىسەن، ئۆيۈڭگە قاچان كېتىسەن، يېرىم كېچە بولاي دەپ قالغان تۇرسا، ــ كىمنىسانىڭ ئاۋازى ناهايىتى مۇلايىم، يېقىملىق ئىدى. سۆزلەۋېتىپ سۇلايماننىڭ يېڭىنى تۇتتى، ــ قونۇپ قال، ئەمدى...

سۇلايماننىڭ يۈرىكى قارتتىدە قىلىپ قالدى. ۋۇجۇدىنى قورقۇنچ ئارىلاش هاياجانلىق تىترەك باستى. ئۆزىنى تەستە كونترول قىلىپ كىمنىسانى يانداپ ئۆتتى ـ دە، دەرۋازىدىن چىقتى.

ــ خوش، كەتمىسەم بولمايدۇ، ئۆيۈم يالغۇز.

ــ ئۇنداقتا تېخىمۇ ياخشى، ــ كىمنىسامۇ ئەگىشىپلا چىقتى، ــ مەنمۇ بىللە باراي.

ــ يا... ياق كىمنىسا، كېچىدە بىللە ماڭغىنىمىزنى بىرى كۆرسە...

ــ تازىمۇ توخۇ يۈرەك بىر نېمىكەنسەن، ــ كىمنىسا ئۇنىڭغا ياندىشىپ ماڭدى. ئۇنىڭ ئېگىز بەستى قاراڭغۇدا تېخىمۇ سۈرلۈك، سالاپەتلىك، كۆزۈنەتتى، ــ ئوغۇل بالا دېگەن شۇنداق بولامدۇ، ئايال كىشى هەمراھ بولاي دەۋاتسا قورققىنىنى تېخى، قونۇپ قال دېسە، قاچىدۇ. ئەخمەق.

سۇلايمان كېتىۋەردى. كەينىدىن كىمنىسانىڭ ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كىمنىسا چارباغدىكى ئاياللار ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇراتتى. هېچكىم گۈزەللىكتە ئۇنىڭغا يېتىشەلمەيتتى. ئۇ پەرىشتىدەك چىرايلىق، پاكىزە، مېهرى ئىسسىق، يىگىتلەرنىڭ يۈرىكىگە ئوت يېقىپ يۈرىدىغان شوخ ئايال ئىدى. لېكىن، سۇلايمان ئۇنىڭ بىلەن بىللە مېڭىشتىن قورقاتتى. ئۇ قاتتىق ۋەهىمە ئىچىدە ئەتراپقا قورقۇپ ـ قورقۇپ قارايتتى. قىرى تېرە كىلەرنىڭ كەينىدە بىرى ماراپ تۇرغاندەك، تۇيۇقسىز چىقىپلا ئۇرىدىغاندەك، تۇتۇپ ئاپىرىپ كەنتتە، خەق ئالدىدا سازايى قىلىدىغاندەك بىلىنەتتى. ئۇ ئۆزىنى گۇناهكار هېس قىلدى. ئۆزىدىن بىر نەچچە ياش

چوڭ بولغان ياتباش بىر ئايال بىلەن كېچىدە بىللە مېڭىش ھەقىقەتەن گۇناھ ئىدى. سۇلايمان قەدىمىنى تېزلەتتى، لېكىن كىمنىسا ئۇنىڭغا ياندىشىپلا ماڭاتتى. ئىككىيلەن چوڭ يولغا چىقتى. كىمنىسا دولىسىنى سۇلايماننىڭ دولىسىغا تەگكۈزدى. سۇلايمان چۆچۈپ بىر قەدەم كەينىگە شوقشىدى.

— تازىمۇ گومۇش بىر نېمىكەنسەن، يېنىمدا كىم بار، ئۇ نېمىشقا كېچىدە مەن بىلەن بىللە ماڭىدۇ، دەپ ئويلىمامسەن، كۆڭلۈمگە يارىشا بىرەر ئېغىز گېپىڭ، چاقچىقىڭ يوقمۇ زادى؟

— نېمە دەيمەن، بۇ چاغىقچە ... — سۇلايمان دودۇقلاپ قالدى، — ئا ... ئاياللارغا گەپ قىلىپ باقمىغان.

— ئەمدى گەپ قىل، چوڭ بولدۇڭ، ئەتە ـ ئۆگۈن خوتۇنمۇ ئالىسەن، ئۇ چاغدا يېنىڭدا ياتقان خوتۇنغىمۇ گەپ قىلالماي تۇگۈلۈپ ـ تىترەپ ياتساڭ بولمايدۇ.

— ۋاقتى كەلگەندە بىر گەپ بولار، كىمنىسا بۇنداق قىلما.

— ھەي، سەنچۇ، ئوغۇل بالا، يىگىت جۇمۇ، يىگىت دېگەن خوتۇن ئېلىشتىن بۇرۇن ھەممىنى بىلىۋېلىشى لازىم، پەممىچە سېنىڭ يۈزۈڭمۇ ئېچىلمىغان ئوخشايدۇ.

سۇلايمان ھودۇقۇپ، نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدى. كىمنىسا ھەدەپ سۈر كۆلۈپ، ئەركىلەيتتى.

— سەن بۇتقا ئوخشاش، مۇشۇنداقلا تۇر ساڭ، ئادەمنى كۆلدۈر گۈدەك يا كۆڭلىنى خۇش قىلغۇدەك بىر ئېغىز چىرايلىق گېپىڭ، چاقچىقىڭ بولمىسا ... ساڭا تەگكەن خوتۇن بىر كۈنمۇ يېنىڭدا تۇرمايدۇ. ھى ... ھى ... ھى ... سېنى مەن ئېرىتمىسەم، سەن مېنى ئېرىتەلمەيدىغان ئوخشايسەن، ھا ... ھا ... ھا ...



ـــ كەلدۇق، ـــ دېدى سۇلايمان ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغاندەك بىر تەلەپپۇزدا، ـــ سەن مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇرغىن.

سۇلايمان قول چىراغنى يېقىپ بېدىلىككە ئۆتتى. قىردىن باشلاپ سول يېرىپ ئارىلاپ ماڭدى. دورا شىشىلىرىدىن ئىككىنى تاپتى. يەنە بىرىمۇ تېپىلدى. ئۇ بېدىلىك ئارىسىغا سىنچىلاپ قارىغىنىچە كېتىۋەردى. تىللالار كۆرۈنمەيتتى. قول چىراغنى تېخىمۇ پەس تۇتۇپ، ئېگىشىپ قاراشقا باشلىدى. ئەنە بىرى... سۇلايمان خۇشال بولۇپ داۋاملىق ئىزدىدى. مانا بىرى! قول چىراغنىڭ نۇرىدا تىللا ئوتتەك يالىلداپ تۇراتتى. سۇلايمان ئىككى تىللانى ئىچ يانچۇقىغا سالدى. دورا شىشىلىرىنى كۆتەرگىنىچە كىمنىسانىڭ قېشىغا قايتىپ كەلدى. ئۇ تولغىنايىنىڭ ئۆيى تەرەپكە بىر قارىۋالدى ـ دە، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ ئۆز يولىغا راۋان بولدى. بىرى كۆرۈپ قالسا... ئەتە بۇ ئىش پۈتۈن چارباغقا پۇر كېتىدۇ، ئىساق شۇ جىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قالسا، بالا ـ قازانىڭ تاشقىنى شۇ، تېرەمنى تەتۈر سويىدۇ.

ـــ بايىقى گېپىم يادىڭدا باردۇ؟ ـــ كىمنىسا سۇلايماننىڭ دولىسىغا قولىنى قويدى، ـــ يۈزۈڭ راست ئېچىلمىدىمۇ؟

ـــ چوڭ بولغاندىن بېرى ھېچكىمنىڭ قولىنىڭ ئۇچىنى تۇتۇپ باققىنىم يوق.

ـــ گېپىم راستكەن ـ دە، ھا... ھا... ھا... ـــ كىمنىسا قاتتىق كۈلۈپ سۇلايماننىڭ بويىنىغا گىرە سېلىۋالدى. ئۇنىڭ چىلگىدەك يوغان، چىڭ كۆكسى سۇلايماننىڭ دولىسىغا يۇمشاققىنە تەگدى. شۇئان يىگىتنىڭ ۋۇجۇدىدا ئوتتەك قىزىق ھارارەت دولقۇنى جۇش ئۇردى. پۇتلىرى بوشىشىپ ماغدۇرسىزلاندى. كىمنىسا ھەدەپ كۈلەتتى. بۇ كۈلكە بۇلاق سۈيىنىڭ رىتىملىق ئاھاڭدا شىرىلدىغىنىدەك ئاڭلىناتتى.

ـــ ھەي، ماڭا قارا، قىزلىقىڭنى ماڭا بېرەمسەن؟ شۇنى دېمىسەم ساڭا ئەگىشىپ نېمە قىلاتتىم. چارباغدا يىگىتلەر ئازمۇ! سېنى كۆڭلۈم تارتىپ قالدى. قارا، كېيىن نېمشقا شۇنداق قىلمىغان بولغىيدىم، دەپ ھەسرەت چېكىپمۇ قالىسەن.

سۇلايماننىڭ قۇلىقى تۇۋىدە قۇددۇس قارىمىنىڭ كەسكىن، ۋەھىمىلىك، دىللارغا قورقۇنچ سالىدىغان ۋەز ـ تەرغىباتلىرى جاراڭلىدى. لېكىن، كىمنىسانىڭ نازلىق كۈلكىلىرى، ئەركىلەشلىرى ۋە ئىسسىق قۇچىقى سۇلايماننى ئىختىيارسىز رەۋىشتە باشقا بىر دۇنياغا ـــ قىز ـ ئاياللارغا قارىسا، گەپلەشسە، چاقچاقلاشسا، قۇچاقلىشىپ سۆيۈشسە گۇناھ ھېسابلانمايدىغان بىر دۇنياغا سۆرەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ يىگىتلىك ھاياتىدا تۇنجى قېتىم تاتلىق، شېرىن بىر گۇناھقا پېتىپ قېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى. ئەمەلىيەتتە بۇ پاتقاقتىن قۇتۇلۇشقا چامى يەتمەيتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ نەزەرىدىكى شەيتان ئاتلىق بىر ئېزىتقۇ كۈچ ھەدەپ ئۇنى ئاشۇ پاتقاققا ئىتتىرمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ قەلبىنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدىغان گۈزەل، شېرىن، سىرلىق تەسىراتلار مەھكەم چىرماپ تۇراتتى.

ـــ ھەي، مەن نېمە دېدىم؟

ـــ نېمە دېدىڭ؟

ــــ تـوۋا، مـاۋۇ نـېـمىننىڭ گومۇشلۇقىنى. سەندەك يىگىت بولغۇچە ئۆلاھىم. قىزلىقىڭنى مـاڭـا بـەر، دەۋاتـىمەن. كېلە ساراڭ. ماۋۇ يەرگە، ــــ كىمنىسا ۋىلىقلاپ كۆلۈپ، سۇلايماننى قوـ چاقلىغان پېتى يول چېتىگە، ئاندىن ئورمانلىق ئىچىدىكى يۇمشاق يەرگە سۆرەپ چۆشتى...

سـۇلايـمـان ئەمـدى بـۇرۇنـقـى سۇلايمانغا ئوخشمايتتى. ئۇ ئادەتتىن تاشقىرى خۇشال ئـىـدى. كـىـمنىسا ئۇنىڭ تۇنجۇقۇپ قالغان يىگىتلىك ھېسسىياتىنى بىراقلا ئويغاتقان، كىشىلىك ھايـاتـتـىـكـى مـۇرەككەپ سىرلارنىڭ بىر قىسمىنى تونۇتقانىدى. سۇلايمان ئۆزىمۇ پەرەز قىلىپ باقمىغان شېرىن ھۇزۇر ـ ھالاۋەتكە ئېرىشتى. ئىلگىرىكى بارلىق رەنج ـ مۇشەققەتلىرىنى جەبرى ـ جـاپـا، دەرد ـ ئەلەملىرىنى بىراقلا ئۇنتۇپ كەتكەندەك بولدى. روھى ئۇرغۇپ تاشتى شۇ سەۋەبـ تـىـن ئۇنىڭ ھاياجانلىنىشى يۇقىرى پەللىگە، چەكسىزلىككە كۆتۈرۈلۈپ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا تـەلـلادىن بىرنى كىمنىساغا ھەدىيە قىلىۋەتتى. ئۇ تۇنجى خۇشاللىقى ئۈچۈن، سۈرگەن ھۇزۇر ـ لەززەتـلـىـرى ئۈچـۈن نـۇرغۇن قـىـممەتلىك نەرسىلەرنى قۇربان قىلىۋېتىشكىمۇ تەييار ئىدى.

ئەرلـەرنـىـڭ ھەمـىـشە ئۇنىڭ پېيىدا يۈرگىنى بىكار ئەمەسكەن. قۇددۇس قارىم: جەننەتكە كىرـ گـەنـلـەر ھەر كۈنى ھۆر ـ غىلمانلار بىلەن يېتىپ قوپىدۇ، دەيتتى. كىمنىسا مۇشۇ پانى ئالەمدىكى ھۆر، ئۇ چـىـرايـلىق، كېلىشكەن چوكان، توۋا، مۇشۇ دۇنيادىمۇ ئوخشاشلا خۇشاللىق، بەخت ـ سـائـادەت دېـگـەنـلـەر بـار ئـىـكـەنـغـۇ، ــــ دەپ ئويـلـىـدى سۇلايمان، ــــ شۇنچە زور خۇشاللىققا ئېـرىـشكىنىمنى بەدىلىگە ئاران بىر تىللا بەردىمۇ، يەنە بىرنىمۇ بېرىۋەتسەم ئارتۇق كەتمەيتتى. ئۇغـۇ ھېـچـنـېـمـە تـەلـەپ قىلمىدى. بۇ ئۇنىڭ ياخشىلىقى. ئاددىيسى، ئۇنىڭ يېنىدا بەدىنىدىن چىقىۋاتقان مېزىلىك پۇراقلارنى پۇراپ، چىرايلىق كۆزلىرىگە قاراپ تۇرۇشمۇ بىر ھوزۇر ئىكەن.

ئەمـدى ھايـات ئۇنـىـڭـغا باشقىچە گۈزەل كۆرۈندى. ئۇنىڭ نەزىرىدە چار باغمۇ ۋە بۇ يۇرتـ تـىـكـى ھەمـمـە نەرسىمۇ سۆيۈملۈك ئىدى. يىللاردىن بۇيان ئۇنىڭ يەلكىسىدىن بېسىپ تۇرغان روھىي يـۈك بىراقلا ئېلىپ تاشلاندى. قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا سىڭىپ جىمىپ كەتكەن، ئۆلـگـەن ھېـس ـ تۇيغۇلار دەريالاردەك شۇۋۇلداپ ئۆر كەشلىدى. بۇ ھېس ـ تۇيغۇلار ئۇنى يېڭى بىر مەنىۋى ئالەمگە باشلاپ كىردى. بۇ ئالەم شۇنچىلىك كەڭ، بىپايان، نۇرلۇق ئىدى.

سۇلايمان ئۆيىي ئالدىغا كەلگەندە رۇستەم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.

ــــ ئەجـەپـمـۇ سـاقلاتتىڭ، ــــ دېدى رۇستەم ئۇزاق كۈتكەنلىكىنى ئىپادىلەپ، ــــ نەگە بارغانتىڭ، يېرىم كېچە بولاي دەپ قالدى.

ــــ دانـىـشنى ئىزدەپ بارغان، ــــ سۇلايمان يالغان سۆزلىدى، قەسەم ئىچىشكەن دوستىغا يـالغان ئېيتىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ خىجىل بولدى، ئىككىيلەن بىللە ئۆيگە كىردى. سۇلايمان جىن چىراغنى ياقتى.

ــــ سېنىمۇ خېلى كۈنلەر بولدى، كۆرمىدىم، ــــ دېدى سۇلايمان.

رۇسـتـەم دۇكـانـدىكى ئىشنىڭ بېسىق ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئارقىدىن ئۆز خۇشاللىقىنى ئىزھار قىلدى:

ــــ ئاداش، مەن توي قىلىدىغان بولدۇم.

— مۇبارەك بولسۇن، — سۇلايمان ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولۇپ كەتتى ۋە سۆيۈنگەن ھالدا سۆزىنى داۋام قىلدى، — جېنىم دوستۇم، دېگىنە، كىم بىلەن توي قىلىسەن؟

— سەن بەش قولدەك بىلىسەن، — رۇستەم قەتئىي ئىشەنچ تەلەپپۇزى بىلەن ئېيتتى، — تولغىنايچۇ؟ ھە، شۇنىڭ بىلەن...

سۇلايمان قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە قاراپ قالدى. ئۈستىدىن بىرى كۈچ بىلەن باسقاندەك تۇگۈلۈپ قالدى. رۇستەم ئۇنىڭ كەيپىياتىغا ئانچە دىققەت قىلمىدى. جىن چىراغنىڭ غۇۋا نۇرى سۇلايماننىڭ چىرايىدىكى جىددىي ئۆزگىرىشلەرنى يوشۇرۇپ تۇراتتى.

— كېلەر ھەپتىنىڭ چارشەنبە كۈنى چاي ئىچۈرىمىز. ئارقىدىن تويىمۇ قىلىۋېتىمىز، — رۇستەم ناھايىتى قىزغىن سۆزلىمەكتە ئىدى، — مەندىغۇ ھازىر جىق پۇلمۇ يوق، دوستۇمدا بار، دەپ توي ۋاقتىنىمۇ بېكىتتۇەتتىم. قېنى ئۆزۈڭ بىر ئىلتىپات قىل.

سۇلايماننىڭ كاللىسىدا چاقماق چېقىلغاندەك بولدى. ئۇنىڭ بايىقى خۇشاللىقلىرى پۈتۈنلەي غايىب بولغان، ئەمدى ئۇ يەنە شۇ بالىلىقىغا، قايغۇلۇق، دەردلىك ئۆتمۈشىگە قايتقانىدى. «ئەخمەق، بىكار ئاۋارە بولىسەن... كېيىن بىلىپ قالارسەن... ئۈمىدىڭنى ئۈز ئۇ سېرىقتىن. ئۇ ئەرگە تېگىدۇ، كىمگە تېگىدىغانلىقىنى دېمەيمەن» كىمنىسانىڭ سۆزلىرىنىڭ مەنىسى ئەمدى يېشىلىۋاتاتتى. سۇلايمان ئاچچىق ئەلەم ئىچىدە تولغاندى. ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ تۇراتتى. رۇستەمنىڭ شادلىق ئويناپ تۇرغان كۆزلىرى ھېلىھەم ئۈمىد بىلەن تىكىلەتتى. سۇلايمان يانچۇقىدىن بىر تىللانى ئېلىپ بەردى:

— بۇنى سېتىپ...

— رەھمەت، رەھمەت ئاداش، — رۇستەمنىڭ كۆزلىرى ھاياجاندىن قىسىلىپ كەتتى، — چايغا ھەر قانچە بولسا 300 يۈەن كېتەر، بۇنى ساتسام ئىككى يېرىم مىڭ يۈەنگە ئالىدۇ، تويغا تۇتۇش قىلغاندا يەنە بىر ئاز ياردەم بەرگىن.

رۇستەم خۇشال قايتتى. سۇلايمان ئۇنى ئۇزىتىپ كىرگەندىن كېيىن بېشى قېيىپ ئاران ئولتۇرۇۋالدى. ئۇ تولغىنايغا بولغان مۇھەببىتىنى دوستىغا ئاشكارىلىمىغانلىقىنى گۇناھ ھېسابلاپ، ئۆزىنى نەچچە قېتىم ئەيىبلىگەنىدى. رۇستەممۇ سىرى يوشۇرۇپ كەلگەن، پۇل لازىم بولمىغان بولسا ئۇ سىرنى يەنىلا يوشۇرۇپ كەلگەن بولاتتى. شۇلارنى ئويلاپ سۇلايمان دوستىنىڭ ئالدىدا گۇناھكار ئەمەسلىكىگە، دوستلۇق قەسىمىگە داغ چۈشۈرمىگەنلىكىگە ئىشەنچ ھاسىل قىلدى.

سۇلايمان ئاپتوبۇستىن چۈشكەندە قۇياش غەربكە قىيسايغانىدى. ئۇ تەرلىرىنى سۈرتۈپ، ئىسسىقتىن گەز باغلاپ كەتكەن كالپۇكلىرىنى بىر نەچچە قېتىم يالاپ قويدى ـ دە، كوچا بويلاپ تېز ـ تېز مېڭىپ كەتتى. ئۇ ئالدىرايتتى. رۇستەمنىڭ ئالدىدا خىجالەتچىلىككە قالماسلىق ئۈچۈن چار باغقا بالدۇرراق قايتىپ بېرىشى كېرەك ئىدى. بۈگۈن چارشەنبە، تولغىنايىنىڭ ئۆيىگە چاي ئاپىرىدىغان كۈن. سۇلايمان جامە ئالدىدىن ئۆتۈۋېتىپ كالپۇكلىرىنى يەنە يالىدى. ھاۋا دىمىق، ئىسسىق ئىدى. يايمىچى، دۇغچى، ماروژنىچىلارنىڭ ساينۋەنلىرى جامە ئالدىغا ئالاھىدە مەنزىرە بەخش ئەتكەنىدى. ئۇنىئالغۇلاردىن ناخشىلار، دىنىي قىسسەلەر، سوپى ـ ئىشانلارنىڭ ھۆكمەت ـ تەلقىنلىرى ياڭرايتتى.

— دۇغ ئىچمەملا، جۇلابمۇ؟ — دۇغچى سايىۋەن ئاستىدىكى ئۇزۇن بەندىڭگە كېلىپ ئولتۇرغان سۇلايمانغا قاراپ ئىللىق كۈلۈمسىرىدى، — كۇۋاس ئىچەملىيا؟

— مۇزنى جىقراق سېلىپ دۇغ ئەتسىلە، ئۇستام.

دوغچى كۆپكۆك يالتىراپ تۇرغان مۇزنى چىنىگە چاراسلىتىپ چۈشۈردى. قېتىق، سۇ

قۇيۇپ چايقىدى.

سۇلايمان ھەش ـ پەش دېگۇچە دۇغنى ئىچىپ، چىنە تېگىدىكى مۇزنىمۇ شۇمۇپ، چايناپ بولدى. دوغ پۇلىنى تۆلەپ ئورنىدىن تۇرۇشىغا يان كوچىدىن كېلىۋاتقان ئەختەم قارىينى كۆرۈپ قالدى. ئەختەم قارىي بېشىغا سەللە ئوراپ، ئۇزۇن سالما ياقىلىق، رەڭگى قارا يازلىق تونىنى كىيىپ پېشىن نامىزىغا چىققانىدى. سۇلايمان كۆرۈشۈپ ئۆتۈش نىيىتىدە ئەختەم قارىينىڭ يېنىغا باردى.

ــــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، قارىم.

ــــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئوغلۇم. بازارغا كەلگەنمىدىڭىز ؟

ــــ شەھەرگە بارغانىدىم، ئەمدى قايتاي دەۋاتىمەن.

ــــ قىشلاقتا زۆرۈر ئىش يوقتۇ، ــــ ئەختەم قارىي ئۇنىڭ سەل جىددىيلەشكەن تۇرقىغا سىنچى كۆزلىرى بىلەن تىكىلدى.

ــــ يوقسۇ، ــــ دېدى سۇلايمان.

ــــ تولا ئوبدان، ئوغلۇم، ــــ ئەختەم قارىي جامە دەرۋازىسىغا قاراپ قويدى، ــــ سىز بىلەن سۆزلىشىغان گەپ بار ئىدى. مەن نامازدىن چىققۇچە ساقلاپ تۇرالامسىز ؟

ــــ ماقۇل، قارىم.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

**مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە**

(بېشى 9 ـ بەتتە)

خۇشال ئولتۇراتتى. قىياپىتىدىن مەغرۇرلۇقمۇ چىقىپ تۇراتتى. تانسا باشلانغاندا ئۇ يېنىمغا كەلدى ـ دە، پىچىرلاپ تۇرۇپ:

ــــ ئۆيدىكىلەر پۇل ـ پىچەك ئەۋەتمىدىمۇ ؟ ــــ دەپ سورىدى.

ــــ ئەۋەتتى، ــــ دەپ يانچۇقىمدىن كېرىمكام بەرگەن 150 يۈەننى چىقىرىپ سۇنغاچ سورىدىم، ــــ پۇلدىن قىسىلغان تۇرۇقلۇق بۇنچە مول زىياپەت تەييارلىتىپسىنا ؟

ــــ ئەمدى ياخشى كۆرگەن ئادىمىڭنىڭ ئالدىدا چۇپەيلىك قىلسام سەت تۇرمامدۇ ؟ ئازراق قەرز قىلدىم. ئوغۇل بالا بولغاندىكىن تۇگەپ كېتىدۇ.

سەن ياخشى كۆرگەن ئادىمىڭدىن ھېچنېمەڭنى ئايىمايدىكەنسەن. خەلچەم ھەدەم دادىسىنى ياخشى كۆرمەيتتىمۇ ؟ سەن ئاپاڭ بىلەن داداڭنى ياخشى كۆرمەمسەن ؟ سېنى ئوغۇل بالا قىلىۋاتقان كېرىمكام بىلەن خەلچەم ھەدەمغۇ !؟

كۆز ئالدىمغا خەلچەم ھەدەمنىڭ پىسىلداپ كۆيۈۋاتقان ھۆل ئوتۇنىنى پۈۋلەۋاتقان تۇرقى بىلەن مۇنۇ قىزنىڭ خۇشال تانسا ئويناۋاتقان تۇرقى تەڭلا كەلدى. ئالدىمدا بولسا، «ئوغۇل بالا» مەندىن ئالغان پۇلنى سورۇنغا كەيىننى قىلىپ تۇرۇپ پۇل سانىۋاتاتتى.

**مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمائىل**

ئابلەت ئابدۇرېشىت (بەرقى)

# ئانام، باھار، مەن

## يورۇقلۇق

بىر دەريا سەن، بېلىق ئورنىدا
قايىنىمىڭدا ئۈزىدۇ چۆچەك.
قۇشلار،
سەھەر
ئىزدەيدۇ تىنىماي،
قايىنىمىڭدىن ئۆزگە يۈرەك.
شامال،
ناخشا،
ئەگىيدۇ سېنى،
لەۋلىرىڭگە يېزىپ ئىسمىنى.
ئاي، يۇلتۇزلار مارايدۇ سېنى.
كېچىلەرنىڭ بولۇپ ئارمىنى.

تۇغۇلسەن ئۆلسەك ئەگەر دە،
يىلتىزلاردا بولۇپ سەن سۆيۈش.
چاك - چاك بولۇپ يېرىلغان لەۋگە،
ئاتا قىلىپ بەكمۇ گۈزەل چۈش...

بىر دەرياسەن گۈزەل بەك گۈزەل،
ئەل ۋە يۇرتقا تىلەيسەن ئىز گۈ.
چىمەنلەردىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ،
دەشت چۆللەردىن ئىزدەيسەن سۆيگۈ.

## ئانام، باھار، مەن

قۇشلار كۈلەر، ئېچىلىدۇ گۈل،
كۆك ئاسماننىڭ تۆكۈلەر يېشى.
يەردىن ئاستا كېتەر يىراقلاپ،
مۇھەببەتنىڭ قېرى قۇياشى.

قۇشلار يىغلار، يۇلىشىدۇ گۈل،
ئاھ نېمە ھال ئاسمان قىزىدا.
ئانام كەتتى قۇياشنى قوغلاپ،
ئاق چېچەكلەر قالدى ئىزىدا.

قۇشلار جىمجىت، زېمىنمۇ گۈلسىز،
مەن زېمىندا قالدىم يېگانە.
ئەمدى باھار قايتىدۇ قاچان،
قاچان قۇشلار باشلار ھېكايە؟

## تەرجىمىھالىم

تۇغۇلدۇم مەن ياپراق كۆزىدىن،
ئۇ تارتقاندا دەرەخ يىلتىزى.
تارىخىم شۇ دەرەخ تۇۋىدە
قالغان ئەركە قۇشلارنىڭ ئىزى.

## سەھنە

سەھنە يورۇپ تۇرار بەكمۇ سۇس،
ئۈمىد بولغان ئېلانچى ئاغا.

تىنماي ناخشا ئېيتىدۇ تۇرمۇش،
كۈلۈمسىرەپ قىزلاردەك ساڭا.
سەھنە يورۇپ تۇرار بەكمۇ سۇس،
تولغىنىدۇ نۇر بىلەن سايە.
ئارتىسلىرى كەتكەندۇر نەگە،
ئۇسسۇل ئوينار ئۈمىد ۋە غايە.
سەھنە يورۇپ تۇرار بەكمۇ سۇس،
سەھنىگىلا ئوخشايدۇ جاھان.
شادلىق، ئۈمىد، ھەسرەت ئارىلاش
ئۆز قېشىغا چىللايدۇ جانان.
سەھنە يورۇپ تۇرار بەكمۇ سۇس،
ئارمان چالدى ئاستا نېيىنى.
ماڭدى ئاستا ئەتىگە ھەممە
ئىچىش ئۈچۈن تاڭنىڭ چېيىنى.

## باھار لېرىكىسى

بىز ئۈچۈن چۆلدىمۇ گۈللەر ئېچىلدى،
باسمىدۇق ۋە لېكىن ئۇياققا ئاياغ.
بىز ئۈچۈن تەبىئەت يىغلىدى، كۈلدى،
باقمىدۇق ئۇنىڭغا تۈرۈپلا قاپاق.
ئاسماندا قۇياش بوپ ئۆزەر ئارمانلار،
نۇر تاشلاپ سۆيگۈنىڭ زەيكەشلىرىگە.
كۆي بولۇپ تارايدۇ تاڭلارغا ئاق قۇ،
چاڭ باسقان ھىجرانغا تاپقىلى ئىگە.
كۆزۈڭدە مىڭ باھار، كۆزۈڭدە گۈللەر،
قەلبىمگە قارىشىڭ ياپيار پايانداز.
يىراقتا مەن ئۈچۈن ياڭرايدۇ چۇقان،
كېپ قالدى ھۇجراڭنى يوقلاش ئۈچۈن ياز.
ۋە لېكىن قەلبىڭدە بار زادى نېمە؟
ھەسەتتە قارايدۇ يازغا كوھىقاپ.
تەبىئەت بىئامال، ئىلاھلار سۇلغۇن.
روھ بولۇپ ئەگدى ئاسمانغا ئازاب،
بىز ئۈچۈن قۇياشمۇ تىلىدى بەخت.
چۈشەنمەي كەلدۇق بىز چىن بەخت نېمە؟
بىز ئۈچۈن بۇ ئالەم كۆلگەندە ئارتۇق
باھارىم سەن زادى باقسەن كىمگە؟

نەيىم يۈسۈپ

# ئىلھام جىلۋىسى

## يول

كۆپ - كۆك مۇز قاتقان سەھرا يولىنى
قېلىن بىر قەۋەت ئاق قار قاپلىدى.
لېكىن ئادەملەر زۆرۈرىيەتتىن
قار - مۇزنى كېچىپ ھامان قاتنىدى.

تاڭ سەھەر بىراۋ باشلامچى بولۇپ،
ئۆتكەن بۇ يولدىن تۇنجى قار كېچىپ.
شۇ ئىزدىن چىقماي ماڭغاچ كىشىلەر
قالدى سىزىقتەك تار بىر يول چىقىپ.

قوشنا مەلىنى كۆزلەپ بىر بوۋاي
چۈشتى شۇ يولغا نەۋرىسى بىلەن.
لېكىن نەۋرىسى چىقىپ تار يولدىن
ماڭدى قار كېچىپ ھەۋىسى بىلەن.

ئۆگەتتى بوۋاي: قارنىڭ تېگى مۇز
يىقىلىپ كېتىسەن، تار يول بىلەن ماڭ!
قىلمىدى پەرۋا نەۋرىسى قىلچە،
بۇ گەپ قۇلاققا ياقمىدىمۇ - تاڭ؟

بوۋاي دېگەندەك ھايال ئۆتمەستىن
نەۋرىسى تېيىلىپ يىقىلدى قاردا.
كايىدى بوۋاي: دېمىدىمۇ مەن
بەڭباشلىق قىلما، ئەمدى گەپ ئاڭلا...

لېكىن نەۋرىسى يىغلىماپ قويۇپ
يەنە تېز غىنچە ماڭدى قار كېچىپ.
بوۋاي رەنجىدى بولغاي ئۇنىڭدىن
يۈرمىدى قايتا كايىپ گەپ ئېچىپ.

قايتىشتى ئۇلار قوشنا يېزىدىن،
هەر كىم بار غىنچە باسقان ئىز بىلەن.
دېدى نەۋرىسى: قاراڭا بوۋا،
مەنمۇ يول ئاچتىم قاردىن سىز بىلەن...

بوۋاي كەينىگە بۇرۇلۇپ قاراپ
كۆردى نەۋرىسى ئاچقان بىر يولنى.
خاپىلىق تارقاپ چېھرىدىن شۇئان،
سۆيدى قۇچاقلاپ سەبىي ئوغۇلنى.

## نورۇز كەلدى

كەتتى سوغ قىش، كەلدى نورۇز، خاسىيەتلىك ئاي
يەر - جاھانغا ئۇچۇر بېرىپ گۈلدىن - چېچەكتىن.
ئەسسالام، دەپ ئېللىققىنە باهار شاملى
كىردى هويلا - هۇجرىلارغا رامدىن - رۇجەكتىن.

يەرلەر ئەكچىپ مايسىلارغا ئاچتى كەڭ قۇچاق،
ئېرىقلاردا ئاقتى ئەگىز تېشىپ گىرۋەكتىن.
تۇتۇش قىلدى ئىش - چېلىشقا يەڭ تۈرۈپ مانا
كەڭ ئېتىزنى جانلاندۇرۇپ مەردلەر بۆلەكتىن.

كەلدى نورۇز، ئېلىپ بىزگە شادلىق - مۇهەببەت،
يېڭى غەزەل - كۈيگە ئىلھام قوزغاپ يۈرەكتىن.
باهار بىلەن باغ - ۋاراننى كېزىپ ئارىلاپ،
هال سورىدى باراڭلارغا ئېلىنغان تەكتىن.

زەر ئېتەكلىك ۋادىلارغا يېشىل تون ئېلىپ
كەلدى نورۇز ئۇچۇر بېرىپ يېڭى تىلەكتىن.
باهار ئىشقى ياڭراتقان شاد غەزەل - ناخشىنىڭ
ئاشار ئەۋجى سېخىي كۆزدە ئاسمان - پەلەكتىن.

## يىللار قوينىدا

ئانام تېنىدىن ئاجراپ كۆز ئېچىپ،
ئاتتىم ئۆزۈمنى يىللار قوينىغا.
يىللار چوڭ قىلدى، مەنمۇ ئەجرىمدىن
گۈل ۋە مارجانلار تىزدىم بوينىغا.

يىللار كارۋىنى ئۆتتى بىر - بىرلەپ
گاهى يىغلىتىپ، گاهى كۈلدۈرۈپ.
كەتمىدىم سەكرەپ كۈلدۈرگىنىدە،
يىغلاتقاندىمۇ تىترەپ، يالۋۇرۇپ.

ئېلىپ ئىلكىمگە ھەر بىر مىنۇتنى،
مەنزىلگە قاراپ داۋانلار ئاشتىم.
باسسىمۇ ساقال، قورۇق يۈزۈمنى،
ئۆمرۈم بېتىگە گۈل ـ چېچەك باستىم.

يىللاردىن ئەسلا يوقتۇر رەنجىشىم
ياردەك ئېگىلىپ كەتسىمۇ قەددىم.
ئىز بېسىپ يىللار قويىندا، ئەلنى
گۈلگە پۈركەيدۇ ئوت يۈرەك نەسلىم.

مۇھەممەت روزى

# ئاتەش نەپەسلەر

## ئۇ يەنە...

بىر يۇمران سۆيگۈدەك تۆكۈلەر ئاق قار،
دالا ئاق، يوللار ئاق، ئاقتۇر تەبىئەت.
ئورمانلار كىيىشكەن ئاق كۈمۈش لىباس،
ئاجايىپ سۈكۈنات بار بۇندا پەقەت.

توڭلىغان تۇپراقتا بار ئاتەش نەپەس،
ئۇ ياتار ئۈمىدلىك ھېسلارغا تولۇپ.
داللار ئۈستىدىن يېشىللىق ئۆچكەن،
خازانلار تۆكۈلەر مۇھەببەت بولۇپ.

توشقانلار تىترىشەر ئاچچىق سوغۇقتىن،
چۆچۈتەر ئۇلارنى رەتسىز غىچىرلاش.
تاشلىنار ئەتراپقا قار يۇمزەكلىرى
باشلىنار ۋە يەنە تاتلىق پىچىرلاش.

ئاق ناخشا بالقىيدۇ ئاپئاق دىللاردىن،
بار ئۇندا قۇياشتەك يالقۇنجاپ يېنىش.
شاماللار پەرىشتە قانتىنى بىلەن
يىراقتىن ـ يىراققا يوللار سىغىنىش.

بىغۇبار سۆيگۈدەك تۆكۈلەر ئاق قار،
ئاق قارغا پۈركەندى تەبىئەت ئەنە.
ئوخشاتما سەن ئۇنى ئاق چاچلىرىمغا
يوقالغان ياشلىقنى بەردى ئۇ يەنە...

## دېھقان قىزى

چولپان سۆيگەن گۈل سۈپەت پەرى
بولدى ساڭا خىيالىم يانداش.
سېنى كۈيلەپ يازغان شېئىرىمنى
ئۆزىگە نۇر قىلغانمۇ قۇياش.
مەن ساڭا ھەم سەن ماڭا قاياش
دېھقان قىزى دېھقاننىڭ قىزى.

سېنى كۈيلەپ يازغان شېئىرىمنى
ئېتىز ـ قىرلار بىلىدۇ تولۇق.
دېھقان قىزى، دېھقاننىڭ قىزى،
ئەجرىڭ بىلەن باي بولدۇڭ يوللۇق،
پەزىلىڭنى ئەل بىلىدۇ تولۇق.

سەن ئاق لالە، سەن گۈزەل ئۇلۇغ،
يېشىل قىرغاق بىزنى كۈيلەيدۇ.
ئۇندا باھار قىلمايدۇ قۇۋلۇق،
مىكىرلىقنى دىللار سەزمەيدۇ.
روھ ۋە غەيرەت كۆككە ئۆرلەيدۇ.

يېشىل قىرغاق بىزنى كۈيلەيدۇ،
كۆكتىن يەرگە سېپىلىدۇ ئۇن،
ساھىللاردا جۇپ كۈلەڭگۈ بار.
سەندىن ئۇر كۈپ تاتىرىدۇ تۈن،

دېھقان قىزى، دېھقاننىڭ قىزى،
سەن ئۈيۈقتىن بالقىۋاتقان كۈن.

## تىلەك

مىسىر ئېرىم قاناتلىق لاچىن،
پەرلىرىگە چەككەن دۇنيانى.
ئۈمىدىمنىڭ يېشىل ئۇچقۇنى
كېلەر ئېلىپ نەغمە ـ ناۋانى.

بەخت گۈلۈم پورەك ئاچ ـ پورەك،
يېشىل چۇشلەر ساڭا ھامىلدار.
تىلەك بىلەن كەلدىم ناڭلارغا،
باھار بىلەن ناڭغا مەن خۇشتار.

## مەن كۈيلىگەن ئۇ ناخشا

خىياللاردەك چىكىدۇ
دېرىزەمنى شوخ شامال.
شۇئىرلايسەن كېچىلەر
سۆيگۈ بولۇپ ئايجامال.

تەلمۈرىمەن ساماغا
خىياللارنى قۇچاقلاپ.
سەن قەلبىمدە يانىسەن
يۇلتۇز كەبى چاراقلاپ.

ھېسلىرىمنى ئازدۇرۇپ
چېچە كلەيسەن چۇشۇمدە.
يۈيىنسەن خۇش بولۇپ
ئوت قاينىغان كۆزۈمدە.

مەن كۈيلىگەن شۇ ناخشا
قالغانىمدۇ ئېسىڭدە.
قاپتۇ ئۇخلاپ بىر ناخشا
گىلاس رەڭلىك لېۋىڭدە.

## چېچەك

كۆيدۈرمەكتە ھايات بېغىنى
قۇچىقىدا ئوراپ بىر لىچەك.
يۈرىكىمدە ياشار ماقتىدۇر
سەن ئۈزاتقان ئاخىرقى چېچەك.

ھەسرىتىمگە ئىز دەپ تەسەللى،
يۇراپ باقتىم رەڭدار گۈللەرنى.
ئەمما ھۇزۇر بېرەلمەي ماڭا،
ئەزىز قىلدى ئۆتكەن كۈنلەرنى.

يۈرىكىمگە تېڭىلغان شۇ گۈل
بېرەلمەيتتى بەختىمنى پۈتۈن.
شۇ گۈل ئۇچۇن سۆيدۇم ھاياتنى،
لېكىن ھايات مەن ئۇچۇن يوچۇن.

## يۇرت سۆيگۈسى

مەن كەلدىم گۈل يېزام، ئاچقىن باغرىڭنى،
جانۇ ـ تەن بىر بولسۇن، قۇچاقلا مەھكەم.
يۈرىكىم يانماقتا سۆيگۈڭ تەپتىدە،
بىر سېنىڭ ئوغلۇڭمەن ۋاپادار، بەردەم.

ياپ ـ يېشىل پاك دالاڭ يەلپۈنەر مەيىن،
بەزمىگە چاقىردى قۇشلىرىڭ بۇئان.
مېھنىتىڭ، ئەجرىڭگە قىلىمەن تەزىم،
سالام ئەي گۈل يېزام، سالام ئانىجان.

بىر شېرىن سېزىمدە لال بولدى بۇ تەن،
ئاھ، يۈكسەك مۇھەببەت ئۇلغىيىپ شۇنداق.
مەن كەلدىم بوۋاقچە يايراپ ئالغىلى،
كۆزۈمگە تۇتىيا ئەي ئەزىز تۇپراق.

تېپىندىم بال تامغان ئەنجۈرلىرىڭدىن،
ئۆز گىچە شادلىقتا جانلاندى بۇ جان.

يارالغاچ ئەزەلدىن بېھىشكە ئەنداز،
نېمىتىڭ مول شۇنچە، سېخى ھەر زامان.

قۇياش سەن، گۆھەر سەن ياشلىقتەك گۈزەل
تالڭ پەسلى چېچەكلەر باسقان يولۇمدا.
جان دېسەڭ، نېمە ئۇ، مىڭ لەۋزە قۇللۇق،
سەن ئۇ چۇن يۈرىكىم ھەر دەم قولۇمدا.

## ئاھ، يۇلتۇزلار

سامادا يۇلتۇزلار چاقنىغان مەھەل،
ھېسلىرىم مىسالى بىر ئەزىم دەريا.
ھەر يۇلتۇز كۆزۈمگە پەرى كۆرۈنۈپ
قەلبىمنى ئۆزىگە قىلدى مەھلىيا.

ئويلايمەن: يۇلتۇزلار شادلىق بەلگۈسى،
ئالەمنىڭ زىنىنتى ـ كۆركى ـ جىلۋىسى.
ئىنسانلار ئۇنىڭدىن ئالىدۇ راھەت،
بار ئۇندا گۈزەللىك، پاكلىق كۈلكىسى.

ئاھ، نۇرلۇق يۇلتۇزلار، بەرنا يۇلتۇزلار،
سىلەر دەك سامادا چاقنىسام دەيمەن.
قىرانلىق پېتىمچە ئىجادىم بىلەن،
يېڭى بىر ئەسىرگە ئاتلىسام دەيمەن.

ئابدۇلئەھەت قادىرى

# ئىككى شېئىر

## كۈلكە قەسىدىسى

ئادەمگە بىر پەقەت تۇغۇلماق، ئۆلمەك،
تىرىغۇش ۋە تۇغۇلۇش لېكىن بىر ئەمەس.
قوشكېزەك قىسمەت ئۇ يىغلىماق، كۈلمەك،
ھايات بىر تېپىشماق، لېكىن سىر ئەمەس!

ئانىدىن قىرقىراپ تۇغۇلار بوۋاق،
يىغىدىن باشلىنار تۇنجى تىنىقمۇ.
كۈلكىنىڭ قاتىلى شۇ ئۆلۈم، بىراق،
كۈلۈشنى ئىز دەيمەن ئۆلۈپ تۇرۇپمۇ...

شاھانە تەبەسسۇم، غەيۇر كۈلكىلەر
لەۋ يېقىپ كېلىدۇ چۈشۈمدە پات ـ پات.
بىر كۈلسەم كائىنات نۇرغا چۆمكىلەر،
بىر كۈلسەم تىترەيدۇ ھەتتا پىلسىرات.

كۈلكەمنى چاچقۇدەك ئالەمگە چاچسام،
كۈلكە بوپ تۆكۈلسە زېمىنغا تومۇز.
قۇياشنىڭ كەينىدىن بىر تۆشۈك ئاچسام،
ۋاراقلاپ قاينىسا تەسكەيدىكى مۇز.

كۈلكىدەك ئارمانلار كەلدى كۈلدۈرۈپ،
كۈلۈپلا ھالقىدىم قىرىق داۋانىدىن.
كۈلمىسەم غۇسسەدىن كۈلكە ئۈندۈرۈپ،
چىقامتىم تىنچ ـ ئامان ئۆزۈپ قاينامدىن.

ئۆمۈرنىڭ ئوزۇقى دەيدۇ كۈلكىنى،
نە بىلسۇن قەدرىنى چۈشەنمىگەنلەر.
دېڭىزنىڭ تەكتىدە دېسە كۈلكىنى،
كۈلەلمەس غەۋۋاستەك چۈشەلمىگەنلەر.

ھاياتقا سەن كۈلۈپ باقساڭ ناۋادا،
بېرەر كەن دەقىقە مىڭ كۈلكە تۇغۇپ.
يۈرمىسەڭ بىئەجىر تەزىم ـ تەمەدە،
كۈلكە ئىدىن ھارارەت كەتمەيدۇ سوغۇپ.

## ھەي سىگىل

ھەي سىگىل،
بىر قۇر ساقتىن چۈشكەن ئىككىمىز.
تۇغۇلغاندا ئىدۇق تەك، ئەزىز.
ھاياتلىقنىڭ تارازىسىدا
ۋەزنىمىز ئوخشاش،
ئەمەس ئىدۇق
بىرىمىز شاكال، بىرىمىز مېغىز.
بىراق،
بازىرىدا تەقدىر ـ قىسمەتنىڭ
ئوخشاش بولماي قالدى نەرقىمىز.
نەدە پەرقىمىز ؟!
ئىچىنىمەن،
ماڭا بەرگەن تەلەي ـ رىسقىنى
بەرمىگىنىگە ساڭا تەڭرىنىڭ.
چىچىلىمەن،
ساڭا يېپىشىپ
ئالغىنىغا خورلۇق، جەبرىنىڭ.
ھەي سىگىل...

جۇمە ئابدۇغېنى

## دەپتىمەن

(تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە تەخمىس)

بىر كۆرۈپ گۈلزاردا رەيھان دەپتىمەن،
كىمدۇ بۇ گۈلدەك ئېچىلغان دەپتىمەن،
قامىتى زەيمۇ ياراشقان دەپتىمەن؛
سۆزىنى ئاڭلاپلا ئىنسان دەپتىمەن،
مېنى ئۇبدان دېسە ئۇبدان دەپتىمەن.

سۆز بىلەن قىلغان ئەمەل باشقا دېسە،
ئالدىنىپ قالما قەلەمقاشقا دېسە،
گاچىدەك دۇم چۈشمىگىن ئاشقا، دېسە،
دوستلىرىم ئالدىرىما بۇ ئىشقا دېسە،
بولسىدى توي شۇنچە چاپسان دەپتىمەن.

تۇرسا ئۇ دۇردۇن ـ تاۋاردا بېزىلىپ،
قولى ھەم بويىندا مارجان تىزىلىپ،
يۈرىكىم ئېغىپ، ۋۇجۇدۇم ئېزىلىپ؛
لەۋلىرى گويا ھەسەلدەك سىزىلىپ،
لەززىتى دەردىمگە دەرمان دەپتىمەن.

تەلپىمگە ياق دېمەي ئاڭلاپ تولۇق،
بارىنى قىلغاچقا ھەل، قويماي قۇرۇق،
مەنزىلىم يىراق، لېكىن ئېتىم ئورۇق،
نازلىنىپ سالدى سىلىق، ئالدىم ئوشۇق،
بار ـ يوقۇم سىزگە ئاتالغان دەپتىمەن.

قىلىمەن مەڭگۈ ۋاپا دېسە ماڭا،
سەنمۇ ھەم قىلما جاپا، دېسە ماڭا،
بولمەن دەردكە داۋا دېسە ماڭا،
نازلىنىپ جېنىم پىدا دېسە ماڭا،
ئىشقىڭىز غا مەنمۇ قۇربان دەپتىمەن.

قالمىسۇن دەپ كۆڭلىدە چىگىش ـ تۈگۈن،
چىدىدىم، چىقار مىدىم ھەتتاكى ئۈن؛
بۇنى تۆلەرمىز دېدىم، ئەتە ـ ئۆگۈن،
توي بولۇپ ئۆتتى كۆڭۈللۈك نەچچە كۈن،
قالدى ئەمدى نېمە ئارمان دەپتىمەن.

ئۇ ماڭا خۇمارلىنىپ باققاندىمۇ،
مەن ئاڭا باغرىمنى چىلەك ياققاندىمۇ،
لېۋىدىن لېۋىمگە مەي ئاققاندىمۇ،
بىللە بولغاندەك ياڭاق چاققاندىمۇ،
بولدۇ تەڭ چۆلدە چوپان دەپتىمەن.

مەن ئۇنىڭ ھىممىتىنى تاغدەك بىلىپ،
بىر مەھەل يار قوينىدا ياغدەك ئېرىپ،
باشقىنى قويماپتىمەن كۆزگە ئىلىپ،
ئەمما توي قويدى مېنى قەرزدار قىلىپ،
تۆلىمەكنى بەكمۇ ئاسان دەپتىمەن.

ئازۋاقىت مەن ئاپتىمەن روھىي ئوزۇق،
بۇ ئوزۇق قوشۇپتۇ ھەم روھىمغا زوق،
مەن سەتەڭنىڭ يارى، دەپ كۆڭلۇممۇ توق،
كەلسەم ئىشتىن بىر كۈنى يار ئۆيدە يوق،
بولغىلى كەتكەندۇ مېھمان دەپتىمەن.

ساقلىدىم، كەلمىدى ئۆيگە ھېچ كىشى،
تۈگىمەي قالدىمكىن دېدىم ئىشى،
يا يېتىپ قالدىمكىن ئاغرىپ بېشى،
بايقىسام قاپتۇ يالىڭاچ ئۆي ئىچى،
ھەر قاچان بىر ئوغرى ئالغان دەپتىمەن.

بولدى يالغان مېنى جانان ئەتكىنى،
ھەم بىلىندى ئۆز ئۆيىگە يەتكىنى،
ئاپتۇ ئۇ ئۆيدىن بىساتنىڭ ھەممىنى،
بولدى مەلۇم يار يامانلاپ كەتكىنى،
ئۆتكۈزۈپ قويدۇممۇ نۇقسان دەپتىمەن.

ئۇ ماڭا زۆھرە ئىدى، مەن تاھىرى،
ئۇ ئىدى كۆڭۈل ئاياشنىڭ ماھىرى،
ئېيتتىمكىن بولمىغۇر سۆز يا بىرى؟
بىر ئۇقۇشماسلىق ئۆتۈپتۇ، ئاخىرى
كېلىدۇ ئەيلەپ پۇشايمان دەپتىمەن.

باشلىدۇق بىز ئۆز ئارا بۇ تىناشقىلى،
بولمىدى خېلى ئۇزاق مۇڭداشقىلى،
بىر كۈنى كەلگەي دېدىم بولاشقىلى،
ئەكسىچە قىلسا تەلەپ ئاجراشقىلى،
ئېرۋىسى بوپتۇ پەرىشان دەپتىمەن.

بىنەزەر ئويىنسا، يۈرسە كوچىدا،
ئايرىلىش پەيزىنى سۈرسە كوچىدا،
ھومىيىپ قاپاقنى تۇرسە كوچىدا،
ئېسلىپ چۇقان كۆتۈرسە كوچىدا،
بەلكى كۈندەشلىككە قالغان دەپتىمەن.

گەرچە ئادەم بولسىمۇ نەسلى ئۇنىڭ،
ھەمدە ياخشى بولسىمۇ ئەسلى ئۇنىڭ،
ئۆزگىرىپ بوپتۇ خۇيى ئەسكى ئۇنىڭ،
بار ئىكەن يوتقان يىغىش كەسپى ئۇنىڭ،
ئاڭلىغانتىم، ئەمما يالغان دەپتىمەن.

بوپتىكەن ئۆيدىن تالاي مالنى توشۇپ،
ئېيتمىدىم قالمايلى بىز دەپ ئۇرۇشۇپ،
ۋەلېكىن ئالدىمنى توستى سوقۇشۇپ،
ئالدى خەتنى بار بىساتىمنى قوشۇپ،
مېنى قىلماس مۇنچە ۋەيران دەپتىمەن.

مېنى بەنت قىلالمىغان نى ـ نى توساق،
بۇ قېتىم چىدىمىدىم، كۆپتى قورساق،
ئالدىنىشنىڭ دەردىنى تارتتىم ئۇزاق،
كۆيگىنىمنى قىلدى بۇرنۇمدىن بۇلاق،
ۋاي ئىست، دەججالنى جانان دەپتىمەن.

باشتا مەن بۇنداق بولۇشنى بىلمىگەن،
ئاقىۋەتتىن قىلچىلىك غەم يېمىگەن،
نۇرغۇن ئىشلارنى كۆزۈمگە ئىلمىگەن،
خېلى ـ خېلى دەردكە ۋايجان دېمىگەن،
پايلىماي بۇ دەردكە ۋايجان دەپتىمەن.

مامۇت زايىت

# تۇرمۇش تىراگېدىيىسى

(نەسىرلەر)

## غەلىتە مەنزىرە

مېنىڭ سۆيۈملۈك مەشۇقۇم، بىز ھىجران ئازابىدىن قۇتۇلۇپ، ۋىسال شارابىغا قانغاندەك، بەخت بۆشۈكىدە ئۇزاق تۈنلەرنىڭ ئەللىيىنى ئاڭلاپ مەست بولغاندەك قىلىمىز، بىراق كۆڭۈل يەنىلا پۈتۈن ئەمەس، بىر نېمىمىز كەمدەك، يۈرىكىمىز ئۇخلاپ قالغاندەك. سېنىڭ خۇمارلاشقان كۆزۈڭدە ئۆمۈچۈك تورىنى كۆرۈۋاتىمەنغۇ! ئەقلىم سەگەك ئىدىغۇ، بۇ نېمە ئىش؟ كۆزۈم تورلىشىۋاتىدۇ، نۇر تىترىمەكتە، ئۆي تىترىمەكتە. قولىقىمغا ھەر خىل كۈلكە، يىغا، تەنە، مەدھىيە، نالە-پەرياد ۋە ناخشا سادالىرى كىرىشكە باشلىدى. يارىدار پەرىشتە ماڭا قاراپ غەزەپلىنىك تىكىلدى. شەيتان بولسا قاقاقلاپ كۈلمەكتە.

نازىنىن قىياپىتىدىكى چىرايلىق ئالۋاستى بەللىرىنى تولغاپ، ناز-كەرەشمىلىك ئۇسسۇلغا چۈشتى. مەست جىنلار ھاراق كۈپلىرىنى بىر-بىرىگە ئېتىپ، قىيا-چىيا كۆتۈرۈشمەكتە. بەزىلىرى يالىڭاچ ئالۋاستىنى تالىشىپ بىر-بىرىگە خەنجەر تىقىشماقتا. بۇلارنى توسۇپ نەسىھەت قىلغان بىر نەچچە پەرىشتە يارىدار بولۇپ قانغا مىلەندى. ئاق تۈتۈن، ھاراق بۇسى ھاۋانى بۇلغىماقتا...

خىيال-پىكرىم چىگىشلىشىپ كەتتى. مېنى غەپلەت بېسىۋاتامدۇ ياكى چۈش كۆرۈۋاتامدىمەن؟ تىرىشىپ-تىرمىشىپ كۆزۈمنى تەستە ئاچتىم، كۆز ئالدىمدا دەسلەپكى مەنزىرە: مېنىڭ ئۆمۈرلۈك مەھبۇبەم بولغان سېنىڭ قولۇڭدا يەنىلا ماڭا تەڭلەپ تۇرغان ۋىسال شارابى، خۇمارلاشقان كۆزلىرىڭدە بەخت، سۆيگۈ تەبەسسۇمى!

قۇلىقىمغا نېمىندۇر پىچىرلىدىڭ، مەن تولۇق ھوشۇمغا كېلىپ، بايىلا كۆز ئوڭۇمدا پەيدا بولغان غۇۋا مەنزىرىنى ساڭا سۆزلەشكە باشلىدىم. سەن بىپەرۋا ھالەتتە «بۇ خىيالىڭىز ئوخشايدۇ» دېدىڭ. ئۇ خىيال بولسا، نېمىشقا بايىقى كۆرۈنۈشلەر كۆز ئالدىمدا تەكرار-تەكرار پەيدا بولىدۇ. تونۇگۈن، ئۆلۈشكۈنكىلىرىچۇ تېخى؟ ھېلىقى مەست شەيتان پەرىشتەنى بوغۇزلىغاندا چاچرىغان قان كۆڭلىكىمنى بۇلغىۋەتكەندە ئۆز قولۇڭ بىلەن كۆڭلىكىمنى يۇيۇپ، تازىلاپ بەرگىنىڭچۇ؟ ھېلىقى قىز نېمىشقا ئاۋۋال كۈلۈپ، كېيىن يىغلاشقا باشلىدى؟ ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، قول ياغلىقىڭ بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتكىنىڭدە، نېمە ئۈچۈن ساڭا بىر

كاچات سالىدۇ؟ توۋا، يىگىتنىڭ كۆزىدىن چىققان ئاق تۇتۇن بۇلۇتقا ئايلىنىپ، نەپەس ئېلىشىمىز قىيىنلىشىپ، دوختۇرخانىدا سۈنئىي نەپەسلەندۈرۈلگەنلىكىمىزنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ تۈنۈگۈن كۈپ - كۈندۈزدىلا كوچىدا كېتىۋاتقىنىمىزدا بىزگە قاراپ كۈچۈكلىنىپ كەلگەن قارا پىستىننىڭ بىزگە سالام بەرگەنلىكى، تور سومكىمىزدىكى بىر دەستە ناننى كۆرۈپ، بىر يۇمىلاپلا ئادەم قىياپىتىگە كىرگەنلىكى، مېنى مۇشت بىلەن ئۇرۇپ يىقىتىپ، ناننى تارتىۋېلىپ غايىب بولغانلىقىنىچۇ تېخى؟

بىز كۆرگەن ئىشلار بەكمۇ قىزىق ھەم غەلىتە! توۋا دەيمەن، ئادەملەرگە نېمە بولغاندۇ؟ ئۇلارنىڭ بەزىلىرى جىن - ئالۋاستىغا ئايلىنىپ كېتىۋاتامدۇ ياكى جىن - شاياتۇنلار ئىنسانلار دۇنياسىغا سۇقۇنۇپ كىرىپ، ئادەم قىياپىتىدە يۈرۈشكە باشلىدىمۇ؟ پىكرىم يەنە چىگىشلىشىپ كەتتى. مېنى غەپلەت باسقان ئوخشايدۇ.

سۆيۈملۈكۈم، بۇغدا كۆلىدىن ماڭا مۇز سۈيى كەلتۈرگىن، ئۇنىڭدا يۈز - كۆزۈمنى، مېڭەمنى يۇيۇپ، بىر ئاز سەگىۋالاي، ئاندىن ئىسسىپ كەتكەن بۇ ئۆيدىن سالقىن شاماللىق يولغا چىقايلى. بىزگە ئوخشاش بەخت شارابى سۈمۈرگەن ياكى سۈمۈرۈش نېسىپ بولمىغان، خۇشال ياكى دەردلىك، ياخشى ياكى قەبىھ، ئالدىراش ياكى بىكارچى ئادەملەر ئارىسىغا بارايلى - دە، ھەر خىل قىسمەت ناخشىلىرىنى ئاڭلايلى، بىلەمسەن مەشۇقۇم، شائىرلارنىڭ نەزەرىدە تۇرمۇش بەزىدە گۈزەل لىرىكىغا ئوخشىسا، بەزىدە جەڭ مەيدانىغا، بەزىدە كومېدىيىگە ئوخشايدۇ. ئادەملەر بولسا جىق بەدەل تۆلەپ، بىلەتسىز ئويۇن كۆرسىتىدىغان ئارتىست، بۇنى نېمە دەپ ئاتىغۇلۇق، تراگېدىيىمۇ ياكى...

## ئىككى كېسەل

سۆيۈملۈكۈم، بىز ئادەملەر ئارىسىدىكى سەپىرىمىزنى داۋاملاشتۇرايلى، مېنىڭ تەپەككۇرۇم قۇم چاقىدا چاقلانغان قۇرۇچ پىچاقتەك بارغانسېرى ئۆتكۈرلەشمەكتە. ھېس قىلىۋاتامسەن، بىز ئاجايىپ ئادەملەرنى ۋە ئاجايىپ ئىشلارنى كۆرۈپ، ھەيرانلىق ۋە تەئەججۈپ ئىچىدە بىر - بىرىمىزگە قارىغان پېتى تۇرۇپ قالدۇق. بەزىلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسى تاشقى قىياپەت ۋە ھەرىكىتىدىن مەلۇم بولسا، بەزىلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى كۆزىتىپ، چۈشىنىشكە نەچچە ئون يىلىمىز سەرپ بولغانلىقىنى ئەسلىيەلەمسەن؟ مانا، ئالدىمىزدا ئىككى كىشى. بۇ ئىككى ئادەمنى بىزگە ئىككى خىل ئادەملەر توپى ۋەكىل سايلاپ، مەشئۇم قىسمىتىنى، مەھرۇم بولغان نەرسىلىرىنى سازايى قىلىشقا ئەۋەتكەن. بۇنىڭ بىرى تېخى قىرىق ياشقىمۇ كىرمىگەن، ئاغزىدىكى ھەممە چىشى چۈشۈپ كېتىپ، تاماقنى ئوبدان چايناپ يېيەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئاشقازىنى بۇزۇلۇپ، ياش تۇرۇپلا ئورۇقلاپ، قۇرۇق ياغاچقا، ياق، بىر ئىسكىلىتقا ئايلانغان بوۋاي قىياپىتىدىكى بىچارە.

سەن مەندىن يەنە، مېنىڭ بەختلىك ۋە بىپەرۋا مەشۇقۇم، ئۇنىڭ چىشلىرى نېمە ئۈچۈن شۇنچە بالدۇر، ۋاقىتسىز چۈشۈپ كەتكەندۇ؟ دەپ سورىدىڭ. بۇ ئەگەر جىسمانىي جەھەتتىكى كېسەللىك بولسا ئىدى، ئۆز ۋاقتىدىلا داۋالاپ ساقايتقىلى، چىش چۈشۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى

ئالغىلى بولاتتى.

ئەمما بۇ ئادەمنىڭ ھەم ئۇ تەۋە بولغان تۈپىنىڭ كېسىلى مەنىۋى كېسەل، يەنى غاجاش كېسىلى! بۇنىڭغا ئىشەنمەمسەن؟ ئۇنداق بولسا ئۇلارنىڭ كەچمىشلىرىگە قۇلاق سال:

ئاتا - بوۋىسىدىن ئۇدۇم بولۇپ كەلگەنمۇ ياكى باشقىلاردىن يۇقۇپ قالغانمۇ ۋە ياكى ئىتلار تۈپىدىكى ئادەتنى يۇقتۇرۇۋالغانمۇ بۇنىسى نامەلۇم. ئىشقىلىپ، بۇ ئادەم ۋە ئۇنىڭ تۈپىدىكى ھەمراھلىرى ياشلىق چېغىدىن باشلاپلا غاجاش كېسىلىگە دۇچار بولۇپ قالدى. بۇنى روھىيەت دوختۇرلىرى ھەر خىل ناملار بىلەن ئاتاپ باقتى. بەزىلەر «ھەسەتخورلۇق كېسىلى» دېسە، بەزىلەر «كۆرەلمەسلىك كېسىلى»، بەزىلەر «ئىچى تارلىق كېسىلى»، بەزىلەر «چىدىماسلىق كېسىلى» دېيىشتى ھەمدە ئۇلارغا زەھەردەك ئاچچىق دورىلارنى ئىچۈرۈپ باقتى. بۇ دورىلار ئەگەر ئىتقا بېرىلسە، ئاچچىقلىقىدىن ئۆتى يېرىلىپ ئۆلگەن بولاتتى. لېكىن غاجاش كېسەللىرىگە قىلچە تەسىر قىلمىدى.

ئۇلار نېمىنى كۆرسە غاجاۋەردى: خىزمەتداشلىرىنى غاجىدى، كەسىپداشلىرىنى غاجىدى، ئالىملارنى، يازغۇچى - شائىرلارنى غاجىدى. باشلىقلارنى غاجىدى، تالانتلىقلارنى غاجىدى، بايلارنى غاجىدى. تۇغقانلىرىنى غاجىدى. مۇھەررىرلەرنى غاجىدى، دوستلىرىنى غاجىدى، توققۇز قېتىم پايدا يەتكۈزۈپ، ئونىنچى قېتىمدا نەپ بېرەلمىگەنلەرنى غاجىدى، قوشنىسىنى غاجىدى... ئايلاپ غاجىدى، يىللاپ غاجىدى، غاجاۋېرىپ ئاخىرى پۈتۈن چىشلىرى ئۇپراپ، سۇنۇپ تۈگىدى. كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرىدۇ. سەن شۇ تاپتا ئەجەپمۇ غالجىر كېسەل ئىكەنغۇ، دەپ ئويلاۋاتقانسەن. شۇنداق، بۇ غەلىتە ھەم يامان كېسەل.

ئالدىڭدىكى يەنە بىر كىشىگە قارا، ئۇنىڭ كېسىلى بۇنىڭ ئەكسىچە، تېخىمۇ ئېچىنىشلىق كېسەل. ئۇنىڭ بىچارە تۇرقىنى كۆردۈڭمۇ، بۇ كىشى قارىماققا ئانچە ئورۇقمۇ ئەمەس. ئەمما بىزگە، جاھانغا راۋۇرۇس تىكىلىپ قارىيالمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ئومۇرتقا سۆڭىكى ھارۋىنىڭ چاقىدەك ئېگىلىپ كەتكەن. ئۇ بېلىنى ھەرگىزمۇ رۇسلىيالمايدۇ، ئېگىلگەن پېتى دۇنيادىن ئۆتىدۇ. بۇ ئادەمگە ۋە ئۇنىڭ تۈپىدىكىلەرگە چاپلاشقىنىنى قانداق كېسەل دەمسەن؟ بۇنى روھىيەت دوختۇرلىرى «خۇشامەت كېسىلى» دەپ ئاتايدۇ. بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغانلار دۇنيادا خۇشامەتتىن باشقا ئىش بارلىقىنى بىلمىگەندەك ھەممىگە خۇشامەت قىلىدۇ. ھەمىشە تەمەنەپ كويىدا ئېگىلىپ - پۈكۈلۈپ يۈرىدۇ. بايلارنى كۆرسە كۆزىنى ياغ سالغان چايدەك پارقىرىتىپ، ھىجايغان پېتى خۇشامەت قىلىدۇ. ئەمەلدارلارغا خۇشامەت قىلىپ، سايىسىغا سالام بېرىپ، ئالدىدا پايىپېتەك بولىدۇ. باشلىقنىڭ خوتۇن - بالىلىرىغا خۇشامەت قىلىپ، قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالىدۇ. لۈكچەكلەر، مۇتتەھەملەر رودىپايىدەك دۈمبىسىگە مىنىۋالسىمۇ، ئېڭىشكەن پېتى كۆتۈرۈپ يۈرۈۋېرىدۇ. ئېگىلگەنسېرى ئېگىلىپ، پۈكۈلگەنسېرى پۈكۈلۈپ، ئاخىرىدا بەل سۆڭىكى ھۆل ئۆجمە ياغىچىنى قوقاستا پۇچۇلاپ ياسىغان قىسماقتەك ئېگىلگەن پېتى تۈزلەنمەي جاھاندىن ئۆتىدۇ...

مەن سۆزۈمنى داۋاملاشتۇرالماي قالدىم. چۈنكى غەزەپ، ئېچىنىش ئازابىدا ۋۇجۇدۇم

تىترەپ، نەپسىم بوغۇلۇپ قالدى. ئاقكۆڭۈللۈك ۋە مېھرىبانلىق نۇرى چاقناپ تۇرىدىغان ئوماق، شەھلا كۆزلىرىڭىزدىكى ھەسرەت ئۇ چاقۇنى يۈرىكىمنى تېشىپ ئۆتتى. سەن مەندىن سورىدىڭ:

— بەزى ئادەملەر نېمە ئۈچۈن بۇنداق كېسەلگە دۇچار بولىدۇ. سەن ماڭا ئېيتىپ بېرەلمەمسەن، ئۇلارنى داۋالىغىلى بولماسمۇ؟

مەن ئويلىدىم، ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ قەلبىنى، ۋىجدانىنى داۋالاش، بۇلارنى قوللاپ، ئەتىۋارلاپ باغرىغا ئالغۇچى ئەقىلسىز «دانىشمەنلەر» نى داۋالاش، ئۇلارغا بۇ خىل كېسەلنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى تونۇتۇش كېرەك ئىدى.

روھىيەت دوختۇرلىرى جىق داۋالاپ باقتى، لېكىن بۇنداق كېسەللىكنىڭ ياخشىلىقىنى، ئەتىۋارلىق ئىكەنلىكىنى ئۆز ھەرىكىتىدە ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنىدىغان قوللىغۇچىلار مۇ چىقتى... پىكرىم يەنە چىگىشلەشتى. كۆز ئالدىمدا يەر تىترىمەكتە، ھەر خىل سادالار — قارغاش، قوللاش، سۆكۈش، ئەيىبلەش سادالىرى ياڭرىماقتا...

بىردىن ئەتراپنى سۈكۈت باستى. سېنىڭ مۆلۈق كۆزۈڭدە بىر تامچە ياش لىغىرلىدى. ھەي...

## پۇشايمان ئۇچقۇنى

قەدىرلىك مەشۇقۇم، بىز بۇ شەھەرنىڭ مەنزىرىلىرىنى تاماشا قىلىپ چارچىدۇق. «كارا ئوك» لىرىدىكى جاز مۇزىكىلىرى قۇلاق ـ مېڭىمىزنى يەپ، پاك قىلىپ قويغىلى تاس قالدى. بازار ـ دۇكانلىرىدا، يول ياقىلىرىدا ماللىرىغا خېرىدار چاقىرىپ كۈچەپ توۋلاۋاتقان بەزى سېتىقچىلارنىڭ ئاۋازى كىشىنى بىزار قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئالغۇ دۇكانلىرىدىن توختىماي زەمبىرەكتەك گۈلدۈرلەپ ئېتىلىۋاتقان «ناخشا ـ مۇزىكا» سادالىرىدىن گاراڭ بولغان كىشىلەر ئۆزىنى خىلۋەت كوچىغا ئېتىشىپ، كىچىك ئاشپۇزۇل ـ كاۋاپخانىلاردا مېڭىسىنى ھاراق بىلەن ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە باشلايدۇ. بەزىلىرى بولسا ئاق تۇتۇننى ئەجدىھادەك دەم تارتىپ، بەڭگىلەرنىڭ جەننەت پەيزىنى سۈرۈپ، جاھاننى ئۇنتۇش ئارقىلىق تەرەددۇتىغا كىرىشىدۇ.

سۆيۈملۈك مەشۇقۇم، بۇ يەردىن كېتەيلى ـ دە، خىلۋەترەك ئورۇندا بىرەر سۆھبەتداشنى تېپىپ، قىسمەت كىتابىنىڭ بەتلىرىنى ۋاراقلاپ، تەپەككۇر تۈگمىنىمىزگە سۇ باشلايلى.

بىز ھەيۋەتلىك بىنانىڭ ئالدىدا خىيال سۈرۈپ تۇرغان تونۇش پېشقەدەمگە ئۇچراپ سالاملاشتۇق. ئۇ بىزنىڭ تەكەللۇپلىرىمىزنى رەت قىلىپ، 2 ـ قەۋەتتىكى چىرايلىق بېزەلگەن ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ، ئالدىمىزغا چاي ـ مەزە قويدى.

ئۇنىڭ دەم ئېلىشقا چىققاندىن بۇيان، مېڭىسىنى قەلەم، يۈرىكىنى سىياھ قىلىپ يېزىشقا باشلىغان ھايات خاتىرە دەپتىرى بىزنىڭ ئالدىمىزغا يېيىلغىنىدا، مەن نۇرغۇن ئىشلارنىڭ سىرىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم. بۇ كىشى ياشلىق چېغىدىن باشلاپ بىزگە تونۇش، ئاقكۆڭۈل باشلىق ئىدى. كېيىنكى يىللاردا شەھەرنىڭ بىر رايونىدا خېلى مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىپ، بىر مۇنچە ئىشلارنى قىلغان، ئاخىرىدا تەبىئەتنىڭ بېكىتكەن چەكلىمىسىدىن ھالقىپ ئۆتەلمەي، دەم ئېلىش ھاياتىنى باشلىغانىدى. مەن ئۇنى ئەسلىدە ئۈمىدۋار، بەختلىك، مۇرادىغا

يـەتـكـەن كىشى ھېسابلاپ، ئۇنىڭغا زوقلىناتتىم، ئەمما جاھاندا دەرد، پۇشايمىنى يوق ئادەم يوقتا ئوخشـايـدۇ. ئۇنىڭ خاتىرىسىدىكى سۆزلەر بۇ پىكرىنىڭ گۇۋاھچىسى ئىدى: «مېنىڭ ئاجايىپ گـۈزەل ئارزۇلـىرىم بار ئىدى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش داۋامىدا باشقۇرۇش ئىقتىدارىمغا، تىرىشچانـلـىـقـىـمغا تايىنىپ، خەلقىمنى بەختلىك، مەدەنىيەتلىك، باياشاد قىلماقچى ئىدىم. نۇرغۇن يول، كـوچـىلارنـى، يەر ئاستى ـ يەر ئۈستى بازارلىرىنى، بىنالارنى، شىركەتلەرنى قۇرۇشقا باشچىلىق قـىلدىم. قول ئاستىمدىكى بارلىق كادىر، پۇقرالارنى تىجارەت قاينىمىغا چۈكۈپ، قانداق ۋاستە ـ يـول بـىـلەن بولمىسۇن پۇل تېپىشقا، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىقتىسادنى گۈللەندۈرۈشكە يېتەكلـىدىم. مـېـنـىـڭ نـەزەرىـمدە مائارىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، ئاخبارات ـ نەشرىياتچىلىق، رادىئو ـ تـېـلـېـۋىزور دېگەنلەر پەقەت دان يەپ تۇخۇم تۇغمايدىغان كۈرۈك توخۇ. چىقىملا بار كىرىمى يـوق، پـۇلـنـى، ئـىـقـتـىـسـادنـى خورىتىدىغان نەرسىلەر ئىدى. شۇڭا ئۇنى چوڭ باشلىقلارنىڭ يوليورۇقىنى يەتكۈزۈش ئېھتىياجى بىلەن ئاغزىمنىڭ ئۇچىدا ئانچە ـ مۇنچە تەكىتلەپ قويسامۇ، ئەمەلىيەتتە چىڭ تۇتمىدىم، كارىم بولمىدى.

مـەن ئويلايـتـتـىـم: «يـوللار ئاسـفـالىتلانسا، ئېگىز سۆلەتلىك بىنالار كۆپەيسە، باغچا ـ رېـسـتـورانلار جىق قۇرۇلسا، ئالىي دەرىجىلىك كىچىك ماشىنىلار كۆپەيسە، پۇقرالار كۆپ پۇلغا ئېرىشسە باي بولسا، ھەممە مەسىلە ھەل بولىدۇ».

ئەپـسۇس، مەن بۇنىڭ خاتالىقىنى نەدىن بىلەي، بارا ـ بارا ھەر خىل ئىللەتلەر، جەڭگە ـ جېدەللەر كۆپەيدى. قول ئاستىمدىكى كادىرلارنىڭ بىر قىسمى پۇل ئالدىدا ۋىجدانىنى يوقىتىپ، چـىـرىـكـلـىشىش يولىغا ماڭدى، ئۇلار خەلق ھۆكۈمەت خىزمىتىنى، پۇقرا مەنپەئەتىنى ئۇنۇتتى. بەزى شـىـر كەت ـ زاۋۇت باشلىقلىرى «مۇناسىۋەتچى خېنىم» لارنىڭ ناز ـ جىلۋىسى ئالدىدا تەسلىم بولۇپ، دۆلـەتـنـى، خـەلـقـنـى زىيانغا ئۇچراتتى. بەزى رېستوران، «كارائوك» لار ھۆكۈمەت ۋە پۇقرالارنىڭ پۇللىرىنى يالمايدىغان بۇزۇقچىلىق، ئىشرەت سورۇنىغا ئايلىنىپ كەتتى.

پـۇلـنى كۆپەيتىشنى كۆزدە تۇتۇپ مال باھاسىنى ھەر قانچە ئۆستۈرسەممۇ قىزىل رەقەمـدىـن قۇتۇلالمىدىم. خىيانەت، پارىخورلۇق، ئوغرىلىق، ئىچىشۋازلىق، چېكەرمەنلىك، قاتىللىق، بۇلاڭچىلىق ئەۋج ئالدى، خاتىرجەملىك بۇزۇلدى.

بـۇ ئاقـىـبەت مېنى پۇشايمان، ئاچچىق ساۋاققا ئىگە قىلدى. ئاخىرىدا كېچىكىپ بولسىمۇ شـۇنـى تـونـۇپ يەتتىمكى، ئادەملەر ماددىي جەھەتتە ھەر قانچە باي بولغان تەقدىردىمۇ، مەنىۋى دۇنـيـاسـى بـاي ۋە گۈزەل بولمىسا، چىرىكلىك، رەزىللىك، ئاچكۆزلۈك باش كۆتۈرۈپ، گۈزەل غـايـە ـ ئارزۇلارنـى نـابـۇت قـىـلـىـۋېتىدىكەن. نېمە ئۈچۈن پۇلنى كۆرۈپ، خەلقنىڭ قەلبىنى، پـەزىـلـىـتـىنى نۇر بىلەن تولدۇرىدىغان ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرلىرىنى ئۇنتۇلۇپ قالدىم؟ مەنـىـۋى مەدەنىيەتنى ئۇنتۇپ قالدىم؟ چاچلىرى مۇددەتتىن بۇرۇن ئاقىرىپ، قامەتلىك گەۋدىسى مۈكـچـىيىپ قالغان بۇ مويسىپىتكە قارىدىم. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى ھەسرەت، پۇشايمان ئۇچقۇنـلىرى خاتىرە بېتىدىكى خەتلەردەك چاقنايتتى.

مـېـنـىـڭ ئاقـكـۆ ڭـۈل پـەرىـشـتـەم، بـىـز بـۇ كـىـشـى بىلەن خوشلىشايلى ـ دە، ئۇنىڭ

پۇشايمانىنامىسىنى ئۇنلۇك ئاۋازدا كىشىلەرگە ئوقۇپ بېرەيلى. غاپىللىق ئۇيقۇسىدىن ھازىر غىچە ئويغانماي ياتقان ئادەملەر بۇنىڭدىن ساۋاق ـ ئىبرەت قوبۇل قىلسۇن. بىز مەقسىتىمىزگە يېتەيلى ـ دە، سەپىرىمىزنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپ، ۋاڭ ـ چۇڭلۇق شەھەردىن خىلۋەت سەھرالارغا بارايلى، يۈر، مېنىڭ مەشۇقۇم...

## ھېكمەت ساندۇقى

مېنىڭ جاپاكەش ۋە ئەقىللىك مەشۇقۇم! سەن ئۆزۈڭ دانا ھەم گۈزەل پەزىلەت ئىگىسى بولغاندىن باشقا، يەنە دانىشمەنلەر سۆھبىتىگە بەكمۇ ھېرىسمەن، ھايات سەپىرىنىڭ ئۇزۇن دەشت ـ داۋانلىرىدا گاھ مەن ساڭا ئەگىشىپ، گاھ سەن ماڭا ئەگىشىپ جىق يوللارنى باستۇق. بۈگۈن يىراق، خىلۋەت بىر ناھىيىنىڭ سەھراسىدا ئۆزىنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىنى تەپەككۇر تۈگمەنچىلىكى بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتقان، يېزا ھوقۇقدارىنىڭ ئېيتىشىچە «ناھىيەدىكى جۆيجاڭلىق ئەمەلىدىن، ئىمتىياز ۋە راھەت ـ پاراغەتتىن كېچىپ، كىتاب دۆۋىسىگە كىرىپ كەتكەن ساراڭ دەرۋىش، كىتاب مەستانىسى، ئەخمەق» بىلەن ئەسرا بولۇۋاتىمىز. ئۇ بىزنىڭ نەزەرىمىزدە بىر ئۇلۇغ زات، دانىشمەن ئۇستاز، ھاياتى غۇربەت، دەشنام، سىر سانچىلىقتا ئۆتسىمۇ، ئۆز مىللىتىنىڭ، خەلقىنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى ئىسىدىن چىقارمىغان، بۇ يولغا پۈتۈن ھاياتىنى بېغىشلىغان پەزىلەتلىك كىشى.

مېنىڭ كەمسۆز مەشۇقۇم! سېنىڭ ئىشارىتىڭنى چۈشەندىم. بۇ زات ھەققىدىكى ئىزاھاتلىرىمىزنى توختىتايلى ـ دە، ئۇنىڭ سىر گۈزەشتىسىدىكى ھېكمەتلەرگە قۇلاق سالايلى:

ئۇ ئالىي مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەندىن كېيىن، چوڭ شەھەردە قېلىش ئامەتىدىن ۋاز كېچىپ، يېزا ئىگىلىك ئىلمىي تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، جەنۇب دېھقانلىرىنى بېيىتىش ئارزۇسىدا چەت ۋە قۇملۇق ناھىيىگە كەلدى. نۇرغۇن يىللىرى جاپا ـ مۇشەققەتلىك تەتقىقات بىلەن ئۆتتى. قان ۋە تەردىن يېشىل سېپىللەر بەرپا بولۇپ، نۇرغۇن يېڭى سورتلار يېتىشتى. ۋىلايەتتىكى پەزىلەتلىك بىر باشلىقنىڭ نەزەرى چۈشۈپ قالغاچقا بىر ئىدارىغا باشلىق بولدى. خەلق ۋە كادىرلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى. بىر قېتىملىق سايلامدا ئۇ «ساندۇق ئىچىدىن چىقىپ» ناھىيىنىڭ ھاكىمى بولۇشقا ئاز قالدى. بۇ ئىش ئۇنىڭغا دۈشمەن پەيدا قىلدى.

3 ـ سىنىپنى چالا پۈتتۈرۈپمۇ يەنە «ناھىيىنى بىر قولىدا چۆرۈۋاتقان بىر چوڭ ئام» شۇ خىرىستىن ۋەھىمىگە چۈشۈپ، بۇ ـ سېسىق ـ زىيالىيغا قارشى شىددەتلىك ئاتاكىغا ئۆتتى. يالغۇز دەرەخكە جىن ئولاشتى. قىڭغىر شامالىلار تۈپەيلىدىن ئاخىر ئۇنىڭ «چېچەكى چاي» بولدى. «بۇرژۇئا ئىلىم نوپۇزلىقى» بولسا غەلىتە قالپاققا سازاۋەر بولۇپ، ناھىيە تۈرمىسىگە سولاندى، ئاندىن يىراق سەھراغا سۈرگۈنگە ئەۋەتىلدى.

سىياسەت ئەمەلىيلەشكەندە بولسا، ئۇزۇن يىللىق ئازاب، يەكلەش، جىسمانىي ۋە روھىي زەربىلەر تۈپەيلىدىن كېسەلمەن بولۇپ قالغانىدى. لېكىن ئۇ يەنىلا ئۈمىدسىزلەنمىدى. تەتقىقات ئىشىنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى. ئۇ بىزگە كەچمىشلىرىنى ئاز سۆزلەپ، جاھان ۋە زامان

ھېكمەتلىرى تولغان گۆھەر ساندۇقىنى ئاچتى:

«بىلىم ۋە شۆھرەتنىڭ دۈشمەنلىرى بەكمۇ تەلۋە كېلىدۇ، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئۇ، — قەدىمكى زاماندا شاھ ئوردىسىدىكى بىر ئالىم رەسەتخانا قۇرۇپ، يۇلتۇزلارنى كۆزىتىپ، ئالەمنىڭ سىرىنى ئاچماقچى بولدى. ئۇنىڭ ئىشى شاھنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، شۆھرەت، مەرتىۋىسى ئۆسۈش ئالدىدا مۇتەئەسسىپ روھانىيلار، ۋەزىرلەر ئۇنىڭغا سۇيىقەست قاپقانلىرىنى قۇرۇپ، جىنايەت تۆھمىتى بىلەن پۇت-قولىنى زەنجىر بەنت قىلدى. نادانلارنىڭ ھەسەت قىلىچى ئاخىرىدا ئۇنى جېنىدىن ئايىردى...

جەڭ مەيدانىدا باتۇر سەركەردە جەسۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلدى. بىراق غالىبىيەت مېۋىسىگە ساتقىن ئىگە بولۇۋېلىپ، باتۇرنى زىنداندا چىرىتتى...

ئەدىبنىڭ شان-شۆھرىتى قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان مەممەدانىنىڭ يۈرىكىگە خەنجەر بولۇپ سانجىلدى. ئۇ ئىغۋا تارقىتىپ، ياللانمىلارنى سېتىۋېلىپ، ئەدىبنىڭ بىباھا ئەسەرلىرىنى بۇرمىلاپ، نادان ھۆكۈمران ۋە پۇقرالارنى قايمۇقتۇرۇپ، ئۇنىڭغا قارشى ھۇجۇم قوزغاپ، ئاقكۆڭۈل ئەدىبنىڭ يۈرىكىنى خۇن قىلدى...

بىر ئوردىدا قىلىچتەك كەسكىن، سوقراتتەك ئىلمىي، نۇشىرۋاندەك ئادىل ئىش بېجىرگۈچى بىلىملىك ئەمەلدار جىمى خاتالىقنىڭ جاۋابكارى بولۇپ سوراققا تارتىلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا تەيىنلەنگەن بىلىمسىز كىشىگە مەنسەپ سەۋىيە ئاتا قىلىپ، بىر كېچىدىلا ئالىم تونى كىيگۈزۈلدى. باشلىققا ناسۇس بىلەن يەل بەرگۈچىلەر ئۇنىڭ قورسىقىنى «بىلىم» بىلەن تولدۇردى. بۇ بىلىم ئانكېتىلەرگە قوندۇرۇلدى. سوزۇلۇپ يۈرۈپ، ھەممە نەتىجىنىڭ ئىگىسى بولۇپ، ئەمەل تەختىدە ئۇزاق ياشىدى...

ھايۋانلار گەرچە ئەقىلسىز دېيىلسىمۇ، ئۆز نەسلىنى ئالدىمايدۇ، ئەمما ئادەملەر ئۆز نەسلىنى ئالدايدۇ، بىر-بىرىگە ئورا كولايدۇ، بىر-بىرىگە ئىچى تارلىق، ھەسەت قىلىدۇ...

ئەجدادلارغا قايىلمەن، ئۇلۇغ كەشپىيات ۋە شانلىق تارىخ ياراتتى. قەدىمىي چولپان سۈپىتىدە كىشىلەرگە پەن-ھۈنەردىن سۇبھىي ئاتا قىلدى. ئۆز نۇرى بىلەن يېقىن-يىراقنى يورۇتتى. ئەمما چىراغ تۈۋى قاراڭغۇ بولۇپ، ئۆزى بارا-بارا غەپلەتكە چۆكۈپ نادانلىقتا قالدى. بىرلىكنى قەدىرلىمەي، ھوقۇق، مەنمەنلىك تالىشىپ، بۆلۈنۈپ «بۆرى يېدى». ئەگەر ئۇلار ئىناقلىقنى، بىلىمنى ھەممىدىن مۇقەددەس بىلگەن بولسا، دىيارىمىز قانچە گۈزەل، بەختلىك بولغان بولاتتى...

ئىنسان بەك كېچىكىپ ئەقىل تاپىدۇ، يەنى بالىلىق ۋە ياشلىقنىڭ ئالتۇن چاغلىرى ئۆتۈپ، يېشى بىر يەرگە بارغاندىلا ئاندىن ئەقىل تاپىدۇ. ئەگەر ئۇ قىرانلىقتا ئەقىل تاپقان بولسا، ئۇنىڭ مىللەت، ۋەتەن ئالدىدىكى تۆھپىسى تېخىمۇ كاتتا بولغان بولاتتى. ئەي ياش دوستۇم، مەھبۇپ، بايلىق تېپىشتىن بۇرۇن ئەقىل تېپىشقا ھەرىكەت قىل...

مەن ئۆمۈربويى ئىلىم-پەن بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلدىم. گەرچە بۇنىڭغا پۇشايمان قىلمىساممۇ، گاھىدا شۇنداقمۇ ئويلاپ قالىمەن: ئەي مېنىڭ نامرات يۇرتۇم، نامرات خەلقىم! قا-

چانمۇ باشلىقتىن ئامتىلك كېلىپ، ھەقىقەت ئاپئىپى ساڭا نۇر چاچار. مۇشۇنداق ياخشى دەۋر دىمۇ يەنىلا نامراتلىقتىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىڭنى بىلگەن بولسام، بىلىم تولپارىغا مىنمەي، ھېيلىگەرلىك، خۇشامەت، ياخشچاقلىق يەلپۈگۈچىنى قورال قىلىپ، ھەر خىل ۋاستىلەرنى ئەپچىلىك بىلەن ئىشلىتىپ، مەنسەپ شوتىسىغا يامىشىپ، ئەمەل تۇتسام بوپتىكەن. نامراتلىقنى تۇگىتىشكە ئەمەلىي، بىۋاسىتە ياردەم قىلىش ئۈچۈن ھوقۇق بولۇشى لازىم ئىكەن... بۇ خىيالىمنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى، بىر تەرەپلىمە ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرىمەن. قانداق قىلاي، ئەمدى مەندە ئارمانغا چۈشلۇق دەرمان بولسىچۇ كاشكى...»

ئەقىللىق مەشۇقۇم، سەن بۇ كىشىنىڭ ھېكمەت ساندۇقىدىكى خۇشاللىق، ئازاب، پۇشايمان، مەمنۇنلۇق، ئۈمىد، ئۈمىدسىزلىك، جاسارەت، ھەسرەت يىپلىرىغا ئۆتكۈزۈلگەن مەرۋايىتلاردىن قانچىلىك تاللىۋالدىڭ، ئۇنى بەختسىز كىشىلەرگە قانداق سوۋغا قىلاي دەۋاتىسەن؟

سېنىڭ تەبەسسۇملۇق كۆز ئىشارىتى بىلەن بىلدۈرگەن جاۋابىڭ مېنى خۇشال قىلىپ، ئادەملەرگە بولغان مۇھەببىتىمنى، ئىشەنچىمنى ئاشۇردى. تۇرمۇشتا ھەر خىل تراگېدىيىلەر مەۋجۇد بولسىمۇ، ھايات يەنىلا گۈزەل، ئىنسانلار سۆيۈملۈك. سەن ۋە ماڭا ئوخشاش سانسىزلىغان كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىدە گۈزەللىك، بىلىم، ئىجاد، تۆھپە، ئىستىقبال نۇرلىرى چاقنايدۇ. ھاياتتىكى رەزىللىك، پاجىئە، نادانلىق، ھەسەت، خۇشامەت، كۆيدۈرگىلىك بىر تراگېدىيە بولسىمۇ، شۇنىڭغا ئىشەنگىنكى، جاھاندا ياخشى كىشىلەر ئەسكى ئادەملەردىن، ھەقىقىي ئىنسانلار جىن ـ شەيتانلاردىن كۆپ، قۇياش ھەمىشە قارا بۇلۇتتىن غالىب كەلگىنىدەك، ياخشىلىق يامانلىق ئۈستىدىن، گۈزەل پەزىلەت ئىللەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ.

يۈر، مېنىڭ گۈزىلىم، بىز يەنىلا ئادەملەر ئارىسىغا بارايلى!...

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

(بېشى 67 ـ بەتتە)

**32**

ھەقىقىي ئالىم غايە، ئارزۇ ۋە خىيالىنىڭ قۇلى ھەم ئۇنىڭ ھۆكۈمرانىدۇر.

**33**

بىر تال جىنايەت ئۇرۇقى ئاخىرىدا بىر ساڭغا پاتماي قالىدۇ.

**34**

پاك يۈرەكنى قورقىتىش قىيىن، ئەمما ئازابلاش ئاسان.

**34**

مال ـ دۇنيا دوستىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. چۈنكى چىن دوستلۇق مەڭگۈ تۈگىمەس خەزىنە.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

تۇرسۇن مۇھەممەت

# ئالما

## (نەسر)

## 1

بالىلىق چاغلىرىم ئىدى، ياز پەسلى بىلەن كۈز پەسلى ئالمىشىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەن ئىشىكىمىز ئالدىدىن كېسىپ ئۆتۈدىغان ئۆستەڭگە سۇغا چىقىپ، سۇ يۈزىدە لەيلەپ كېلىۋاتقان بىر دانە ئالمىنى سۈزۈۋالدىم. شۇنىڭدىن كېيىن، مەن ھەر كۈنى دەل شۇ چاغدا ئۆستەڭ بويىدا ئولتۇرىدىغان ۋە بىر - ئىككى دانە ئالما سۈزۈۋالىدىغان بولۇپ قالدىم. بۇ ئىش تەكرارلانغانسېرى ھەيرانلىقىم شۇنچە ئاشتى. بىر كۈنى دادامدىن سورىدىم:

— بۇ ئالمىلار نەدىن كېلىدۇ؟

— جەننەتتىن كېلىدۇ، ئوغلۇم.

— ئۇنداق بولسا، بۇ ئۆستەڭنىڭ بېشىمۇ جەننەتتىن باشلىنامدۇ؟

— شۇنداق ئوغلۇم، ئىشەنمىسەڭ ئۆستەڭ ياقىلاپ بېرىپ كۆرۈپ كەل!

دادامنىڭ بۇ سۆزى بىلەن تەڭ، گويا چۈشلىرىمدە كۆرىدىغان «جەننەت» تە تۇرغاندەك ھېسسىياتقا كەلدىم، يۈرىكىم تېپچەكلەيتتى، قىزىقىشمدىن تۇغۇلغان غايىبانە بىر كۈچ مېنى ئالغا بېسىشقا ئۈندەيتتى. مەن بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئۆستەڭ ياقىلاپ يۈرۈپ كەتتىم.

مەن توپتوغرا ئۈچ كېچە - كۈندۈز يول يۈردۈم. ئەمما، ئۆستەڭنىڭ بېشىغا بارالمىدىم، «جەننەت» نىڭ بولسا قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. تۆتىنچى كۈنى ئۈمىد بىلەن ئۈمىدسىزلىك گىرەلىشىپ كەتكەن مۇرەككەپ خىياللىرىم قانىتىغا مىنىپ ئۆستەڭ ياقىلاپ كېتىۋاتاتتىم، شۇ ئەسنادا ئالدىمدا بېلى يادەك ئېگىلگەن، چاچ - ساقاللىرى پاختىدەك ئاقارغان بىر بوۋاي پەيدا بولۇپ قالدى ۋە مېنىڭ نەدىن كېلىپ، نەگە بارىدىغانلىقىمنى سورىدى. مەن بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردىم.

بوۋاي قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، مېنىڭ ھەيرانلىق يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىمگە قاراپ:

— يۈر ئوغلۇم، يۈر، مەن سېنى جەننەتكە باشلاپ باراي، — دېدى.

مەن بوۋاينىڭ ئارقىسىدىن ئۆستەڭ ياقىلاپ مېڭىپ، بىر باغنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ قالدىم، پۈتۈننىڭ ئۇچىدا دەسسەپ باغقا كىردىم. باغقا كىردىم - يۇ، ئۈزۈمنى يوقىتىپ قويدۇم. خېلىدىن كېيىن ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ، ئەتراپىمغا نەزەر سالدىم ۋە ئۆزۈمنى ھەقىقي بىر

جەننەتتە كۆردۈم: مەن ياقىلاپ كەلگەن ئۆستەڭ باغنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان بولۇپ، سۇلىرى ھېلىھەم سۈپسۈزۈك ئىدى. ئۆستەڭنىڭ ئىككى قېشىنى قويۇق ئالما دەرەخلىرى قاپلاپ كەتكەنىدى، پىشىپ بېغىشىدىن ئۈزۈلگەن ئالمىلار دەممۇ دەم ئۆستەڭگە چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۆستەڭنىڭ ئىككى تەرىپىدە يەنە سان - ساناقسىز، خىلمۇ خىل مېۋىلىك دەرەخلەر بار بولۇپ، سانجاق - سانجاق مېۋىلىرى يوپۇرماقلار ئارىسىدىن مارىلايتتى. مەيىن شاماللار مېۋىلەرنىڭ خۇش پۇراقلىرىنى ئېلىپ كېلىپ دىماققا ئۇراتتى. خىلمۇ خىل قۇشلار قىن - قىنىغا پاتماي سايرىشىۋاتاتتى. سەل نېرىراقتا بىر توپ كىشىلەر قايناق ھېسسىياتى بىلەن ئەمگەك نەخشىسى ئېيتىشىۋاتاتتى. ئۇلار تەرلەپ چىلىق - چىلىق سۇ بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، جىسمىدىن غەيرەت - شىجائىتى ئۇرغۇپ تۇراتتى، كۆزلىرىدىن ئۈمىد نۇرلىرى چاقنايتتى، ئۇلار ئەنە شۇنداق ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئاقلايتتى. مۇشۇ چاغدىلا مەن ئۆستەڭدىن سۈزۈۋالغان ھېلىقى ئالمىلارنىڭ سىرىنى چۈشەندىم، ئاشۇ ئالمىلارنىڭ مېنى ئەمگەك مەيدانىغا چاقىرىش ئۈچۈن كەلگەن ئەلچىلەر ئىكەنلىكىگە ئىشەندىم.

## 2

مەن قايتىدىغان چاغدا چوڭ ئانام ماڭا بىر دانە ئالما بەردى ۋە:

— بۇ ئالمىنى داداڭغا بېرىپ قويغىن، داداڭ بۇ ئالمىلارنى يېسە مېنى ئېسىگە ئالىدۇ، — دېدى.

مەن قوش قوللاپ ئالمىنى ئالدىم ۋە مەھەللىمىزگە ئېلىپ بارىدىغان ئۆستەڭنى بويلاپ يولۇمنى داۋاملاشتۇردۇم.

كۈز ھاۋاسى ساپ ۋە سالقىن ئىدى، مەيىن شامال چاچلىرىمنى تاراپ، شادلىق تۇيغۇسى بېغىشلايتتى. بىردىنلا خېلى يىللار ئىلگىرىكى بىر ئىش ئېسىمگە چۈشۈپ قالدى: شۇ قېتىم چوڭ ئانام ماڭا ھازىرقىدەكلا بىر دانە ئالما بەرگەن ۋە دادامغا بېرىپ قويۇشۇمنى ئۆتۈنگەنىدى. ئۆيگە بارغاندا، دادام ئالمىنى قولىغا ئېلىپ ئۇياق - بۇيىقىغا قاراپ قويۇپ:

— شۇنچىۋالا يوغان بېغى تۇرۇپ، ماڭا زېدە بولۇپ كەتكەن مۇشۇ ئالمىدىن باشقا مېۋە ئەۋەتەلمىدىمۇ؟ — دەپ خاپا بولغانىدى...

ئويلىغانسېرى خىيالىم چىگىشلىشىپ كېتىۋاتاتتى، ئۆيگە يېقىنلاشقانسېرى يۈرىكىم ئەنسىز سوقۇۋاتاتتى. مەن ئاخىر بۇ ئالما بىرەر كۆڭۈلسىزلىككە سەۋەبچى بولۇپ قالمىسۇن دېگەن يەرگە كەلدىم - دە، ئىككىلەنمەستىن ئۇنى سۇغا تاشلىۋەتتىم. شۇندىلا ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك يېنىكلەپ قالدىم.

ئۆيىمىز مەھەللىنىڭ بېشىدىلا ئىدى. مەن ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە، دادام ئۆستەڭ بويىدا ئولتۇرغانىكەن. مېنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى ۋە مېنى باغرىغا باسماقچى بولۇپ، قوللىرىنى ئۇزاتتى. بىرى قارا دېگەندەك قىلدى، قارىسام، دادامنىڭ قولىدا بىر دانە ئالما تۇرۇپتۇ! مەن بىر قاراپلا ئالمىنى تونۇۋالدىم ۋە تۇرۇپلا قالدىم. پەقەتلا:

— ئۇنداق بولۇشىنى بىلگەن بولسام... دېيەلىدىم.

شۇ قېتىم دادام شۇنداق دېگەن ۋە خاپا بولغاندەك قىلغان بىلەن ئالمىنى ئىشتىھا بىلەن يېگەنلىكىنى ئېسىمگە ئېلىپ پاكىدە يىغلىۋەتتىم.

## — 3

تېۋىپ دادامنىڭ كېسىلىنى تەكشۈرۈپ بولۇپ، كۆزەينىكىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ قويدى ۋە سېۋىتىدىن قوش مۇشت چوڭلۇقىدىكى ئىككى دانە ئالما ئالدى.

— بۇ ئالمىنىڭ بېغىش تەرىپىدىن ئىچىنى ئويۇپ ئېلىۋېتىپ، ئىچىگە قوينىڭ قۇيرۇق مېيىدىن سېلىپ، ئۈرۈك ئوتۇنىنىڭ چوغىدا ئالدىرىماي پىشۇرىلا، — دېدى ئۇ گويا ئالمىلارنى بېرىشكە كۆڭلى ئۇنىمايۋاتقاندەك قوللىرىنى تىترىتىپ تۇرۇپ، — پىشقاندىن كېيىن ئالتىگە بۆلۈپ، ھەر كۈنى ئىككى پارچىدىن ئۇدا ئۈچ كۈن ئىستىمال قىلىپ بەرسىلىرى يۈرەكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

دادام رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ ئالمىغا قول ئۇزاتقانىدى، تېۋىپ نېمانداق ئالدىرايلا، دېگەندەك قىلىپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە چەكچىيىپ قارىدى. دادام گەپ قىلمىغاندىن كېيىنلا، يەنە بىر ئالمىنى قولىغا ئېلىپ گېپىنى داۋام قىلدى:

— بۇنى ئۆزلىرى ياتىدىغان ئۆينىڭ دېرىزىسىگە قويۇپ قويسىلا، ئالمىنىڭ خاسىيەتلىك پۇرىقى ئۆي ھاۋاسىنى ساپلاشتۇرۇپ، نەپەسلىرىنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

دادام ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇن يۈەنلىك بىر قەغەز پۇلنى تېۋىپقا ئۇزاتتى ۋە ئۇنىڭ قولىدىكى ئالمىنى قوش قوللاپ ئالدى.

مەن بىر تېۋىپقا، بىر دادامنىڭ قولىدىكى ئالمىغا قارىغىنىمچە تۇرۇپلا قالدىم. ژ تېۋىپنى كۈزدە ئالمىلار تۆكمە بولغاندا مەھەللىمىزدە ئالما سېتىپ ئېلىۋاتقان ھالەتتە كۆرگەنمۇ ياكى ئۇنىڭ ئالمىسىنى بىزنىڭ باغدىن چىقىدىغان ئالمىلار قاتارىدا ئۇچراتقانمۇ، دەماللىققا ئەسلىيەلمىدىم. مەن ھەر قانچە ئەسلەپمۇ بۇ ئالمىلارنىڭ ئاتاقلىق دورا ئۆسۈملۈكلىرى مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ قولىدىن چىققان ئالمىلارغا ئوخشايدىغان ياكى ئوخشىمايدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلالمىدىم، ھەر قانچە قاراپمۇ، بۇ ئالمىلارنىڭ رىۋايەتلەردىكى باغلاردىن ئۈزۈۋېلىنغان خاسىيەتلىك ئالمىلار ياكى ئەمەسلىكىنى بىلەلمىدىم. ئويلايتتىم، يەنە شۇ گۇمانلىق خىياللار ئەگىپ يۈرەتتى، قارايتتىم، يەنە شۇ ھېچقانداق پەرقى بولمىغان ئالمىلار كۆز ئالدىمدا تۇراتتى، سېلىشتۇراتتىم، بېغىمىزدىن چىقىدىغان ئالمىلاردىن ھېچ پەرقلەنمەيتتى. ئۆيگە چىققاندىن كېيىن دادامدىن سورىدىم:

— بىزنىڭ باغدىن چىقىدىغان ئالمىمۇ ئاشۇنداق خاسىيەتلىكمۇ ؟

— خاسىيەتلىك، ئوغلۇم، خاسىيەتلىك، — دادام كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالدى، — بىز ئىنسانلار ئالما پىشقاندا ئۇنىڭ خاسىيىتىنى ئۇنتۇپ قالىدىكەنمىز !

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

ئەرشىدىن قادىرى①

# يۇلغۇن چېچەكلىرى

(نەسرلەر)

1

خاتا بېسىلغان قەدەم — زايا كەتكەن ئوق.

2

كاۋا باراڭغا يارىشقان بىلەن دەرەخقە يارىشمايدۇ.

3

بوينى قاتتىق ئادەمنىڭ بوينىنى قەرز ئېگىدۇ.

4

مەنىۋى توساقنى بۆسۈپ ئۆتۈش تاغ تەشمەكتىن قىيىن.

5

مۇدەنىگۈلنىڭ ئېچىلغانلىقىنى كۆرسەم، ھاياتنىڭ تەگداشسىز گۈزەللىكىنى ھېس قىلىمەن، ئەمما ئۇنىڭ خۇش پۇرىقى يوقلىقى ئېسىمگە كەلسىلا، تەبىئەتنىڭ سىرلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمەن.

6

قۇرۇپ كەتكەن دەريا — كەچمىشى ئۇچۇن تولا يىغلاپ يۈزىگە قورۇق، چېچىغا ئاق كىرگەن، ماجالىدىن كەتكەن موماينىڭ ئۆزى.

7

ماڭا ھايات گۆھىرىنى ھەقسىز ھەدىيە قىلغان گۈل باشقا باغدىن بەختىنى تاپتى، ئەمما مەن ھەسرەت چۆلىدە «يۇلغۇن چېچىكى» گە مەھلىيا بولۇپ قېلىۋەردىم.

---

① بۇ ئاپتورنىڭ نامى ژۇرنىلىمىزنىڭ 1994 - يىللىق 11 - سانىدا ئەرشىدىن توختى بولۇپ قالغان.

8

قاراڭغۇ تۈننىڭ شۈنچە يېقىملىق تۈيۈلىشى خۇمار كۆز يۇلتۇزلارنىڭ كىرپىك قاقماي بىر خىل سۆيگۈ بىلەن زېمىنغا قاراپ تۇرغانلىقىدىندۇر.

9

ئەڭ شېرىن سۆزلەر بىلەن بىر گۈلنى تاڭ شەپقى سۈپىسىدا ئولتۇرۇپ مەدھىيلىگەن ئىدىم، ئەمما ئۇ گۈل تىكىننى ئۇقيا قىلىپ باغرىمغا ئاتتى. بۇ ئۇنىڭ ماڭا قىلغان ۋاپاسىزلىقىنى ئىسپاتلايدىغان مەكتۇپى ئىدى.

10

ئۆزىنى ئەرشكە لايىق دەپ چوت سوققان گۈل ھايات سەپرىدە ئاسانلا توزۇپ كېتىپ، زېمىندىكى ئورنىدىنمۇ ئايرىلىپ قالىدۇ.

11

قەلبىمنىڭ مەيىن شاماللىرى گۈللەرنىڭ مەڭزىگە ئەپچىللىك بىلەن سۆيۈپ، مەن ساڭا ئاشىق، دەپ سادا چىقارسا، رەڭدار گۈللەر سەن مېنىڭ بەختىم، دەپ ناز بىلەن ناخشا ئېيتىشتى...

12

دۇنيا ئۆزىنىڭ ئامراق ئادىمى ئالدىدا شۇنچە مېھرىبانلىق، مۇلايىملىق ۋە سېخىيلىق بىلەن ۋەزىپە ئۆتىگەچكە، ئىنسان زادىلا يادىدىن چىقىرالمايدىغان ھايات سۆيگۈسى پەيدا بولغان.

13

ياز پەسلىدە ئۇچار قۇشلار پېشايۋان ۋە دەل ـ دەرەخلەرگە ئۇۋا تىزسا ئار تۇقچە ئاچچىقلىنىپ كېتىپتىكەنمەن. زېمىستان قىشتا ياستۇقۇمدىكى مامۇق پەرلەر ئۆز ئانامدەك بېشىمنى سىلىغىنىدا، نادانلىقىمدىن ئۆكۈندۈم.

14

بۇلۇتلارنىڭ ياش تامچىلىرى گۈل ـ گىياھلارغا مۇھەببەت، زېمىنغا مېھرىبانلىق ئاتا قىلغۇاتقاچقا، دۇنيا ئاجايىپ رەڭدار تۇس ئالدى.

15

چەكسىز قۇم بارخانلىرى بىر تال چۆپنىڭ مۇھەببىتىگە ئوتتەك تەشنا ئىدى، يۇلغۇن بىلەن سۆكسۆك ئۇلارغا مەڭگۈلۈك بەخت ـ سائادەت ئاتا قىلدى...

## 16

جىم بول يۈرەك، تاڭ بىلەن كەچتىكى شەپەققە قارا، سۆيۈنۈپ قۇلاق سالغىن، دۇنيانىڭ پىچىرلاشلىرىنى ئاڭلىغىن، ئۇ ساڭا ھەقىقەت تۆرەلمىسىنىڭ پەيدا بولۇش تارىخىنى ئەينەن سۈرەتلەپ بېرىۋاتىدۇ.

## 17

گۈل - گىياھ ۋە دەل - دەرەخلەر ئۆزىنى گويا ئانا قۇچىقىدىكى بوۋاقتەك ھېس قىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار دائىم يۇلتۇزلارغا قاراپ سەبىيلەرچە ۋىلىقلاپ كۈلسە، زېمىنغا قاراپ:

— سۆيۈملۈك ئانا! قورسىقىم ئاچتى، سۈت ئىچىمەن، — دەپ خىتاب قىلىدۇ.

## 18

مەن ئۆز تەلپىڭنى قاندۇرۇش ئۈچۈنلا يېنىمغا كېلىشىڭنى كۈتمەيمەن. پەقەت مېنىڭ بۈك - باراقسان ئورمانلىقلار ئارىسىدا گويا سەبىي باللاردەك مۆكۈ - مۆكۈلەڭ ئويناۋاتقان قۇياش نۇرىدەك گۈزەللىكىمگە قوشۇلۇپ، پۈتۈنلۈك ناخشىسىنى توختاتماي ئېيتىپلا بەرسەڭ بولدى، سۆيۈملۈكۈم!

## 19

مەن تاغدا ئېچىلغان ئەتىرگۈل، چىڭقى چۈشتە پىشقان مېۋە ئىدىم، ئەمما كەچكى شەپەقتىن كېيىنكى گۇگۇمدا توزۇپ كەتتىم.

## 20

مەجنۇنتال ئېقىن سۇغا:

— ئىشقى ئوتۇڭدا كۆيۈپ ئوقتەك قەددىم ئېگىلىپ يادەك بولدى. تەلمۈرۈپ تۇرغىنىمغا نەۋاق، سۆيۈپ قوياي دېمەيسەنغۇ، — دېدى.

ئېقىن سۇ جاۋابەن:

— ساڭا ئاتا قىلغان مېھرىمنى تۇپراققا ئۆتكۈزۈپ بەردىم. ئامانەتنى شۇ يەردىن ئېلىۋالارسەن، چۈنكى يۈز تۇرانە سۆيەي دېسەم، شەبنەم تامچىسىنىڭ كۈندەشلىكىدىن قورقىمەن، — دېدى.

## 21

ئارچىدەك يەر بېغىرلاپ ئۆسكەندىن قارىغايدەك سايە تاشلاپ تىك ئۆسكەن ياخشىدۇر.

## 22

مەينىڭ ئۆزى سۈزۈك ۋە ئاق بولسىمۇ، كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغىنى مەينەتچىلىك ۋە پەسكەشلىكتۇر.

23

ھاياتلىق ئالىمدە ئانا مۇھەببىتىدىن بۈيۈك ۋە سۈزۈك نەرسە بولمىسا كېرەك.

24

ئانىنىڭ كۆكسى ـ قارنى چەكسىز كەتكەن سىرلىق كائىناتنىڭ ئۆزى.

25

يولىدا قىلىنغان ھەر بىر چاقچاق ئادەمگە بەتتە پولۇغا ئوخشاش قۇۋۋەت بېرىدۇ.

26

كۆلكىگە قېلىشتىن قورقمايدىغان، يۈزى قېلىن ئادەمدىن ئىنسانلارغا ھەر بالا كېلىدۇ.

27

قۇياش ئىسسىلىكلەر، ئۆزىنى قۇياشقا تەگلەشتۈرگۈچىلەر كۆپ، ئەمما قۇياشقا ئوخشاش ئەبەدىي ۋە تەكشى نۇر چاچالايدىغانلار ساناقلىقتۇر.

28

بۇغداي ماڭا تىكىلىپ قارايدۇ ۋە ياپراقچىلىرى ئارقىلىق بېلىنى چىڭ تۇتۇپ، مۇڭلۇق مۇقامدا ئۇسسۇل ئوينايدۇ. مەن ئاڭا غىزا ۋە ئۇسسۇزلۇق بېرىمەن. مانا بۇ ئەمگەك ناخشىسى!

29

غول يىلتىزغا:

ـــ ساڭا ئوخشاش ئانام بولغانلىقى ئۈچۈن ئاساسىم مۇستەھكەم، ـــ دېدى.

يىلتىز غولغا:

ـــ ساڭا ئوخشاش قەددى ـ قامەتلىك ئوغلۇم بولغانلىقى ئۈچۈن كۆڭلۈم پۈتۈن، ئىشلىرىم راۋان، ئۈمىدىم زور، ھاياتىم مەنىلىك، مۇھەببىتىم شۇقەدەر يۈكسەك، ـــ دېدى.

30

ئىنسانىنىڭ بىلىدىغانلىرى قانچە كۆپ بولسا، ئىلىم ـ ھېكمەت شەربىتى ئۇنىڭ تىلىدىن گويا سىم ـ سىم يامغۇردەك تامچىپ تۇرىدۇ.

31

دۇنيادا بىلىمدىن قۇدرەتلىك كۈچ، ئەخلاقتىن گۈزەل، ۋىجداندىن ئۇلۇغ، سەۋرى ـ تاقەتتىن خاسىيەتلىك نەرسە يوق.

(ئاخىرى 60 ـ بەتتە)

مەتتۇرسۇن مۇھەممەت

## نۆبىتىنىڭ بىر غەزىلىگە مۇخەممەس

ئاھ نىتەي ھىجران ئازابى، بىر قەدەھ،
ئەيلىدى كۆڭلۈم خارابى، بىر قەدەھ،
نە خاراب بولغاي ساۋابى، بىر قەدەھ،
ساقىيا بەرگىل شارابى، بىر قەدەھ،
جامى ئىشرەتتىن گۇلابى بىر قەدەھ.

چاكى - چاك ئەيلەپ يۈرەكنى لەختەئى،
تۈن ۋە كۈن بىدارىمەن ھەر لەھزەئى،
قەيس سىياق ئەيلەپ پىغانلار ھەر سەرى،
يارنىڭ كۈيىدە بولدۇم تەشنەئى،
لۇتفى رەھمەتتىن شارابى بىر قەدەھ.

كەلسە يارەنلەر بۇ دەم جۈپ - جۈپ بولۇپ،
بەزمىلەر قۇرساق ئىناق خەندان ئۇرۇپ،
كەتسە شادلىق قايغۇنى ئۇنتۇلدۇرۇپ،
ساقىيا جامى مۇھەببەت تولدۇرۇپ،
ئىلتىپات ئەتكىلكى ئابى بىر قەدەھ.

ھەر مودام ھىممەت - شىجائەت ئەيلىسەڭ،
مېھنىتىڭدىن باغ، ئىمارەت ئەيلىسەڭ،
ئەجرە قۇتتۇر كىم مۇشەققەت ئەيلىسەڭ،
سەن ئەگەر لۇتفى - ئىنايەت ئەيلىسەڭ،
بىناھايەتتۇر ساۋابى، بىر قەدەھ.

دوست - ياران، ئۈلپەتلەر جەم بولسا بۈگۈن،
نەغمە قىسپ ئۇشاق، ئەجەم چالسا بۈگۈن،
بۈيى خۇش گۈلدەك سەنەم بولسا بۈگۈن،
كاشكى يارىم بەھەم بولسا بۈگۈن،
قولىدىن ئىچسەم شارابى بىر قەدەھ.

نامىلەر پۈتتۈم مودام يارغە ئاتاپ،
كۆز ياشىم دەريا ئىرۇر يولغا قاراپ،
رەڭگى - رويىم زەپىران، ھالىم خاراب،
ئىشتىياقىدىن جىگەر بولدى كەباب،
بادە ئىچسەم مۇشكىنابى بىر قەدەھ.

خىزمىتىڭنى كۈنۈ تۈن قىلسام ئادا،
لالە چېھرىڭ ئەيلىسەممەن قىبلىگاھ،
نە قىلاي سەندىن نىگار بولسام جۇدا،
بىر زامانى سۆھبەتى مەردى خۇدا،
دىدەدىن تۆكسە فۇر ئابى بىر قەدەھ.

ئاقىل ئېر سەڭ ئەلگە خىزمىتىڭ قىنى،
خىزمىتىڭ ۋە جىدە ھىممىتىڭ قىنى،
گۈلگە رەڭلەر بەرگىنى مەردلەر قىنى،
بى رىيا يۈز يىللىق تائەتتىن ئانى،
ياخشى بىل ئىچسەڭ خۇنابى بىر قەدەھ.

ئەلمىساقتىن تارتتى ئاقىل كۆپ ستەم،
بەزى دۈشمەندۇر ئۆزۈڭگە ئەقلۇ پەم،
ئال مۇھەممەدى ساۋاقلارنى بۇ دەم،
سۆھبىتى مەردى خۇداغە يەتسە ھەم،
نۆبىتى ئىچكىل شارابى بىر قەدەھ.

مۇھەممەتجان سەيدۇللا

# بىر تال يۇلتۇز چاقنايدۇ كۆكتە

## تەبئەت

سەن كەلمىسەڭ مەيلى ئەزىزىم،
ئاھ ئۇرمايمەن، چەكمەيمەن پەرياد.
ئىزدەپ كەلگەن كەبى پەرىشتە،
قۇشلار كېلىپ قاقىدۇ قانات.

كۈندۈزلىرى قۇياش يورۇتار،
تۈندە توپ ـ توپ يانىدۇ يۇلتۇز.
ئەگەر بارسام دەريا بويىغا،
مەيىن ئۇسسۇل ئوينايدۇ يالپۇز.

سىر تۆكمەن ھەر بىر پەسىلگە،
مىڭ دىلبەردۇر ئانا تەبىئەت.
جېنىم ئۇندا مەن كۆرگەن بارى،
جۇلالايدۇ خۇددى سەن سۈپەت.

## بىر تال يۇلتۇز

بىر تال يۇلتۇز چاقنايدۇ كۆكتە،
قاراڭغۇلۇق ئىچرە بەك خىرە.
ئۇ دىلبەرنىڭ ئوتلۇق كۆزىدۇر،
يېنىۋاتقان ئاشىق كۆزىدە.

بىر تال يۇلتۇز چاقنايدۇ كۆكتە،
قاراڭغۇلۇق ئىچرە بەك خىرە.
ئۇ بىر دىنبىر يورۇق رۇجەكتۇر،
چاقناۋاتقان ئادەم كۆزىدە.

بىر تال يۇلتۇز چاقنايدۇ كۆكتە،
قاراڭغۇلۇق ئىچرە بەك خىرە.
ئۇ بىر مىسرا يارقىن شېئىردۇر،
ئۇ، ئۈمىدۋار شائىر كۆزىدە.

## مەن بىلەتتىم

مەن بىلەتتىم، كېلەتتىڭ بىر كۈن،
ئاستا بېسىپ، لېكىن بىمالال.
دېرىزەمنىڭ تۈۋىدە بىر كۈن
ئۆسۈپ قالغان كەبى مەجنۇنتال.

مەن بىلەتتىم، كېلەتتىڭ بىر كۈن،
گويا كەپتەر قانات كەرگەندەك.
بەگباش ئوغلۇم نەلەردە سەن دەپ،
ئانام تۈندە ئىزدەپ كەلگەندەك.

مەن بىلەتتىم، كېلەتتىڭ بىر كۈن،
سەۋەنلىكلەر بولمايدۇ كىمدە.
مەندىن ئۆتسە نى چاغ باراتتىم،
ئاھ، بۇ قېتىم سەندىن ئۆتتى ـ دە...

## ئۈمىد تەبەسسۇمى

نى ـ نى كۈنلەر ئۆتتۈپ كەتتىغۇ،
ئۆتتۈپ كېتەر يەنە بۇ كېچە.
تىنچلانغىن دەردمەن يۈرىكىم،
يۇلقۇنىسەن نېمىشقا مۇنچە ؟

چولپان قىزى كۆيمەكتە ئەنە،
دېمەك تاڭمۇ قالدى يېقىنلاپ.
يۇرتنىڭ مېھرى يانار قەلبتە،
شام ئوتىدەك غۇۋا پىلدىرلاپ.

ئاتۇش شەھىرى يىراق بولسىمۇ،
(بىنالىرى قىستىلاڭ رەت ـ رەت.)
ئىككى كۈندە يېتىپ بارىمىز،
قۇچاقلايدۇ دوستلار، مۇھەببەت.

## قىش

ئۇزۇن قىش كۈننىڭ ئاخشىمى بۇ كۈن،
سۇ كۈنات قاچانلار كىرگەن ئۆيگە سەن.
كەل ئۇلتۇر، بەداشقان قۇرغىن گۈزىلىم،
سىر دىشىپ بىر رومكا ئىچكىن مەن بىلەن.

دېرىزە، ئىشكنى قويايلى ئېچىپ،
تالادا ئار چىلار قاپتۇ چېچە كلەپ.
شۇنىلاپ ئۇلار شاد ئېيتماقتا بىزگە،
تاڭلا ئەتە بۇ يەرگە قۇشلار كېلەر دەپ.

## بالىلىق سۆيگۈسى

قونغان كەبى دېرىزىگە قار گۈلى،
بەخت مېنى سۆيۈپ قويغان دەقىقە.
نەدە قالدى ئۆسمۈرلۈ كنىڭ چۈشلىرى،
قايتىش مۇمكىن بولماسمۇ شۇ مەزگىلگە ؟

سەن تۇغقانغۇ ئانا ساددا ئەقلىمنى،
كۆيۈپ بارار ئېسىم ياشلىق كۆزۈمدە.

بۆ شۇ كۈمنى راسلاپ بەرگىن قايتىدىن،
ساقلا قلىقتۇر چۈنۈق ئېتىم ئۆزۈمدە.

## قار ياغقان كېچە

ئۇ، شادلىق،
بەك لەرزان چۈشمە كتە ئاق قار،
ئاق قۇشقاچ تىلىدا كۈيلىنەر دۇنيا.
ئەزىزىم كەلمەيسەن تويۇك بولدىمۇ،
ئاپئاق بىر ئەتىر گۈل كۆكتە پەرۋازدا.
ئېتىز دىن، قىرلاردىن
يىراق دالىدىن،
چاقندى بىر دىنلا يۇلتۇز رەڭ جۇلا.
قار باسقان مەجنۇنتال تۇنجى كېچىسى،
تۆشە كتە ئۇلتۇرغان كېلىنچەك گويا.

مەن ناخشا ئېيتماقچى بولدۇم بۇ پەيتتە،
بىر ئامال قىپ يەنە چۈشمەك ئۇسسۇلغا.
«نىهايەت، ساقىدى كۆكتىن بىر يۇلتۇز،»
بىر ياپراق ئايلىنىپ كەتتى يۇلتۇزغا.

**ھەسەن تىلىۋالدى**

## سەپەر خاتىرىلىرى

### ئۆزبېك قىزىغا

سىز قۇياشنىڭ دوستىمۇ،
جامالىڭىز نۇر ئىكەن.
يۇلتۇز ئىكەن كۆزىڭىز،
لەۋلىرىڭىز گۈل ئىكەن.

سۇمبۇل ئىكەن تۇم قارا
تال ـ تال ئۆرۈم چېچىڭىز.
كامالچىغا ئوخشايدۇ
بىر جۈپ قۇندۇز قېشىڭىز.

ئەنداز ئالار ھۆر ـ پەرى
چېھرىڭىزدىن ئۆزىگە.
خىرە بولار كەچتە ئاي
قارىسىڭىز كۆزىگە.

رام بولىدۇ بۇلبۇللار
تاڭدا خوشال كۈلسىڭىز.
ئېسىۋېلىڭ تىل تۇمار،
بولماس بۇنداق يۇر سىڭىز.

1992 ـ يىل 5 ـ ئاي، تاشكەنت

## گۈل ئۇغرىسى

گۈل ئوغرىلاپ چىقتىڭ باغچىدىن،
بىلەلمىدىم، بېرىسەن كىمگە؟
قول ئۇزاتتىڭ ئەجەب روخسەتسىز،
ئۈنچە تەرىڭ سىڭمىگەن گۈلگە.

ئوغرىلىقچە كىرىپ باغچىغا،
ئۈزۈش مۇمكىن بولسىمۇ گۈلنى؛
ئوغرىلاشقا بولمايدۇ ھەرگىز،
پاك سۆيگۈگە تولغان كۆڭۈلنى.

1992 ـ يىل 4 ـ ئاي، ئەنجان

## بۇخارانى كۆرگەندە

ئەمەس ئىكەن ھەرگىز ئەپسانە،
بوۋايلارنىڭ دەپ بەرگەن سۆزى.
ئىشەنمەيدۇ بىر قېتىم كېلىپ،
بۇخارانى كۆرمىسە ئۆزى.

رىۋايەتتە ئېيتىلغىنىدەك،
قەدىم ئىكەن بۇ گۈزەل شەھەر.
تۇرۇپ قالدىم ھاڭۋېقىپ ئۇزاق،
جامالىغا سالغاندا نەزەر.

بۇلۇت بىلەن گىرەلەشكەندەك،
مۇنارلىرى تاقاشقان كۆككە.
گۇمبەزلىرى ئاجايىپ ھەيۋەت،
ئوخشاپ كېتەر ئاق بادام بۆككە.

ئەسىرلەرنىڭ يالدامىلىرى
نەقىش بوپتۇ سېپىل، تاملارغا.

ئەنمورۇ ① نىڭ ناخشا ـ كۈيىمۇ
قۇيۇلغىنى ئالتۇن جاملارغا؟

گۈل ـ گىياھلار قىلىدۇ سالام،
قايتقىنىڭدا ئۇزۇلمەس خوش ـ خوش.
بۇلبۇللارمۇ سايراشتىن توختاپ،
مۇقام ئاڭلاپ بولىدۇ بىھوش.

كەشتىلەنگەن «دىۋان» ۋە «خەمسە»
بۇ دىيارنىڭ تاغۇ ـ تېشىغا.
ھېس قىلىسەن بىر تۇغقىنىڭدەك،
مەيلى كىمنىڭ كەلسەڭ قېشىغا.

قايتقىنىمدا خوشلىشىپ سەھەر،
جۇپ كۆزۈمنى ياش قىلدى خىرە.
ئايرىلىشقا قىيمىدى كۆڭلۇم،
ئىللىق مېھرى سالغاچقا گىرە.

1992 ـ يىل 5 ـ ئاي، بۇخارا

## ئەنسىرىمىگىن

پەرىشانلىق ئىلكىدە مەستخۇش،
تېنەپ يۈرەر كۆڭۈل كەپتىرىم.
خىلۋەتلەردە يوقىتىپ ئەس ـ ھوش،
ئېشىپ بارار پىغان، دەردلىرىم.

چۇشلىرىمگە كىرىسەن جانان،
ھەر كۈن سېنى ئالىمەن ئەسكە.
ئەكەلمىدى ھىدىڭنى شامال،
چۇشتى ئەجەب ئايرىلىش تەسكە.

بىتاقەتمەن ئىنتىزارلىقتا،
ئەنسىرىمىگىن، تۇرىمەن ھايات.
ۋىسالىڭغا تەلمۈرۈپ قۇشتەك،
ئۇچسام دەيمەن چىقىرىپ قانات.

---

① سۇي ـ تاڭ دەۋرلىرىدە بۇخارالىق ئەنمورۇ، ئەنساجۇ قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر سەنئەتچىلىرى ئوتتۇرا تۇزلەڭ-لىك سەنئىتىگە زور تۆھپە قوشقان.

سەنسىز ماڭا يوق ئىكەن شادلىق،
بىلدىم نىگار ئايرىلىپ سەندىن.
بولۇپ قالدىم ھىجرىلىك بىلەن مەن
ئايرىلغاندەك يۇرىكىم تەندىن...

1992 ـ يىل، تاجىكستان، دۇشەنبە شەھىرى

### سېغىنىش

تۈن كېچىسى جىمجىت ھەممە ياق،
ھەممە نەرسە تۇرار خىيالى.
قاپقاراڭغۇ ئاسمان گۇمبىزى،
كۆرۈنمەيدۇ يۇلتۇزلار گاھى.

نەلەردىدۇر قاۋىشار ئىتلار،
سادا يوقتۇر ئۈنىڭدىن بۆلەك.
شىۋىرلىسا شامال قۇلاققا،
يېنىككىنە تەۋرىنەر تېرەك.

زېرىكىشلىك لەھەتتەك كېچە،
پاتقان سۇكۇت ئىلكىگە ئەتراپ.
ئانا يۇرتنى سېغىنغان كۆڭلۈم
ئوت ـ پىراقتا چېكەر ئىزتىراپ...

1992 ـ يىل 3 ـ ئاي، ئاشخاباد

ئابدۇرېھىم زۇنۇن

## غەزەللەر

### ئىشقلىق كوپى

ھەر بالالارغا سالار ئىشقلىق كويى،
سەن بىلەن دائىم پېقىرنىڭ ئىلىك ئويى.

گەر مۇيەسسەر قىلسا ۋەسلىڭگە ئىگەم،
كۆكتىن ئاشقاي نەچچە گەز پېقىر بويى.

ئەتسە ۋەسلىڭ زەررە نۇر ئىنئام ماڭا،
يامرىغاي تەلەي گۈلۈمنىڭ خۇش بۇيى.

ھۆرمۇسەن، ئىنسانمۇ سەن؟ (ھېچ بىلمىدىم)
چاندى ئالدىڭدا پەرى رەڭگىرويى.

تەڭرىگە تىغ تەڭلىگەن نوچى بۇگۈن،
ساڭا باش ئەگدى تۆگەپ غەيرىي خۇيى.

قەترە مەي يۇتسام لىۋىڭنى جام قىلىپ،
چۆمگۈسى شادلىققا يۇرت، كوچا ـ كويى.

قىينىما، سۆيگۈ شارابى تۇت ماڭا،
دەپ جاكارلاپ: بولدى ئابدۇرېھىم تويى.

### كەچ ساداقەت بەھرىنى

ياشىدىم يېگانىلىق تەمىن تېتىپ،
باقمىدىم شۇ ياشقىچە ئەمىن تېپىپ.

قورشىدى كۈن ـ تۈن غېرىبلىق لەشكىرى،
قالدى باش دەردۇ ئەلەم، غەمگە پېتىپ.

بولسا دىشۋار نانۇ ئاش، ھەمراھ ھامان،
كىم قىلار تاقەت، چىداپ يالغۇز يېتىپ؟

يار دېگەن شادلىق، ئارام، مۇڭداش، يۆلەك،
ياشىنتار چىن سۆيگۈ دىلنى شاد ئېتىپ.

چاقنىسۇن سۆيگۈ، ساداقەت تائەبەد،
نۇر بېرىپ بار مەۋجۇداتنى ياشنىتىپ!

يۇر گىنىم ئۆلگەنگە تەك مىسكىن ـ غېرىب،
كۆلمىسەم يار ۋەسلىگە ھەردەم قېنىپ.

يۇرمە ئابدۇرېھىم يېگانە غەم يۇتۇپ،
كەچ ساداقەت بەھرىنى دىلغا چېتىپ!

## بىر شائىرغا مۇشائىرە

كەتتىڭىز تاشلاپ رەقىب، دوستنى نىكەم،
زەپ سېغىندۇق، بەك يىراقتا سىز بۇدەم.

ياش تۆكۈشنىڭ ئورنىغا ئويناڭ ـ كۈلۈڭ،
تۆگىسۇن مەشۇق كۆزىدە ئەمدى نەم.

ئۆچمىسۇن لۇغەت بېتىدىن « مۇز » سۆزى،
جىسمىڭىزگە ئەيلىمەڭ دوزاخنى جەم.

باشلىدى ئىشق سىزنى گۈلزار باغچىغا،
ئۇندا دەرد يوق، شان ـ ئۇتۇقلۇق ھەر قەدەم.

تۈن بىلەن كۈندۈزگە ئوخشاش ئالمىشار،
بۇ ھاياتلىق بابىدا شادلىق ـ ئەلەم.

ئۇرغۇسى پەرياد ئۇنىڭمۇ ھالىغا،
كۆرسە ۋاموق يا نۇرۇم، تاھىرمۇ ھەم.

بۇ جاھان ئۆتنىگە لاپقۇت ئالىمى،
چاقى چۆرگەلدى پەلەكنىڭ، پۈتتى غەم...

## ساڭا تالىق ئوتلۇق ئەقدەم

ئالالمىدىم، تېگەلمىدىڭ ھەم،
ئالدى بىزنى ئىلكىگە مۇڭ ـ غەم.

بوشلۇقلارغا تىكىلدى كۆزلەر،
تىپىرلىدى خىياللار بۇدەم.

تاراپ كەتتى ھېسلار چەمبىرى،
كىرپىكلەردە پىلدىرلىدى نەم.

قاپ بېلىدىن سۇندى مەغرۇرلۇق،
سۇزەلمىدى ئارمانلارمۇ تەم.

ئوخشىماسكەن چۈشكە رېئاللىق،
( قوشماق ئىكەن شادلىققا ئەلەم.)

بۆلدى بىزنى قىسمەت خەنجىرى،
يۈرىكىمدەك ئەي پاك پەرىشتەم.

نەدە بولغىن، ئەسلە يا ئۇنۇت.
ساڭا تالىق ئوتلۇق ئەقدەم.

## تارتما ئۆز نەپسىڭگە چوغ

مەيلى كەم بول، تارتما ئۆز نەپسىڭگە چوغ،
پاك ياشاپ، بول ئۆزگىلەرگە ئۆلگە ـ تۇغ.

كۆرسەن ئەينەكتە ئەسلىڭنى ئېنىق،
بولمىغاچ ھۆسنىڭدە زەررە لاي ۋە دۇغ.

ئېھتىيات قىل ھەرنە ئىشتا بول پەخەس،
( ئىچ ھامان پۈۋلەپ ئەگەر بولسىمۇ دوغ.)

ئازدۇرار بەزىدە شەيتان تۈيغۇلار،
باش كۆتەرتمە ـ زاكىسىدا ئۇنى بوغ!

ياق كۆڭۈللەر بەھرىگە ئاپتاپ بولۇپ،
كۆرمىسۇن ھېچكىم سېنىڭ چېھرىڭدە سوغ.

ئەل كۈچى زور كۈچ، ئۇنى سەل چاغلىما،
خۇددى كەلكۈندەك باسار يار ئالسا تۇغ.

قانچە شاھلار تەختىنى گۇم ئەيلىگەن،
سال نەزەر تارىخقا، بۇ كۈچ بەك ئۇلۇغ.

« قوزغىلىپتۇ شىر » دېسە كىم قورقىدۇ ؟
« خەلق » دېسە، ھەر كىمدە پەيدا جۇغۇ جۇغ...

ئابلىز ھەسەن

# باشئەگمەم يېزىسلىرى

## يېزىدا بازار

چېلىقماس كۆز گە نە بۇندا دۆكمازار،
ئايلانغان بۇ يېزا قايناق رەستىگە.
ئېتىزدىن يېنىپلا كۆرىسىز بازار،
سىن قوشقان قوي، كالا دېھقان بەستىگە.

ئېسىلغان سېمىز قوي گۆشى كانارغا،
كۆتمە كتە خېرىدار كۆكتات خىللىرى.
ھەر باقسا قوغۇنغا، ئۈزۈم، ئانارغا...
يايرايدۇ دېھقاننىڭ زوقمەن دىللىرى.

دەپ قالماڭ: يەل ـ يېمىش خېرىداردىن كۆپ
توشۇلار تونىلاپ يىراق ـ يېقىنغا.
ھۆددىگەر دېھقان چىڭ تۇرغاچ تەر تۆكۈپ،
كىرىمى ئوخشار دەل قايتار ئېقىنغا.

يېشىل ئېتىزلىرى، چارۋا ماللىرى،
كۆرمىگ خېرىدارى تەييار توپ تاۋار.
ئەجرىدە ئېلىنغان ئالتۇن دانلىرى
كەلتۈرگەن ئۆزىگە بايلىق، قۇت باھار.

چۈشىدۇ پۇل بولۇپ كەگرى خامانغا
دېھقاننىڭ ئېتىزدىن ئاتقان چالمىسى.
قەددىنى كۆتۈرۈپ باقار جاھانغا،
چوڭ بازار تاپقاچ مول نەشپۈت، ئالمىسى.

پۇل مالغا، مال پۇلغا تەگلىشەر بىراق،
پۇل، مالدىن يۇقىرى دېھقان ھىممىتى.
بولماقتا دۇنياغا ئۇسسۇلۇق بۇلاق
ئىشچاننىڭ يوقنى بار قىلغان مېھنىتى.

## پېشقەدەملەرگە

ئاتمىشتىن ئاشقانلار ئاز سانلىق بىراق،
تۆھپىسى ئاز ئەمەس، چاقنار يۇلتۇزدەك.
ئۇلارغا جاپا دوست، پاراغەت يىراق،
تۇنلەرنى يورۇتقان مەشئەل كۈندۇزدەك.

قېرى ياش بولالماس، لېكىن ئۇلارمۇ
زۇلمەتلىك تۇنلەردە يۈرگەن قىران ياش.
بۇ گۈننى يارىتىش ئۇچۇن تۇنۇ كۈن
دۇشمەنگە شىددەتلىك ئاتقان سوقما تاش.

قەلبى چېكىنمىدى، چېقتى ئارامغا،
ئۇلار ھەق قەلبلەردىن ئېلىشقا ئورۇن.
ھەقلىق قاتنىششقا تويغا، بايرامغا،
بۇ كۈنگە زور ئەجىر سىڭدۈرگەن بۇرۇن.

## دەۋرىمدىن خۇشمەن

ئەللىككە كىرسەممۇ يۈز ياش دېگۈم بار،
مەنىلىك ئۆتمەكتە قوشماق كۈنلىرىم.
بۇ گۈندىن ئەتىنى ئىشلەپ بىلگۈم بار،
چاچماقتا خۇش پۇراق چوغلۇق گۈللىرىم.

## دېھقان ھىممىتى

دېھقاننىڭ تەرىدە پۇلنىڭ قىممىتى،
يارىتار پاختا، ياغ، بۇغداي، شال، قوناق...
بېھىشتەك تۇيۇلار دېھقان ھىممىتى،
ئۇ بىلەن چۆل بوستان، تاپار يول روناق.

بوۋىلار راست ئېيتقان: پۇل ـ قولنىڭ كىرى،
مائاشى مېۋىزار باغدا، قوتاندا.
كەلتۈرەر تۈمەن پۇل ھوسۇلدار يېرى،
خوجايىن ئۇ بەرپا قىلغان بوستاندا.

ۋاقىت تۇلپارىغا سالغاچقا نوختا،
كەچكۈز سۇلىرىدەك بوش ئۆتمەس ۋاقتىم.
تۇرمۇشۇم گۈل مېنىڭ ئىشلىگەچ پۇختا،
مەزمۇنلۇق كۈنلىرىم ـ شادلىقىم، بەختىم.

كۈيلەشكە تىل بەردى، ئۇچۇشقا قانات،
دەۋردىن مىلك رازى، پەرۋازدار قۇش مەن.
ئالدى گۈل قوينىغا مېنى هۆر هايات،
مەزمۇنلۇق ئۆتكەن هەر كۈنۈمدىن خۇش مەن.

هەبىبۇللا ئوسمان

# گۈل بەرگىدە بىر جۈپ تۇمۇچۇق

## جۈپ تۇمۇچۇق

گۈل بەرگىدە بىر جۈپ تۇمۇچۇق،
شۇنچە گۈزەل، بويىمۇ تەڭداش.
ئەينى شاختا تۇرغان ئويۇنچۇق،
قاناتلىرى، تۇرقىمۇ رەڭداش.

ئۇرۇپ خەندان سايرىشار شۇنچە،
كۈلگە زىننەت، قوشماق ـ قوشكېزەك.
كۈلكىسىدىن ئېچىلار غۇنچە،
مەڭگۈ هەمراھ ئۇلار قوش يۈرەك.

باغ ئۇلارغا ئاجايىپ دۇنيا،
شاختىن ـ شاخقا قونار هەۋەستە.
ئاشىق ـ مەشۇق ۋىسالى گويا،
گۈل ياشلىقنى سالىدۇ ئەسكە.

كۆڭۈللەرگە بېرەر زوق ـ شادلىق،
پەر قېقىشىپ چۇڭۇلداشلىرى.
سۆرەر پەيزى بۇندا هاياتلىق،
تۇمشۇق بېقىپ چۇكۇلداشلىرى.

## پارچىلار

ئىنساننىڭ قىممىتى ئەمەس گەپ ـ سۆزدە،
دېھقانمۇ ئەجرىنى كۆرىدۇ كۈزدە.
كۆمۈلۈپ ياتقان زەر، بىلسەڭ ئاز ئەمەس،
كۆپ چاغلار بارالڭ پۇل بولغاچقا بىزدە.

* *

مەڭگۈللۈك مۇھەببەت ئەمەس ئويۇنچۇق،
سىناقسىز بىلىنمەس ئۇنىڭ پاكلىقى.
سىنايدۇ ۋە بەزەن قوش يۈرەكلەرنى
چۇشۇڭگە كىرمىگەن تەقدىر چاقچىقى.

* *

باغۇەنلەر ياشنىپ ئايرىلسا باغدىن،
بىھېساپ كۆچىتى ئۇنتۇماس ئەبەد.
باغ ئارائەجرىنى كۈيلىسە بۇلبۇل،
مېۋىسىز شاخلىرى ئۇنتۇيدۇ پەقەت.

* *

ئانىلا بولماقلىق تەس ئەمەس ئۇنچە،
ئەڭ ياخشى ئانىنىڭ چىقمىقى قىيىن.
تىكىپلا كۆچەتنى قىلمساڭ پەرۋىش،
جامائەت ئالدىدا قەدرىڭ بىر تىيىن.

مۇھەممەت تەشنائى

## مەن قارايمەن دېرىزىدىن يىراققا

مەن قارايمەن دېرىزىدىن يىراققا،
ئەكىلەرمۇ شامال سېنىڭ ھىدىڭنى.
ئاھ، شۇ مىنۇت قالدىم ھەسرەت ـ ئازابقا
ئەسلەپ جېنىم ئىككى بىسلىق گېپىڭنى.

مەن قارايمەن دېرىزىدىن يىراققا،
گاھ سۆيۈنۈش، گاھى رەنجىش ئارىلاش.
چۈشۈپ قالدىم ياخشى كۆرۈپ توزاققا،
تولغىنىمەن جۈپ كۆزۈمدە لىقلا ياش.

مەن قارايمەن دېرىزىدىن يىراققا،
مەنىسىنى بىرلا ئاللا بىلىدۇ.
سۆيۈنەمدىم يا رەنجىشمۇ شۇ تاپتا،
ھەر ئىككىسى ياش باغرىمنى تىلىدۇ.

مەن قارايمەن دېرىزىدىن يىراققا،
ئېقىپ چۈشسە كۆز گۆھىرىم رازىمەن.
شۇندا سەۋرىم توشامدىكىن بىراقلا،
ئەقىدەمگە ئاشۇ چاغدا قازى مەن.

ئايبېك ئۆمەر

## نىلۇپەر تۇيغۇ

شۇنچە كۆپ قىسمەتنى بۇ ئالەمنىڭ
قۇرلارغا پۈتمەك بەسى مۇشەققەت بەك.
قۇشلاردىن سورا ئەگەر چىنپۈتمىسەڭ،
شېئىرغا ئىلھام ھەتتا بۇندا ھەر تەك.

كۆكلەمنى باشلاپ كېلىپ ئەگىز سۈيى
ئاقىدۇ پايانى يوق ئېقىن بولۇپ.

ھىدىغا قېنىۋالار نەۋباھارنىڭ
ھىجرانچى بۇلبۇل شۇئان گۈلگە قونۇپ.

پەسىللەر ۋاراق ئېچىپ ئۆتكەن بىلەن،
مومايغا ئوخشىتىدۇ ئىنسان كېلىپ.
ھەر ئادەم بىر تارىخنى يارىتىدۇ
ئاپەتنىڭ توزانىدىن ئامەت تېپىپ.

ئالىم مۇقىيت

## ئىككى ھېكايە

### باھا

شۇ كۈنلەردە مەۋلۇت ئوقۇتۇش بىر دولقۇنغا ئايلاندى. مەنمۇ ئۆيدىكىلەرنىڭ زورى بىلەن مەۋلۇت ئۆتكۈزۈپ، مەسچىت قوۋمىدىن يەتتە-سەككىز مۆتىۋەرلەرنى چاقىردىم. ئۇلار خۇددى داۋۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاۋازىدەك يېقىملىق ئاۋازدا چىرايلىق قىرائەت قىلىشتىكى، روھىم لەرزىگە كەلدى. ئۆزۈمنىڭ مەرد ساخاۋەتچىلەردىن ئىكەنلىكىمنى بىلدۈرۈپ قويۇش ھەم ئۇلارنىڭ مېنى باشقا سورۇنلاردا تىلغا ئېلىپ ماختاشلىرىنى نەزەردە تۇتۇپ، بازار نەرقىدىن يۇقىرىراق قىلىپ ئىمام-قارىمغا يەتتە يۈەندىن، باشقىلارغا بەش يۈەندىن ئاتاپ لىپاپقا سالدىم ۋە ئۇلاردىن بىرىنى ئىشارەت بىلەن ياندىكى ئۆيگە چاقىرىپ، ئۇنىڭغا بۇ كۆڭلۈمنى مەلۇم قىلدىم. ئۇ قاشلىرىنى ھىمىرىپ ئەجەبلەنگەندەك ماڭا قارىدى. مەن ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن «بەللى، يارايسەن! نامرات بولساڭمۇ، نامىڭنى يىتتۇرمەيدىغان ئوچۇق قوللاردىن ئىكەنسەن» دەپ قايىل بولۇۋاتىدۇ دەپ پەرەز قىلدىم، لېكىن ئۇ ئاغزىنى قۇلىقىمنىڭ تۈۋىگە يېقىنلاشتۇرۇپ:

— سىلە ئەپەندى، ئوبدان بىلىلا، ھازىر ئىسلاھات ۋاقتى ئەمەسمۇ؟ — دېدى.

مەن ھېچنېمىنى چۈشەنمىدىم. ئىسلاھات بىلەن مەۋلۇتنىڭ نېمە ئالاقىسى باردۇ؟ دېگەن سوئال بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلدىم ئۇ:

— ئەپەندىم، قاسساپلار گۆش نەرقىنى ئون ھەسسە ئۆرلىتىۋەتتى، كۆكتاتلار سەككىز ھەسسە ئۆرلەپ كەتتى. مال باھا ئىسلاھاتىدىن خەۋەرلىرى باردۇ؟ — دېدى.

— مېنىڭ بېرىۋاتقىنىم مال ھەققى ئەمەستە؟

— ئۇغۇ شۇنداق. ئاۋۇ توي-تۆكۈنلەردە شەيتاننىڭ نەغمىسىنى قىلىدىغانلارغا ئىككى-ئۈچ يۈز كوي قويىدىكەنسىلەر، ئەمدى خۇدانىڭ كالامىنى، روھى-ئەرۋاھلارغا ئاتىغاندا ساخاۋەتلىكرەك بولايلى!

مەن نېمە دېيىشىمنى بىلمەيلا قالدىم.

### نەزىر

— بالام، — دېدى بوۋاي يوسۇننى يېنىغا چاقىرىپ زەئىپ ئاۋاز بىلەن، — جان بار يەردە قازا بار. ئۆزۈمنىڭ ئەھۋالى ئۆزۈمگە ئايان. ئالىمادىس كۆزۈم يۇمۇلسا، ھېلىقى

ئېھتىيات ئۈچۈن ساقلاپ قويغان ئۈچ يۈز يۈەن پۇل بىلەن نەزىرىمنى چوڭ ئۆتكۈزگىن، جامائەتچىلىكىمىز كەڭ. تونۇش - بىلىشىمىز كۆپ، ھەممىسىنى چاقىرغىن، كۆڭۈل قالىدىغان ئىش بولمىسۇن، ئۆزۈڭمۇ نەزىر - چىراغلاردىن قالما، دۇئا بىلەن ئەر كۆكىرىدۇ...

«نەزىر» دېگەن سۆزدىن يۇسۇننىڭ كۆڭلى قاتتىق بىئارام بولدى. ئەتىسى ئۇنىڭغا يېقىن ئاغىنىسى نامىدىن نەزىر باغىقى كېلىپ قالدى. يۇسۇن مۇسىبەت كەلگەن جان - جىگەر ئاغىنىسىغا قاتتىق ئىچىندى ۋە ئىش - كۈشلىرىگە قارىشىپ بېرىش ئۈچۈن، كىچىك سىڭلىسىنى دادىسىغا قارىتىپ قويۇپ يۈرۈپ كەتتى.

مېھمانلار ئۇزاپ، قازان - قومۇچ، ئۈستەل - ئورۇندۇق يىغىشتۇرۇلدى. نەزىرگە قارىشىپ بەرگەن كىشىلەرمۇ خوشلىشىپ قايتىشتى. ئەڭ ئاخىرىدا يىغىدىن كۆزلىرى قىزىرىپ، قاپاقلىرى ئىششىپ كەتكەن ھازىدار دوستى ھىدايى بىلەن ئايالى كاپارەتكە تەسەللى بېرىپ قويۇش ئۈچۈن يۇسۇن قالدى. ئۇلار كۇندۇزدىكى پاتىپاراقچىلىقتىن چارچىغاچقا ھاردۇق چېيى ئىچىشىپ ئولتۇرۇشتى. بۇ چاغدا ھىدايى:

— بۇ گۈن نەزىر ئىنتايىن ئوبدان ئۆتتى. مېھمانلارنىڭ بىرىمۇ قالماي كەلدى، دادام رەھمەتلىكنىڭ جەمئىيەتتە خېلى ئابرويى - ئىناۋىتى بار ئىكەندۇق، — دېدى مەمنۇنلۇق بىلەن.

— دادىمىز رەھمەتلىكنىڭمۇ يۈز - ئابرويى بار، لېكىن ئىككىمىزنىڭ يۈزىمۇ چوڭ كەلدى. سىزنىڭ ئۆي - يەر ئىدارىسىدە، مېنىڭ بازار باشقۇرۇشتا ئىشلىگەنلىكىمىز، — دېدى كاپارەت ئېرىنىڭ سۆزىگە قوشۇمچە قىلىپ.

— خىزمەت بىلەن نەزىرنىڭ نېمە ئالاقىسى بار؟ — دېدى ھىدايى خوتۇنىغا ئالىيىپ.

— كۆرمىدىڭىزمۇ؟ كەلگەن مېھمانلارنىڭ تولىسى ئىككىمىزنىڭ تونۇشلىرى، ئۇلارنىڭ ئە كەلگەن سوۋغاتلىرىنى بىر كۆرۈپ بېقىڭا! رەھمەتلىك دادىمىز بىلەن ئالاقىسى بارمىكىن. يۇسۇن، تۇرۇڭ ماڭا بىر ياردەملىشىڭ، — دېدى كاپارەت ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ تاشقىرىقى ئۆيگە ماڭدى. ئىككىمىز ئۈچ تاقاقتىن قولۇپ سالىدىغان ئېغىر شەمەي ساندۇقنى تەستە كۆتۈرۈپ كىرىپ، مېھمانخانا ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىغا قويدۇق. ھىدايىمۇ دەرھال ئورنىدىن تۇتۇپ ساندۇق يېنىغا كەلدى. كاپارەت خۇددى تويلۇق مال ساندۇقنى ئېچىۋاتقان كۆرەڭ خوتۇنلاردەك بىر خىل مەغرۇرلۇق بىلەن ساندۇق ئاغزىنى ئاچتى.

— قاراڭ، ماۋۇ سىزگە كاستيۇم - بۇرۇلكىلىق ئىكەن، — دېدى ئۇ جىگەررەڭ سارجىنى قولىغا ئېلىپ، — بۇنى ھېلىقى ئۆي سوراپ بىر نەچچە نۆۋەت كەلگەن ئادەمنىڭ ئايالى ئېلىپ كەپتۇ، شۇ بىچارىلەرگە ئۆينىڭ چارىسىنى قىلىپ بېرىڭ، دېمىسىمۇ يەتتە جان بىر ئېغىز ئۆيدە قىسىن... ھە راستلا، ئۇنتۇپ قاپتىمەن، ھېلىقى ئاشخانامنى كېڭەيتىۋالاي، دەپ ئىلتىماس قىلىپ يۈرگەن ئاشپەزنىڭ ئايالى قولىقىمغا پېچىرلايدۇ، نېمە دەيدىكىن دېسەم، «خېنىم سىلىنىڭ خىزمەتكە بېرىپ - كېلىشلىرى تەس بولۇپ

قاپتۇ، شۇڭا ئاۋۇ ئۆزلىرىگە بىر ئايالچە ۋىلىسىپىت ئېلىپ قويۇپتىكەن، ئەكىلىش بىئەپ بولۇپ قالدى ... » دەيدۇ. ئەتە ئىشتىن چۈشكەندە ئەكىلىۋالايلى...

تۈۋى كۆرۈنمەس ساندۇقتىن ھاجەتمەن مېھمانلارنىڭ «قارىلىق سۇندۇرۇش» ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن سوۋغاتلىرى بىر - بىرلەپ چىققىلى تۇردى ۋە ئۇنى چىراغقا تۇتۇپ كۆرۈپ سۆپىتىنى تەكشۈرۈپ، غىرىچلاپ ئىنى ۋە ئۇزۇنلۇقىنى ئۆلچەش باشلىنىپ كەتتى ... ئەر - خوتۇن ئىككىسىدە مۇسىبەت كەيپىياتىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى. ئۇمچەيگەن لەۋلەرگە تەبەسسۇم ئالماشتى، قايغۇلۇق چىرايلار مەمنۇنلۇق تۇسىنى ئالدى؛ ئەتىگەندىن بېرى يىغلاپ ئىششىغان قاپاقلارنىڭ ئىششىقى يېنىپ، قىزىللىقى يۈزلىرىگە كۆچتى. ئۆي خۇددى گەزمال دۇكىنىغا، ھىدايى بىلەن كاراپەت مال كۆرۈپ تاللاۋاتقان خېرىدارغا، يۇسۇن ئۇلارغا قىزىقىپ قاراپ تۇرغان تاماشىبىنغا ئوخشايتتى، مال كۆرۈش، باھالاش بىلەن كەچ سائەت ئون بولۇپ قالدى. ئاخىرىدا كاراپەت سوۋغاتلارنىڭ ئومۇمىي قىممىتىنى ھېسابلاپ، «ئۈچ مىڭ يۈەن ئەتراپىدا» دېگەن خۇلاسىنى چىقارغاندىن كېيىنلا ئەر - خوتۇن ھايا جىننى بېسىۋالدى ۋە ئەنە شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۆزلىرىگە ھاردۇق يەتكەنلىكىنى ھېس قىلىشتى.

يۇسۇننىڭ ئېسىگە دوختۇرخانىدىكى دادىسى كەلدى - دە، ئورنىدىن تۇردى. ئۇ خوشلىشىپ مېڭىش ئالدىدا ئادەت بويىچە نەزىرى ئىگىلىرىنىڭ كۆڭلىنى ياساپ تەسەللى بەردى.

— قانداق قىلىمىز ئاغىنە، بۇ خۇدانىڭ ئىلكىدىكى ئىش. مېۋە پىشسا ساپىقىدا تۇرمايدىكەن. رەھمەتلىك دادامنىڭ دۇئاسىنى ئالغان ئىكەنمىز، — ھىدايىنىڭ ئاھاڭىدا نە قايغۇ، نە ئېچىنىش سېزىلمەيتتى.

دوختۇرخانىغا كېتىۋاتقان يۇسۇننىڭ كاللىسىنى بۇرۇن كىرىپ باقمىغان ئويلار، پىلانلار چۇلغىۋالدى: ئۈچ مىڭ يۈەن ھە؟! — دەيتتى ئۇ ئىچىدە، — مېنىڭدەك تېيىن ئېشىنالمىغان غورىگىلنىڭ توي قىلىشى ئۈچۈن بىمالال يېتەتتى... ئەمما ئۈچ مىڭ يۈەن پۇلنى قەيەردىن تېپىش كېرەك؟... ئۇنىڭ خىياللىرى بىردە چىگىشلىشىپ، بىردە يېشىلىپ داۋام قىلاتتى. ئۇ نېمىشقىدۇر «ئۈچ مىڭ يۈەن» نىڭ ئورنى باردەكلا ھېس قىلاتتى.

مەسئۇل مۇھەررىر **ئالىمجان ئىسمايىل**



گۈلبوستان ئابدۇقادىر

# فەرۇزە

( پوۋېست ) ①

## 7

فەرۇزە ياخشى كۆرىدىغان كۆز پەسلىمۇ ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا كۆڭۈلگە ياقىدىغان نېمە قالدىكىن ؟! ياڭغۇزلۇق، ئازابلار جېنىغا تەگكەن بۇ كۈنلەردە ھەممە نەرسە ئۇنىڭ بىلەن ياتلىشىپ كەتكەندەك ئىدى. ئۇ ئۆزىنى گويا بىپايان قۇملۇقتا ئۆسۈپ قالغان يېگانە قامقاقتەك ھېس قىلاتتى.

قېلىن قار ياغقان كۈنلەردە سىرتقا چىقىشمۇ بىئەپ، دىلنۇر بىلەن خاسىيەت كۆپ چاغلاردا يىگىتلىرى بىلەن چىقىپ كېتىدۇ. ياتاقتا تېتىقسىز كۈلكىلەرنى، مەززىسىز پاراڭلارنى ئاڭلاپ يىغلىغۇدەك بولۇپ بىچارىلەرچە ئولتۇرىدىغىنى يەنىلا ئۇ، شۇنداق چاغلاردا ئۆزىگە تەلەپ قويۇۋاتقان ئوغۇللار ئىچىدىن بىرىنى تاللاپ كۆزىنى يۇمۇپلا مۇھەببەتلەشكۇسى كېلەتتى. لېكىن ياخشى كۆرمىسە ئۇنداق مۇھەببەتلەشكەنىنىڭ نېمە مەززىسى بولسۇن ؟ ھەي، بىچارە فەرۇز، ئەجەب كۈنگە قالدىڭ !

بۈگۈن يەكشەنبە، ئۇ ۋاقچەرەك ئورنىدىن تۇرۇپ تۈنۈگۈنكى پىلانى بويىچە كىتابخانىغا كەلدى. ئۇ يەرگە كەپ باقمىغىلى خېلى ئۇزۇن بولغاچقا، يېڭى - يېڭى كىتابلار چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، قىزىقىپ ئوقۇپلا كەتتى. بىر چاغدا « قارا » دېگەندەك بولۇۋىدى، يېنىدىلا تۇرغان غەيرەتنى كۆردى.

---

① بېشى ئۆتكەن ساندا

ـــ ۋوي، فەرۇزە ياخشىمۇ سىز ؟

ـــ ياخشىمۇ سىز ؟

قىسقىلا ھال ـ ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن فەرۇزە ئۇنىڭ يېنىدىن كېتىشكە تەمشەلدى، غەيرەت بولسا ئوقۇۋاتقان كىتابىنى قويۇپ، ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپلا قالغانىدى. فەرۇزە ئاستا ـ ئاستا سۈرۈلۈپ ئۇنىڭدىن يىراقلاشتى.

ـــ فەرۇزە، قاچان قايتىسىز ؟

ـــ ھازىر قايتايمىكىن، ـــ دېدى ئۇ.

ـــ ئۇنداق بولسا بىللە چىقىپ كېتەيلى.

ئۇلار كىتابخانىدىن بىللە چىقتى. شۇ تاپتا فەرۇزە، غەيرەتنىڭ ئۆزىنىڭ ئارقىسىغا كىرىۋالماي، يولغا كېتىپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلغانسېرى غەيرەت ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياندىشىپ كېلىۋاتاتتى.

ـــ مەن ئاپتوبۇس ساقلايمەن، سىز يولىڭىزغا مېڭىۋېرىڭ، ـــ دېدى فەرۇزە.

ـــ ۋاي نېمانداق ئۆزىڭىزنى قاچۇرىسىز ؟ يۈرۈڭ، ئازراق بىر نەرسە يەيلى. مېنىڭ قورسىقىم ئېچىپ كەتتى.

ـــ بولدى. مەن ھازىر قايتمىسام بولمايدۇ.

ـــ يۈرۈڭ، دەيمەن، بىر ئېغىز گېپىمنى ئاڭلىمامسىز ؟

خېلى ئۇزاق تارتىشلاردىن كېيىن ئۇ غەيرەتنىڭ جاھىللىقى ئالدىدا ئامالسىز قالدى. ئۇلار بېكەتتىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر جايدىكى، سىرتى ئاجايىپ كاتتا بېزەلگەن رېستوران ئالدىدا توختىدى.

ـــ مۇشۇنىڭغا كىرەمدۇق ؟ ـــ دېدى فەرۇزە.

ـــ ھەئە، سىزنى ئۇزاقتىن بېرى بىر مېھمان قىلىۋالغۇم بار ئىدى. بۇ گۈن پۇرسىتى كەپتۇ، يۈرۈڭ ئىچىگە كىرەيلى.

ـــ بولدى رەھمەت، ئادەتتىكى ئاشخانىغا كىرسەكمۇ بولىدىغۇ ؟

ـــ يۈرۈڭ گېپىمنى ئاڭلاڭ.

ئۇلار كۆتۈكۈچىنىڭ باشلىشىدا بىر جوزىغا كېلىپ ئولتۇردى. فەرۇزەنىڭ ئۆزى بۇ يەردە ئولتۇرغىنىنى بىلەن پۈتۈن پىكىر ـ خىيالى «كۆمۈش قەدەھ» دىكى ئۈچ سائەتتىن ئارتۇق داۋام ئەتكەن سېھىرلىك مۇھىتتا ئىدى. ھەي، ئالدىمدا ماڭا قاراپ ئولتۇرغىنى غەيرەت بولماي... دەپ ئويلايتتى ئۇ.

ـــ قاراڭ ئاۋۇ ئايالنى تونۇمسىز ؟ ـــ دېدى غەيرەت ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىدىكى جوزىدا بىر ئەر كىشى بىلەن كۆز بېقىشىپ ئولتۇرغان چىرايلىق ئايالنى كۆرسىتىپ.

فەرۇزە ئۇ ئايالنى بىر يەردە كۆرگەندەك قىلدىيۇ، ئېسىگە ئالالمىدى.

ـــ ياق، تونۇمايدىكەنمەن، ـــ دېدى ئۇ.

ـــ ئۆمەر مۇئەللىمنىڭ ئايالى ئاسىيە.

ــــ قايسى ئۆمەر مۇئەللىمنىڭ ؟ ــــ ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

ــــ دارىلمۇئەللىمىندىكىچۇ.

فەرۇزە ئادەتتىن تاشقىرى جىددىيلىشىپ كەتتى. ئۇ پۈتۈن ئەس ـ يادى بىلەن ھېلىقى ئاپالغا تىكىلدى. دەل شۇ ! رەسىمدىكى ئايال راستتىنلا شۇ. ئۇ قاملاشقان، سالاپەتلىك بىر كىشى بىلەن قارىشىپ ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچىشىۋاتاتتى. فەرۇزەنىڭ كۆزلىرى ئۇلاردا بولغاچقا، كۆتـ. كۆچى ئالدىغا بىر نەرسە ئېلىپ كەلگەنىنىمۇ سەزمەي قالدى.

ــــ قورۇمىلاردىن ئالغاچ ئولتۇرىكە، بىزمۇ ئازراق ئىچىشىپ قويامدۇق ؟ ــــ دېدى غەيرەت ئالدىدىكى ھاراق بوتۇلكىسىنى سىيلاپ تۇرۇپ.

ــــ ياق، سىز ئىچىڭ، مەن ئەزەلدىن ئىچىپ باقمىغان.

فەرۇزە غەيرەتنىڭ شۇنچە قاتتىق زورلاشلىرىغىمۇ زىنھار ئۇنىمىدى. ھېلىراقتا ئېچىپ كەتكەن قورسىقىمۇ شۇ تاپتا غىققىدە بولۇپ قالغانىدى.

ئالدىدىكى گۈزەل ئايالغا شەھۋانە ھەۋەس بىلەن تىكىلىپ ئولتۇرغان ئاۋۇ كىشى بىلەن پۈتۈن تۇرقىدىن سەممىيلىك چاقناپ تۇرىدىغان ئۆمەر ئىككىسى ئۇنىڭ ئالدىدا روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ ئالمىشىپ تۇراتتى.

ئۆمەر ئاكام شۇ تاپتا نېمە ئىش قىلىۋاتقاندۇ ؟ ــــ دەپ ئويلايتتى ئۇ، ــــ يەنە بىر پارچە گۈزەل ئەسەر ئۈستىدە زېھىن قويۇپ ئىشلەۋاتامدىكىن ؟ قەلبى گۈزەل ئادەملەر نېمىشقىمۇ ئۆزىگە ئوخشاشلار بىلەن تېپىشالمايدىغاندۇ ؟

ــــ نېمە خىيال قىلىۋاتىسىز ؟

غەيرەتنىڭ سوئالى جاۋابسىز قالدى. فەرۇزەنىڭ مەگزىدىن سىر غىپ چۇشۇۋاتقان ياشقا قاراپ ئۇ گاڭگىراپلا قالدى. فەرۇزەنىڭ كۆز ئالدىغا ھە دېسىلا ئۆمەرنىڭ چىرايىدىكى يېشىغا ماس كەلمىگەن ئۇششاق قورۇقلار، سېھىرلىك، ئەمما ھارغىن كۆزلەر كېلىۋالاتتى. ئاۋۇ ئايالچۇ ؟ ئۆمەرنىڭ پۈتۈنلەي ئەكسىچە، چىرايى تېخى توي قىلمىغان قىزلاردەك، تۇرقى ئاجايىپ نازاكەتلىك، ھەرگىزمۇ بىر بالىسى باردەك ئەمەس...

ــــ بېشىم بەك ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، مەن قايتايمىكىن ؟ ــــ فەرۇزە شۇنداق دېدى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

ــــ سىز تۈزۈك كىرەك بىر نەرسىمۇ يېمىدىڭىز، يەنە بىردەم ئولتۇرۇپ قايتامدۇق ؟

ــــ دېدىمغۇ، بېشىم بەك ئاغرىپ كەتتى.

غەيرەتنىڭ چىرايىدىن نارازىلىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. فەرۇزەگە شۇنداق قىلمايمۇ ئامال يوق، كۆڭۈلسىز ئولتۇر غىنىدىن چىقىپ كەتكىنى ياخشى ئىدى.

غەيرەت ھېساباتچىنى يېنىغا چاقىردى:

ــــ تۆت يۈز سەكسەن سوم، ــــ دېدى ھېساباتچى.

فەرۇزەنىڭ كۆزلىرى يەنە بىر قېتىم چەكچەيدى:

ــــ مۇشۇنچىلىك قورۇما، بىر بوتۇلكا ھاراق ئۇچۇنلىمۇ ؟ بىز يائۆزاقراقمۇ ئولتۇرمى-

ساق، ـــ دېدى ئۇ.

ھېساباتچى چاچلىرىنى ئەڭ يېڭى مودىدا ياسىتىۋالغان، ئاجايىپ ئېسىل كىيىنگەن ياش قىز ئىدى. ئۇ فەرۇزىگە بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن لەۋلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ:

ـــ ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ، خېنىم، بۇ دېگەن رېستوران، ـــ دېدى.

فەرۇزە يەنە بىر نەرسە دېمەكچى ئىدى، بىراق غەيرەت ئۇنى گەپ قىلغۇزمىدى:

ـــ نەچچە پۇل بولسىمۇ تۆلەيمەن، ـــ دېدى ئۇ مەردانىلەرچە.

ـــ تۆلەشنىڭغۇ تۆلەيسىز، بىراق سىزنىڭ بىر ئايلىق مۇئاشىڭىزمۇ بۇنچىلىك ئەمەستۇ ؟

فەرۇزە ئىختىيارسىز «كومۇش قەدەھ» نى ئويلىدى. ھەي، شۇ چاغدا ئۇمەر ئاكام قانچىلىك چىقىمدار بولدىكىن، پۇل تۆلىگەندە ئەجەب دىققەت قىلماپتىمەن، قورۇمىلىرىمۇ بۇنىڭدىن مول ھەم ئۇزاق ئولتۇرغانىدۇق، دەپ ئويلىدى ئۇ.

ـــ بۇلار دېگەن پۇل تېپىشقا بەك ئۇستا، فەرۇزە، ـــ دېدى غەيرەت ئۇ يەردىن چىققاندا، ـــ بىر قىز بىلەن بىللە كىرگەن ئادەمنى ئۇنداق ئاسانلىقچە يولغا سالمايدۇ. بۈگۈن ئۇزاقراق ئولتۇرالمىدۇق، ماڭا ۋەدە بېرىڭ، ۋاقتىڭىز يەتكەن بىر كۈنى بىللە بولايلى.

فەرۇزە بۇ يەردىن تېزرەك كېتىش ئىستىكىدە تۇرغىنى ئۈچۈن ۋاقىتنى سوزمايلا جاۋاب بېرىۋەتتى:

ـــ بولىدۇ، كېلەر يەكشەنبە كۈنى مەكتەپكە بېرىڭ.

ئۇلار شۇنداق كېلىشىپ خوشلاشتى. ئاپتوبۇستىكى ئادەملەرنىڭ كۆپلىكىدىن ئىتتىرىلىپ - سوقۇلۇپ، بەكمۇ ھېرىپ كەتكەن فەرۇزە خىيالىدا ياتاقتا ھېچ كىم بولمىسا، تىنچ مۇھىتتا قېنىپ بىر ئۇخلىۋالسام، شۇ ئۇيقۇم بىلەن تەڭ بايا رېستوراندا كۆرگەن كۆرۈنۈشلەر چۈشۈمگە ئايلىنىپ كەتسە، دەپ ئويلايتتى. بىراق بۇ ئۇمىدىمۇ يوققا چىقتى. ياتاقتا ئايزىنەم بىلەن مەستۇرە يەنە شۇنداق كۈلكىلىرىنى كۈلۈشۈپ ئۆز ئىشلىرىنى قىلىشىۋاتاتتى. ئۇ سومكىسىنى ئىشكىنىڭ ئارقىسىدىكى مىخقا ئىلىپ قويۇپ كارىۋاتقا تاشلاندى. تاشلاندىيۇ كۆزلىرى دەرھال ئايزىنەمنىڭ قولىدىكى قارا نيۇزەي ئىشتاننى سۈرتۈۋاتقان لۆڭگىگە چۈشتى. مېنىڭ يۈز لۆڭگەم ؟! ئۇ دەرھاللا دائىم لۆڭگىسىنى ئېلىپ قويىدىغان جايىغا قارىدى، يوق! دەل ئۆزىنىڭ لۆڭگىسى، تېخى ئاخشاملا يۇيۇپ قويغان ئىدىغۇ ؟ ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى ۋە بار غىنىچە ئايزىنەمنى قاتتىق ئىتتىرىۋەتتى. پۈتۈن ئەزايى - بەدىنى بولسا تىترەپ كېتىۋاتاتتى.

ـــ نېمە قىلىۋاتىسەن، ۋۇ تەربىيە كۆرمىگەن، مەدەنىيەتسىز ئېشەك ! ـــ ئۇ ئاران شۇ گەپنى دېيەلىدى - دە، پاڭگىدە يىغلىۋەتتى.

ئۇ مۇشۇنداق بىر نېمىلەر بىلەن ساۋاقداش بولۇپ قالغانغا ئۆكۈنۈپ ئىچ - ئىچىدىن ئۆكسۈپ يىغلاۋاتاتتى. مەستۇرە ئارىغا چۈشمىگەن بولسا ئىككىسى نېمە بولۇپ كېتەتتىكىن - تاڭ، ئۇ دەرھال ئايزىنەمنى تالاغا ئاچىقىپ كەتتى.

فەرۇزە تىنىمسىز تىترەۋاتقان ماغدۇرسىز پۇتلىرىنى تەستە يۆتكەپ كارىۋىتىغا كېلىۋالدى. كارىۋات ئۈستىدىكى خەت - چەكلىرىنى ساقلايدىغان كورۇپكىمۇ جايىدىن قوزغىلىپ

قالغاندەك ئىدى. ئېچىپ كۆردى، راست، كونۇپىر تىلىرىدىن چىقىرىلىپ قالايمىقان قاتلاپ قويۇلـ
غـان خەتلەر، دوستلىرىنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ نازۇك سىرلىرى! دېمەك، ئۇلار ئۇنىڭ خەتلىرىنىمۇ ئالا
قويماي كۆرۈپتۇ ـ دە!

ئۇ ئەلـەمدىن بوغۇلۇپ كېتىۋاتقان يۈرىكىنى قامالاپ، كارىۋىتىدا ئولتۇرۇپ قالدى. ئا-
دەمـلـەردىـن بـىـزار بـولـۇش بـاشـقـا ھەرقانداق نەرسىدىن بىزار بولۇشتىنمۇ يامان، ئۇ كىشىنى
ئۈمـىـدسىزلىككە، گۇمانخورلۇققا ئېلىپ بارىدۇ. ھەممە نەرسىدىن زېرىكىسىز، تېرىكىسىز ... ئا-
خـىـرىـدا كـۆنـلـەرنىـڭ ئۆتـۈشـى بـىـلـەن دەسلەپكى خۇش چىرايىڭىز ئورنىغا سۇلغۇنلۇق،
تـېـتىكلىكىڭىز ئورنىغا خامۇشلۇق ئالمىشىپ، بارا ـ بارا خاراكتېرىڭىزمۇ ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. سىز
كىشىلەردىن بىزار بولغاندەك، باشقىلارمۇ سىزدىن بىزار بولۇشقا باشلايدۇ.

ئۇ كـېـچـىـچـە تۈزۈك كىرپىك قاقمىدى. ئەمدىلا كۆزى ئۇيقۇغا بېرىلىشىغا دەھشەتلىك
چـۈشـلـەردىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتەتتى. تاڭ شۇنچىلىك تەستە ئاتتىكى، فەرۇزە ھېچقاچانمۇ
بۇ گۈنكىدەك قىيىنلىپ باقمىغانىدى.

## 8

دۇنـيـادا ھېچبىر سەۋەبسىز ئىش يوق، لېكىن ئەنە شۇنداق سەۋەبلەر تۇيۇقسىزدىن كېلىپ
چـىـقـىـدىغان ئاقىبەتنى ئاقىلانىلىك بىلەن توغرا بىر تەرەپ قىلالىغان ئادەملەرلا ھاياتتا يېڭىلىپ
قـالمايدۇ، ئۆز يولىنى مەڭگۈ داۋام ئېتەلەيدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، سەۋەب تاشقى ئامىللار خالاس.

ئاسـىـيە ئالىي مەكتەپتى پۈتتۈرۈپ ئىشسىز يۈرگىنىگە بىر يىلدىن ئاشقان سىڭلىسىنىڭ
خـىـزمـەت مـەسـىـلـىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن خېلى يول مېڭىپ باققان بولسىمۇ، ياخشىراق بىر
جاينى تاپالمىدى. مۇشۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ، چوڭ بىر سودا شىركىتىنىڭ دىرېكتورى ئوسمان
بـىـلـەن تـونۇشۇپ قالدى. ئوسمان ئۇنىڭدىن ئۈچ ـ تۆت ياش چوڭ، ئائىلىسى بار كىشى بولۇپ،
قـولىنى قاياققىلا سۇنسا يېتىدىغان كاتتا بايلاردىن ئىدى. ئۇلار تونۇشۇپ ئۇزاققا قالمايلا ئوسمان
ئۇنـىـڭ سىڭلىسىنىڭ خىزمەت مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بەردى. ئۇلارنىڭ بېرىش ـ كېلىشى ئەنە
شۇنداق باشلاندى.

ئوسـمـان گـۈزەلـلـىكتە تازا ۋايىغا يەتكەن بۇ ئايالنى دەسلەپ كۆرگەندىلا كۆڭلىگە بىر
سـايـە چـۈشـۈۋالغانىدى، بارا ـ بارا بۇ سايە يوغىناپ، ئۇنى ئارام تاپقۇزمايدىغان بولدى، ھەتتا ئۇ
ئاسـىـيەنى بىر كۈن كۆرمىسە چىدىيالمايدىغان بولۇپ قالدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇ توختىـ
ـماي ئاسـىـيە ھەققىدە ئويلىناتتى. گۈزەل بولۇپلا قالماي، ئوچۇقلىقچۇ بۇ كاساپەتنىڭ! ھەر بىر
كـۈلـكـىـسىدە جاننى ئېلىپ يەردە قويالىغۇچىلىكى بار، ئايال كىشى دېگەن ئەنە شۇنداق بولسا...
دەپ ئويلاپ كېتەتتى ئۇ.

ئۇ ئۇيـان ئويلاپ، بـۇيـان ئويلاپ يـەنـىلا ئۆزىـنـىـڭ بـايـلىقى ئارقىلىق ئاسيەنى قولغا
كـەلـتۈرمەكچى بولدى. ئۇ بۇرۇنمۇ نۇرغۇن ئاياللارغا، ھېچ ئىش كۆرمىگەن قىزلارغا ئەنە شۇ ۋا-
سـىـتىسىنى قوللانغانىدى. پۇل بولسا نېمە ھەل بولمايدۇ، دەيتتى ئۇ، ئاسيە دېگەننىمۇ بىر دەمدىلا

ئىندە ككە كەلتۈرۈۋېتىمەن.

ئاسىيە بۇ ئۆيگە كىرىپ كەلگىنىدە مېھمانلار ئاساسەن يىغىلىپ بولغانىدى، ئىككى جۈپ ئەر ـ ئايال ۋە ئوسمان قاتارلىقلار ئەركىن، بەھۇزۇر ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ بىر ئائىلىدىكى ئەر ـ خوتۇنلار ئەمەسلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.

جوزا ئۈستىدىكى خىلمۇ خىل يېمەكلىكلەر، ئاياللارنىڭ ئېسىل زىبۇ ـ زىننەتلىرى، ئەر ـ لەرنىڭ دەممۇ دەم جىرىڭلاپ تۇرىدىغان سىمسىز تېلېفونلىرى... ئاسىيەگە يېڭى بىلىنىپ كەتمىسىمۇ، ئىشقىلىپ ئۇنىڭ ھەۋىسىنى قوزغىدى. ئۇ، پۈتۈن تۇرقىدىن مەنمەنلىك، تەكەببۇرلۇق چىقىپ تۇرىدىغان ئاياللارغا سەپسالدى. چىرايى ئانچە ۋاي دەپ كەتكۈچىلىكى يوق بۇ ئاياللارنى ئۇچىسىدىكى بېزەكلەر، يۈزلىرىدىكى بوياقلار گۈزەللەشتۈرۈۋېتىپتۇ، مەنمۇ شۇلار ـ چىلىك ياسانسام ئۇنداقلاردىن نەچچىسى ماڭا تەڭ كېلەلمىگۈدەك... دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى ئۇ.

ئوسمان ھە دېسىلا ئاسىيەگە يېقىنچىلىق قىلاتتى. تاماق ئويناۋېتىپمۇ، چاي قۇيۇۋېتىپمۇ ئۇنىڭ شەھلا كۆزلىرىدىن كۆز ئۈزەلمەيتتى. مېھماندارچىلىق ئاياغلىشىپ ئۆي ئىچىدە يەقەت ئوسمان بىلەن ئاسىيەلا قالدى.

ـــ مەنمۇ ماڭايمىكىن، ـــ دېدى ئاسىيە ئوسماندىن ئىجازەت سورىغاندەك.

ـــ سەل تۇرۇپ ئۆزۈم ئاپىرىپ قويىمەن، ـــ ئوسمان شۇنداقلا دەپلا ئاسىيەنىڭ قولىغا ئېسىلدى. شۇ تاپتا ئۇ ئىچىملىك تەسىرىدىن ئاپئاق يۈزى سەل ـ پەل قىزارغان، كۆزلىرى چاقناپ كەتكەن بۇ ئايالغا قاراپ ئۆزىنى باسالماي قىلىۋاتاتتى. ئاسىيەمۇ ئۆزىنى قاچۇرغاندەك قىلىپ تۇرغان بىلەن كۆڭلىدە بۇ كىشىگە ئاللىقاچان مايىل بولۇپ بولغانىدى. ئۇ ئۆمەرنى بۇ كىشىگە سېلىشتۇرۇپ باقتى، ئوسمان ئۆمەرگە قارىغاندا بەستلىك، قاراشلىرىدىن ئىشق تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. ئۇستىبېشى رەتلىك، چىرايى نۇرلۇق... ئىشقىلىپ، ھەممە تەرەپتىن ئۆمەردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، يەنە كېلىپ، ئەڭ مۇھىم بىر تەرىپى ئۇ كاتتا باي.

ـــ سۆيۈملۈكۈم، ئاددىي كۆرمەي بۇنى قوبۇل قىلىڭ، بۇ ئەڭ دەسلەپكى سوۋغام، ـــ ئوسمان نەپىس ياسالغان دۇخاۋا قاپ ئىچىدىن بىر دانە ئالتۇن زەنجىرنى چىقىرىپ، ئاسىيەنىڭ ئاپئاق بويىنىغا ئاۋايلاپقىنا تاقاپ قويدى. زەنجىر چىراغ يورۇقىدا تېخىمۇ پارقىراپ كەتتى.

ئائىلىگە نېمانچە ئۆزۈمنى ئۇرۇپ كېتىمەن؟ دەپ ئويلايتتى ئاسىيە، كونا بويى ئۆيدىن ئىدارىگە، ئىدارىدىن ئۆيگە، ئۆيدىن يەسلىگە ئالدىراپلا يۈرۈيمەن، تاماق ئېتىش، كىر يۇيۇش... بىر پاتمان ئىشلارنىڭ دەستىدىن ئەينەك ئالدىدا يېرىم سائەتمۇ ئولتۇرالمايمەن. ئوتتۇزدىن ھالقىدىم، يەنە ساناقلىق يىللاردىن كېيىن قېرىيمەن، چىرايىم سولىدۇ، ئۇ چاغدا ماڭا كىممۇ ھازىر قىدەك ۋاي دەيتتى...

ئاسىيە بويىندىكى زەنجىرنى ئۆمەرگە نېمە دەپ چۈشەندۈرەرمەن دەپمۇ ئويلىمىدى. شۇنداق، ئۇ شۇ تاپتا ھېچنەرسىنى ئويلىيالمايتتى.

ئوسمان ئۇنى پەپىلەپ، سۆيۈپ، چىڭ قۇچاقلىغىنىچە كارىۋاتقا ئاپاردى...

ئاسىيە ھەممىنى، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا ئۆمەرگە ئۆزى ئاۋۋال تەلەپ قويغىنىنى، توي قىلىپ بالىلىق بولغان بەختلىك مىنۇتلاردا «نەۋائى» دەك ئۇلۇغ ئادەم بولۇشنى ئۈمىد قىلىپ ئىسمىنى «ئەلشىر» قويغان ئوماق ئوغلىنى... بىر يوللا ئۇنتۇدى.

شۇندىن بۇيان ئۇلار بۇ خىل مۇناسىۋەتنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. بۇرۇنلاردا پات ـ پات ھەر خىل خوتۇن ـ قىزلارغا كۆزى چۈشۈپ قالىدىغان ئوسمانمۇ بۇ كۈنلەردە ئاسىيەدىن بۆلەك ھېچكىمنى خىيال قىلمايدىغان بولۇۋالدى. ئاسىيەمۇ ئوسمانغا ھەقىقىي باغلىنىپ قالغانىدى.

## 9

كېچە ياغقان قار پۈتۈن ئەتراپنى ئاپاق لىباسقا پۈركىگەنىدى.

بۇ گۈن فەرۇزەنىڭ غەيرەت بىلەن كۆرۈشىدىغان كۈنى، نېمىشقىدۇر كۆڭلى پاراكەندە، ھېچ ئىشقا قولى بارماي تەمتىرەپلا يۈرەتتى. رەسىم سىزىشمۇ، كىتاب ئوقۇشمۇ ... ھەممىسى ئوخشاشلا خۇش ياقمايتتى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە بىرەر ـ ئىككى سائەتنى قانداقمۇ ئۆتكۈزەرمەن ؟ دەپ ئويلايتتى ئۇ. ئۇ كەلگۈچە بىر يەرگە كېتىۋالسامچۇ ؟ ھەي، يەنىلا لەۋزىمدە تۇراي، بىر چاغدا ئىشىك چېكىلىپ ئارقىدىنلا بىر قىز ئىشىكنى قىيا ئاچتى ۋە:

— فەرۇزە دېگەن قىزنى بىرى پەستە ساقلاۋاتىدۇ، — دەپ قويۇپ كېتىپ قالدى.

غەيرەت بىلەن بىللە كېتىۋاتقان فەرۇزەنىڭ كەيپىياتى تولىمۇ ناچار ئىدى. غەيرەتنىڭ تاغدىن ـ باغدىن قىلغان پاراڭلىرىدىن بىر جۈملىسى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرسە كاشكى، ئۇنىڭ گەپ ئارىسىدا «شۇنداقمۇ ؟» «ھە ؟» دەپ سورىغانلىرىغا ئۇمۇ چاندۇرماي «شۇنداققۇ دەيمەن» ، «ھەئە» دەپلا جاۋاب بېرىپ قوياتتى.

ئۇلار بىر قانچە بېكەتنى پىيادە يۈرگەندىن كېيىن، ئاپتوبۇسقا ئولتۇردى. فەرۇزە شۇ تاپتا ئۆزلىرىنىڭ نەگە كېتىۋاتقىنىنىمۇ بىلمەيتتى.

— نەگە ماڭدۇق ؟ — دېدى ئۇ.

— مېنىڭ ياتىقىمغا.

فەرۇزە بىر نەرسە دېمەكچى ئىدى. بىراق ئارتۇق گەپتىن زېرىكىپ ئولتۇرغاندا جىم بولايچۇ دەپ ئويلىدى.

— مانا كەپ قالدۇق، مۇشۇ بېكەتتە چۈشىمىز، — غەيرەت گەپ قىلىۋېتىپ ئورنىدىن تۇردى. فەرۇزەمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

ئۇلار بېكەتتىن ئازراق ئالدىغا ماڭغاندىن كېيىن غەيرەتنىڭ ئىدارىسىگە يېتىپ كەلدى. فەرۇزە بەكمۇ مۇزلاپ كەتكەنىدى.

— ياتىقىڭىز قاياقتا، تېزرەك ماڭايلىچۇ، مۇزلاۋاتىمەن، — ئۇ ئەزۋەيلەپ نېمىلەرنىدۇر چۈشەندۇرۇۋاتقان غەيرەتكە ئامالسىز شۇنداق دېدى.

— مانا مۇشۇ بىنانىڭ بەشىنچى قەۋىتىدە، — دېدى غەيرەت ئالدىدىكى كونا سېرىق بى-

ىنانى كۆرسىتىپ.

فەرۇزە پەلەمپەيلەردىن چاققان ـ چاققان ئاتلاپ، بەشىنچى قەۋەتكە غەيرەتنىڭ ئالدىدا چىقىپ بولدى. شۇ تاپتا سوغۇققا پەقەتلا چىدىمايدىغان بۇ قىزنىڭ كۆزلىرىگە ئىسسىق بىر ئۆي گۈل كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى.

ياتاق چىرايلىق ياسالغان بولۇپ، ئۆزى كىچىككىلا بىر ئېغىز ئۆي بولسىمۇ، كىشىگە بىر خىل ئازادە بىلىنەتتى.

ــــ پەلتونى سېلىۋېتىپ، ئەركىن ئولتۇرۇڭ، ــــ دېدى غەيرەت چاي دەملەۋېتىپ.

فەرۇزە كارىۋات قويۇلغان تەرەپتىكى تامغا ئېسىلغان مەنزىرە سۈرەتتىن كۆز ئۈزەلمەيلا قالدى.

ــــ بۇ رەسىمنى ئۆزىڭىز سىزغانمۇ؟ ــــ دېدى ئۇ.

ــــ ھەئە، ئۆزۈم سىزغان. قانداقراق چىقىپتۇ؟

ــــ بەك ياخشى سىزىپسىز.

ــــ سىزمۇ مەنزىرە رەسىم سىزىشقا قىزىقىسىز، شۇنداققۇ؟

ــــ ھەئە، قىزىقىمەن، لېكىن ياخشى سىزالمايمەن.

ــــ قاراڭ كەمتەرلىكىڭىزنى، ئەسەرلىرىڭىزنى كۆرمىگەن بولسام ئىشىنەتتىممىكىن؟ ئەسەرلىرىڭىزمۇ ئۆزىڭىزدەك گۈزەل تۇرسا.

ئۇلار چاي ئىچكەچ پاراڭلاشتى. غەيرەت بىر ئاماللارنى قىلىپ گەپنىڭ تېمىسىنى بۇراشقا تىرىشاتتى. فەرۇزە بولسا ئىچىدە ئۆزۈڭنى بىلىپ سۆزلە، بولمىسا ئۆيۈڭ ھازىرلا ساڭا ئۇ گۆچە قالىدۇ، دەيتتى.

چاي ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۆي ئىچىدە بىر پەس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ئۇنى ئالغۇدىن چىقىۋاتقان مۇزىكا ھەر ئىككىسىگە تەسىر قىلىدىمىكىن، غەيرەتمۇ بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە ئۇن ـ تىنسىز ئولتۇراتتى. فەرۇزەمۇ شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك خىياللىرىنى تېپىۋالدى...

ــــ فەرۇزە، دەپ بېقىڭچۇ، سىز ياخشى كۆرگەن ئادىمىڭىزنى ئۇنتۇپ كەتمەكچى بولسىڭىز قانداق چارە قىلاتتىڭىز؟

جىمجىتلىق ئارىسىدىن تۇيۇقسىز ئۇنۇپ چىققان بۇ گەپ ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلدى.

ــــ مەن ياخشى كۆرگەن ئادىمىمنى ئۇنتۇپ كېتىشنى خىيال قىلىپ باقمىدىم، ــــ ئۇ قىسقىلا جاۋاب بەردى.

ــــ سىز ئۇنىڭ ۋەسلىگە يېتەلمىگەن تەقدىردىمۇ داۋاملىق ياخشى كۆرۈۋېرەمسىز؟

ــــ ئۇ كۆڭلۈمنىڭ خاھىشى تۇرسا.

غەيرەت يەنە جىم بولۇپ قالدى. بىر نۇقتىغا تىكىلگەن كۆزلىرىدە ئاللىقانداق مۇڭ ـ ھەسرەت ئالامەتلىرى ئەكس ئېتەتتى.

ــــ بۈگۈن ئىككىمىز تازا چىلاشقۇدەك ئىچەيلى، رەت قىلماڭ، فەرۇزە.

قىز ئىختىيارسىز كۈلۈپ تاشلىدى.

ــ گەرچە ئوخشىتالمىساممۇ بۇ گۈل سىزگە ئۆز قولۇم بىلەن سەي قورۇپ بېرىمەن، ــ غەيرەت شۇنداق دېدى ـ دە، ئىشىك تەرەپكە قويۇلغان گاز ئوچاقنىڭ ئاستىدىكى كۆكتاتلارنى ئېلىپ ئاقلاشقا باشلىدى.

ــ بولدى، ئاۋارە بولماڭ غەيرەت، مەن ھازىر قايتمىسام بولمايدۇ، ھېلىھەم ئۇزاق ئولتۇ- رۇپ كەتتىم، ــ دېدى قىز.

ــ نېمىگە ئالدىرايسىز، بۇ گۈن دېگەن يەكشەنبە تۇرسا، ھېلى ئۆزۈم ئاپىرىپ قويىمەن، ماڭا ئىشىنىڭ.

«ئىشىنىش» سۆزىدىن كېيىن ئۆيەنە جاھىللىق قىلىپ تۇرۇۋالمىدى. ئۇنىڭسىزمۇ ئۇن- ئالغۇدىن چىقىۋاتقان لەرزان مۇزىكا ئۇنىڭ مەيلىنى تارتىپ تۇراتتى. بوپتىلا، ئولتۇرسامۇ ئولتۇراي، قايتىپ كەتسەم بارىدىغىنىم يەنە شۇ ياتاق، ياتاق بىناسىنى تاقايدىغانغا ئۈلگۈرۈپ بارسام بولىدىغۇ دېگەن ئوي بىلەن كۆڭلىنى خاتىرجەم تۇتۇپ ئولتۇردى.

يېرىم سائەتتىن كېيىن غەيرەت قورۇغان قورۇمىلار ئېلىپ كېلىندى.

ــ قېنى قورۇمىلاردىن ئالغاچ ئولتۇرۇڭچۇ، قانداقراق بولدىكىن؟ ــ دېدى ئۇ ئىشكاپتىن بىر نېمىلەرنى ئىزلىگەچ.

ــ كېلىڭ، بىللە يەيلى، ــ دېدى فەرۇزە.

ــ ھە، مانا ھازىر، ــ غەيرەت بىر بوتۇلكا قىزىل ھاراق بىلەن بىر بوتۇلكا ئاق ھاراق، ئىككى رومكىنى ئۈستەل ئۈستىگە قويدى ۋە قىزغا ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ئولتۇردى.

ــ قورۇمىلارنى تازىمۇ ئوخشىتىپ قورۇپسىز، لېكىن بۇ ئىشىڭىز قاملاشمىدى، ــ دېدى قىز ھاراقنى كۆرسىتىپ، ــ ئىچمەيمۇ ياخشى پاراڭلارنى قىلىشقىلى بولىدىغۇ؟

ــ بۈگۈن نېمە بولسىمۇ كۆڭلۈم ئۈچۈن ئىچىسىز، ــ دېدى ئۇ رومكىلارغا ھاراق قويۇ- ۋېتىپ.

ــ كۆڭلىڭىز ئۈچۈن ئولتۇردۇم، لېكىن مېنىڭ كۆڭلۈم ئۈچۈن بۇنى زورلىماڭ.

ــ ئولتۇرغاندىكىن ئىچىش كېرەك.

غەيرەت جاھىللىق بىلەن ھاراق تولدۇرۇپ قويۇلغان رومكىنى ئۇنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويدى.

ــ ئۇنداق بولسا ھازىرلا كېتىمەن، ــ قىز تېرىكىپ ئورنىدىن تۇردى.

ــ ياق، ياق بۇنداق قىلسىڭىز بولمايدۇ، بىر دەم ئولتۇرۇڭ فەرۇزە، ئۆزىڭىزنىڭ ۋە مېنىڭ ھۆرمىتىم ئۈچۈن مۇشۇ بىر رومكىنى ئىچىۋېتىڭ، قالغىنىنى زورلىمايمەن.

قىز جايىدا ئولتۇرۇپ، ئۆزىگە قويۇلغان ھاراقنى ئىچىۋەتتى. غەيرەت گېپىدە تۇرماسلىققا ئامالسىز، ئۆزىنىڭ رومكىسىغا لىقلاپ قويۇپ ئارقا ـ ئارقىدىن ئىچىشكە باشلىدى...

ــ ۋالىس ئويۇناشنى ياخشى كۆرمەيدىغان ئادەم يوققۇ دەيمەن، تۇرۇڭ ۋالىس ئوينايمىز، ــ غەيرەت شۇنداق دېدى ـ دە، قىزنىڭ قولىدىن تارتىپلا تۇرغۇزدى.

ئۇلار ئۆيىنىڭ كىچىكىنە بوش يېرىدە پىر قىراشقا باشلىدى. غەيرەتكە هاراق ئۇبدانلا تەسىر قىلغان بولسا كېرەك. هەر بىر ئايلانغاندا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي سەنتۈرۈلۈپ كېتەتتى.

فەرۇزە ئىختىيارسىز ئۆمەرنىڭ ئۆيىنى ئەسلەپ قالدى. هەي، شۇ چاغلارمۇ ئۇنىڭ رېئاللىقى ئىدى ـ هە ؟! هارارەتلىك قوللارنى تۇتۇپ هارماي تانسا ئوينىغان...

فەرۇزە سائەتكە قاراپ چۆچۈپ كەتتى. ياتاق بىناسى تاقىلىدىغانغا يېرىم سائەتتىن ئارتۇقراقلا ۋاقىت قالغانىدى.

ـــ غەيرەت، مەن كېتىمەن، ـــ ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، سومكىسىنى قولىغا ئالدى.

ـــ مەن دېدىمغۇ ئاپىرىپ قويىمەن دەپ، چوقۇم ئاپىرىپ قويىمەن سىزنى، يىگىرمە مىنۇت قالغاندا ئۆيدىن چىقساقمۇ تاكسى بىردەمدە ئاپىرىدۇ، كېچىكىپ قالمايسىز.

ـــ بولدىلا، بالدۇرراق بارغىنىم ياخشى، هازىر ماڭاي.

ـــ ئەگەر سىزنى كېچىكتۈرۈپ قويىدىغان بولسام، يىگىت بولماي كېتەي، كېلىڭ يەنە بىر قول تانسا ئوينايلى.

ئۇلار يەنە تانسىغا چۈشتى. فەرۇزەنىڭ پۇت ـ قولى تانسىدا بولغان بىلەن يۈرىكى « ئۇلگۇرەلەمدىم ـ يوق » دېگەن ئويدا ئەنسىز سوقاتتى. ئاھ، بۇ مۇزىكىنىڭ تۈگىمەيۋاتقىنىنى!

ئۇ تىتىلداپ يىغلىۋېتىشكە ئاز قالدى. ئەلەڭلەپ قالغان كۆزلەر بولسا، ئۇنىڭ ئەكسىچە هەممە نەرسىدىن بىغەم هالدا قىزنىڭ چىرايىغا مىختەك قادالغانىدى.

مۇزىكا تۈگىشىگىلا فەرۇزەنىڭ ئىلغۇ چىتكى پەلتوغا ئۇزىتىلغان قولى غەيرەتنىڭ قوللىرى ئارىسىدا قالدى. ئۇ تېرىككىنىدىن يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتتى:

ـــ قويىۋېتىڭ، هازىرقى بىر سېكۇنت ۋاقىتمۇ مەن ئۈچۈن قىممەتلىك، ـــ دېدى ئۇ قولىنى سىلكىپ.

ـــ بۇ گۈن سىزنى كەتكۈزمەيمەن، فەرۇزە، ـــ غەيرەت شۇنداق دېدى ـ دە، هايالسىزلا رچە ئۇنى قىستاپ كەلدى.

ـــ گېپىڭىزدە تۇرۇڭ، سىز دېگەن يىگىتقۇ ؟ ـــ قىز شۇنداق دەپلا ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

غەيرەت فەرۇزەنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ئۇنىڭ ئىككى قولىنى ئاۋۋالقىدىنمۇ بەكرەك چىڭ تۇتۇۋالدى.

ـــ شۇ يىگىت بولغىنىم ئۈچۈن... ـــ ئۇنىڭ گېپى تۈگە ـ تۈگىمەيلا هاراق پۇراپ تۇرغان يېقىمسىز لەۋلىرى قىزنىڭ يۈزىگە تەگدى...

ـــ قويىۋەت، پاسكىنا ئىت!

شۇ گەپ بىلەن تەڭ تەگكەن بىر شاپىلاقتىن فەرۇزەنىڭ يۈزلىرىدىن ئوت چىقىپ كەتتى.

غەيرەت شۇ تاپتا هەقىقەتەنمۇ بىر ئىنتاۋ خشاپ قالغاندەك ئىدى. راست، ئۇ ئىت بولدى. ئاۋۋال نايناقشىپ ئەركىلەپ، ئارقىدىنلا غەزەپ بىلەن هومىيىپ چىشلىدى.

قىزلارغا قول تەگكۈزگەن ئەرلەرنى قانداقمۇ ھەقىقىي ئەركەك دېگىلى بولسۇن؟ ھۇ يۈزسىز!

قىزمۇ بوش كەلمىدى. ئۇمۇ يەتتە ئەزاسى ساقلا بىر ئادەم تۇرۇقلۇق بىرى ئۆزىنى ئۇرۇۋاتسا قاراپ تۇرسۇنمۇ؟ ئۇ، غەيرەتنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە تېپىشكە باشلىدى...

ئېلىشىش، چېلىشىشلار ئەۋجىگە چىقتى...

سائەت ئاللىقاچان توشۇپ كەتكەن بولۇپ، فەرۇزە ئەمدى ئۇچقان تەقدىردىمۇ ئۈلگۈ-رەلمەيتتى.

چىراغ ئۆچۈرۈلدى. قىز دەرھال بېرىپ چىراغنى ياقتى... ئىككىسى شۇ تەرىقىدە يەنە بىردەم جەڭ قىلىشتى. ئۆزىنى خېلى كۈچلۈك ھېسابلايدىغان فەرۇزەمۇ شۇ تاپتا ھالسىزلىنىپ، جايىدا ئولتۇرۇپ قالايلا دېدى. بېشى قېيىپ كېتىۋاتاتتى.

— يۈرە، كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ چىرايلىق پاراڭلىشىمىز، — دېدى غەيرەت ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ.

— سەن بىلەن پاراڭلاشقۇم يوق! — قىز قولىنى غەزەپ بىلەن تارتىۋالدى.

ھەي، نېمىسىنى دېگۈلۈك؟ قىز ئۇنىڭ كۈچلۈك ئىتتىرىشىدىن سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ كا-رىۋاتتا ئولتۇرۇپ قالدى. ياتاق قاراڭغۇ ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئىختىيارسىز يىغا ئولىشىپ ھاياتىدا ئۆزىنى تۇنجى قېتىم تولىمۇ بىچارە ھېس قىلدى.

— قېنى، ئەمدى كۆرەي نوچىلىقىڭنى، نەگە كېتىسەنكىن؟

قىز شۇ تاپتا ئۇنىڭ گەپلىرىگە جاۋاب بېرەلمەيتتى. بوغۇزىدا قاپلىشىپ قالغان ئاچچىق بىر نەرسە ئۇنى قىينايتتى.

بىردەملىك جىمجىتلىقتىن كېيىن غەيرەت بىر دىنلا يۇمشاپ:

— بەربىر ياتىقىڭىزغا ئۈلگۈرەلمىدىڭىز، بۈگۈن مۇشۇ يەردە قونۇپ قېلىڭ بولامدۇ؟ ھەممە ئىش چىرايلىقچە ھەل بولسۇن، — دېدى.

قىزدىن جاۋاب چىقمايتتى. فەرۇزەنى ھەممە ئىشقا قوشۇلدى دەپ ئويلاپ قالغان غەيرەت تېخىمۇ قىزىپ سۆزلەشكە باشلىدى ۋە يانچۇقىدىن پۇللارنى چىقىرىپ:

— مۇشۇنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ فەرۇزە، ئېلىڭ، ئەتە بازارغا چىقىپ خالىغىنىڭىزچە خەجلەڭ، يەنە تېخى پات ئارىدا مەن بىر سودا دۇكىنى ئاچماقچى بولۇۋاتىمەن، ئۇنىڭدىن كىر-گەن كىرىملەرمۇ سىزگە مەنسۇپ بولىدۇ، — دېدى ۋە ئۇ پۇللارنى قىزنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويىدى.

— بۇ پۇللىرىڭدا ئايىغىڭنى سۈرت! — قىز شۇنداق دېدى ـ دە، پۇللارنى ئۇنىڭغا قارىتىپ ئاتتى.

— كۆڭۈل بۆلگەننى بىلمەيدىغان مۇز چىراي! — غەيرەتنىڭ ئاۋازى يەنە بىر دەمدىلا ئۆزگەردى.

ئامبۇردەك قوللار، يېقىمسىز لەۋلەر قىزغا قايتىدىن ھۇجۇم باشلىدى. بارلىق كۈچىنى يىغىپ ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىۋاتقان فەرۇزە ئۆزىنىڭ سەللا بوشىشىپ قېلىۋاتقانلىقىنى تەسەۋۋۇر

قىلسىلا ۋۇجۇدىغا قايتىدىن كۈچ ـ قۇۋۋەت يىغىلغاندەك بولاتتى.

ئۇ ئاخىر بولالمىدى، بېشىغا نەدىن كىر گەن ئاغرىقكىن، كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، ھەتتا بىر ئېغىز گەپ قىلىشقىمۇ بولالمىغۇدەك دەرىجىدە ھالسىزلىنىپ كەتتى. قىزنىڭ پوپايكىسى ئۈستىگە تۇرۇپ چىقىرىۋېتىلگەن، غەيرەت بولسا قوزىچاققا دۇم چۈشكەن يىرتقۇچتەك ئۇنىڭ بەدەنلىرىنى ئاچكۆزلۈك بىلەن ئالا قويماي سۆيۈپ يالايتتى. ئۇنىڭ قوللىرى قىزنىڭ بېلىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە ھۇجۇم باشلىدى...

فەرۇزە ئۇنىڭ چېچىدىن قاماللاپ تارتىپ، يۇلقۇندى:

ـــ ئەگەر ماڭا يەنە بۇنىڭدىن ئېچكىرىلەپ چېقىلىدىغان بولساڭ، بىلىپ قويغىن، بۇ بىر نەچچە سائەتلىك كېچىدىن كېيىن ئۆزۈڭنى ساقچىدا كۆرىسەن!

ـــ بەرىبىر ئۆزۈڭنىڭ چاۋىسى چىقىپ قالىدۇ، ـــ غەيرەت ئۇنىڭ گەپلىرىنى مازاق قىلغان تەلەپپۇزدا سۆزلەۋاتاتتى.

ـــ مەيلى، ئۆزۈم نېمە بولۇپ كەتسەممۇ سېنى بوش قويۇۋەتمەيمەن.

ـــ قېنى كۆرىمىز.

غەيرەت ئاۋۇالقىدىنمۇ بەتتەر غالجىرلاشقىلى تۇردى.

ـــ خۇدا ھەققى، سېنى بېقىپ چوڭ قىلغان ئاپاڭنىڭ، ھەدە ـ سىڭىللىرىڭنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بولسىمۇ مېنى قويۇۋەت، ماڭا قىلغان ئەڭ چوڭ ياخشىلىقىڭ بولۇپ قالسۇن! ـــ فەرۇزە ئامالسىز ئۇنىڭغا يالۋۇردى، بىراق ئۇ ئاڭلىمايتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئېڭىدىن ھەممە نەرسە بىر يولىلا چېقىپ كەتكەندەك قىلاتتى.

قىزنىڭ بەل تاسمىسى يېشىلىپ كەتتى...

ـــ توختاپ تۇر!

خۇدا مۇشۇنداق چاغلاردا ئادەمگە ئاخىرقى قېتىم يېڭىلمەس بىر كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلسا كېرەك. فەرۇزە ئۇنى قاتتىق بىر ئىتتىرىۋېتىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

ـــ ماڭا ھاراق قۇيۇپ بەر، مېنى مەست قىلىۋېتىپ نېمە قىلساڭ قىل، مەن رازى، ـــ دېدى ئۇ.

ـــ گېپىڭدە تۇرمىساڭچۇ؟ ـــ غەيرەتنىڭ ئاۋازىدىن ئاجايىپ بىر قېيىن مەسىلىگە ئامال تاپقان ئادەمنىڭ خۇشلۇقىدەك بىر مەنە چىقىپ تۇراتتى.

ـــ ماڭا ھاراق قۇيۇپ بەرسەڭلا بولىدى، قالغان ئىشلار ئۆزۈڭگە باغلىق، ساپ ـ ساق تۇرۇپ ئۇنداق ئىشلارنى قىلىشقا رايىم بارمايدىكەن، سەنمۇ ماڭا ئىچىشىپ بەرگىن، ـــ دېدى قىز.

غەيرەت ئىتتىك بېرىپ چىراغنى ياقتى. فەرۇزە ئېتىۋەتكەن يۇز سوملۇق، ئەللىك سوملۇق پۇللار يېرىمى كارىۋات ئۈستىدە، يېرىمى يەردە خۇددى كېرەكسىز قەغەزلەردەك تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۇلار يەنە قايتىدىن جوزىغا كېلىپ بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇردى.

ـــ شام بارمۇ؟ ـــ دېدى قىز.

ـــ نېمە قىلىسەن ؟

ـــ چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىپ شام يورۇقىدا ئولتۇرساق بەكمۇ رومانتىك بولاتتى.

غەيرەت تارتمىدىن يېرىملاپ قالغان بىر تال شامنى ئالدى ۋە چىراغنى ئۆچۈرۈۋەتتى. شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە فەرۇزەگە «رومانتىكلىق» ئەمەس، ئەكسىچە غۇۋا يورۇقلۇق كېرەك ئىدى.

جوزا ئۈستىدە غەيرەت ئىچىپ يېرىملاپ قالغان ئاق هاراق بىلەن فەرۇزەگە مەنسۇپ قىزىل هاراقمۇ شۇ پېتى تۇراتتى، ئۇ چاققانلىق بىلەن ئىشكاپتىن يەنە بىر بوتۇلكا قىزىل هاراق ئالدى ۋە:

ـــ سەن مۇنۇ ئاغزى ئېچىلمىغان بىر بوتۇلكىنى تۈگىتىسەن، مەن مۇنۇ ئاق بىلەن قىزىلنى ئىچىمەن، مەست بولغۇچە ئىچىمىز، ـــ دېدى قىزنىڭ ئالدىدىكى ئاغزى ئوچۇق قىزىل هاراقنى ئالدىغا تارتىپ.

ئۇلار ئىچىشكە باشلىدى. فەرۇزە دەسلەپكى بىر رومكىنى ئۇنىڭغا قارىتىپ تۇرۇپ كۆتۈرۈۋەتتى. يەنە ئارقىدىن قۇيۇلغان ئىككى رومكىنى «كۆڭۈل» ئۈچۈن ئۇنىڭغا تۇتتى. غەيرەت بوتۇلكىلارنى تېزرەك بوشىتىشنىڭ كويىدا هاراقنى سوغۇق سۇ ئىچكەن پەيتىدە ئىچىشكە باشلىدى. ئۇ پات ـ پات فەرۇزەنىڭ بوتۇلكىسىدىكى هاراققا قاراپ قوياتتى. فەرۇزە بولسا ناهايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئۇنىڭغا چاندۇرماي، رومكىدىكى هاراقلارنى ئالدىدىكى چىنىگە، يەرگە تۆكۈۋەردى...

ـــ ئەمدى ئۇخلايلى، ـــ دېدى ئۇ، ئەتراپقا تو ختىماي تۇكۇرۇپ، كۆزلىرى قىزىرىپ هالى قالمىغان ساهىبخانىغا.

غەيرەت مىيىقىدا بىر كۈلۈپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى ۋە:

ـــ سەن ئورۇن راسلا، مەن تالاغا چىقىپ كىرەي، ـــ دېدى.

كارىدوردا ئۇنىڭ ئاياغ تىۋىشى يوقالغاندا فەرۇزەمۇ ئۆيدىن چىقتى. ئۇ، پەلەمپەيلەردىن ئۇچۇپ چۈشتىمۇ، دوملاپ چۈشتىمۇ ئىشقىلىپ قويۇندەك تېزلىك بىلەن قار لەپىلدەپ چۈشۈۋاتقان تۇمانلىق كېچە قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى.

## 10

چوڭ يولغا چىقىشىغىلا تەلىيىگە بىر تاكسى ئۇچرىدى. ئۇ، ماشىنىغا چىقىپلا شوپۇردىن تېز هەيدەشنى ئۆتۈندى.

ـــ نەگە ئاپىرىمەن ؟ ـــ سورىدى شوپۇر ماشىنىنى هەيدەپ كېتىۋېتىپ.

ئۇنىڭ خىيالىغا شۇ تاپتا ئۆمەردىن بۆلەك هېچكىم كىرمەيتتى.

ـــ شەهەرلىك دارىلمۇئەللىمىنگە هەيدەڭ، ـــ دېدى ئۇ.

ماشىنا ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى. شۇ چاغدا سائەت ئىككىدىن ئاشقانىدى.

ئۇ كاللىسى گويا پىكىر قىلىشتىن توختىغاندەك، ئۇخلىغانغىمۇ ئوخشىمايدىغان، ئۆيـ

غالقىمۇ ئوخشمايدىغان بىر خىل ھالەتتە ماشىنا ئەينىكىدىن تېز ـ تېز ئالمشىپ ئۆتۈۋاتقان كېچىنىڭ سوغ مەنزىرىسىگە قاراپ ئولتۇراتتى. شۇ تاپتا بۇ قىزنى كىممۇ ئويلاۋاتقاندۇ؟ كىممۇ ئۇنى چۈشىدە كۆرۈۋاتقاندۇ ياكى ھەممىسى ئۇنى ئۇنتۇپ كەتتىمكىن؟

ئۇ شۇنداق ئويلايتتى: مۇنۇ سۆيۈملۈك ماشىنىنىڭ رىتىمى بىلەن تەڭ ئارقامدا قالغان زۇلمەتلىك كۆرۈنۈشلەرنى، ئاشۇ پەسكەشلىكلەرنى بىر يولىلا ئۇنتۇپ كەتسەم...

— خېنىم، يېتىپ كەلدۇق.

ئۇ شوپۇرنىڭ مۇلايىم ئاۋازىدىن ئېسىگە كەلدى. ئۇنىڭ سومكا ئاختۇرۇۋاتقان قوللىرى تىترەپ كەتتى. ئاپلا، پۇل! ئۇ يېنىغا پۇل سېلىۋېلىشنى ئۇنتۇپ قالغانىدى. ھەي ئەستا، ئەمدى نېمە كۈنلەرنى كۆرەرمەن؟ ماۋۇ دۆتلۈكۈمنى! ئۇ ئەندىشە قىلاتتى ھەم ئۈمىد بىلەن ئاختۇراتتى. تاپتى! تېلېفون نومۇرى خاتىرىسىنىڭ ئارقىسىدىن چىققان پۇل ئۇنىڭ كۆزلىرىنى چاقنىتىۋەتتى. قاچانلاردا بۇ يەرگە كىرىپ قالغان پۇلكىنە؟ ئەمما ساناپ كۆرۈپتىدى، ئارانلا سەككىز سوم ئوتتۇز تىيىن چىقتى. ئاز دېگەندە ئون بەش سوم ئالىدىغان يولغۇ بۇ! ئەمدى قانداق قىلارمەن، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارا كۆلچەك تىقىلىپ كېتىۋاتاتتى.

— خاپا بولماڭ، ئۇستام، مۇنۇ پۇلنى ئېلىڭ، سىزنى ھەرگىز ئالداپ قويمايمەن. ماشىنىڭىزنىڭ نومۇرىنى خاتىرىلىۋېلىپ ئەتە سىزنى ئىزدەپ تاپىمەن، كەم قالغىنىنى ئەتە...

ئۇ ئۆزىنى ھەرقانچە تۇتۇۋالسىمۇ، كۆز ياشلىرىنى توسۇپ قالالمىدى. بىچارە قىز نېمە كۈنلەرنى كۆرمىدى بۇ گۇن؟

— ھېچقىسى يوق، بۇنداق ئىشلار دېگەن بولۇپ تۇرىدۇ، يىغلىماڭ قىز چاق، ئەتە مېنى ئىزدەپمۇ ئاۋارە بولماڭ.

— سىزگە كۆپ رەھمەت ئۇستام!

شوپۇر ماشىنىنى ھەيدەپ كېتىپ قالدى. فەرۇزە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىر دەم قاراپ تۇرۇپ، تۇمانلار ئارىسىدا قارىيىپ كۆرۈنۈپ تۇرغان تونۇش بىناغا قاراپ ماڭدى.

ئۇ ئۆمەرنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئىشىكنى چېكىشكە جۈرئەت قىلالماي تۇرۇپ قالدى. ئاھ، سارالغۇمەن، دەيتتى ئۆز ـ ئۆزىگە، نېمە بولدۇم بۇ گۇن؟ ئەقلىم نەگە كەتتى؟ ئايالى، ئاشۇ تەكەببۇر ئايال چىقىپ قوغلىۋەتسە، قانداق قىلىمەن؟ ھېلىراقتا شۇنى ئويلىيالىغان بولسامچۇ ئىست...

ئۇ، ئويلاپ ـ ئويلاپ ئاخىرى بۇ يەردىن كەتمەكچى بولدى. لېكىن نەگە بارىدۇ. ئەمدى كىراغا بېرىدىغان سەككىز تىيىنمۇ بولمىسا، كېچىدە پىيادە مېڭىپ يۈرسۇنمۇ؟ ھېلىھەم مۇزلاپ قېتىپ قالاي دېدى.

نېمىلا بولمىسۇن چېكىپ باقاي، دېدى ئۇ ئىچىدە، ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئۇنداق رەھىمسىز ئەمەستۇ؟

ئۇ ئىشىكنى چېكىپ قويۇپ، دەرھال ئارقىسىغا داجىدى.

— كىم؟

ئۆي ئىچىدىن ئۆمەرنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— بۇ مەن، فەرۇزە، — ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى.

ئۆي ئىچىدىن تېز ـ تېز شىپىرلاپ ماڭغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ، ئارقىدىنلا ئىشىك ئېچىلدى.

— فەرۇزە ؟! — ئۆمەرنىڭ كۆزلىرى ھەيرانلىق ئىلكىدە چەكچىيىپ كەتتى، — يۈرۈڭ ئۆيگە، يۈرۈڭ.

ئۇ فەرۇزەنى مېھمانخانىغا باشلاپ كىردى. ئۇ فەرۇزەنىڭ ئالدىدا ئۇخلاش كىيىمى بىلەنلا تۇرغىنىنىغا بىر ئاز خىجىل بولغاندەك قىلسىمۇ، ئەمما ھازىرقى ئەھۋالدا ئۆزىنىڭ ھالىتىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكەندەك ئىدى. فەرۇزەدىن قانداقتۇر بىر سوئاللارنى سورىماقچى بولاتتىيۇ سورىيالمايتتى. ئۇ شۇ تاپتا ھاياجاندىن تىنالمىغۇدەك ھالدا بولۇپ، كۆڭلىدە خىيال قىلىۋېرىپ ئۆزىگە ئاجايىپ تونۇش بولۇپ كەتكەن چىرايلىق كۆزلەرگە يېنىش ـ يېنىشلاپ قاراپ كەتتى. بىر تۇرۇپ ئالدىدىكى بۇ رېئاللىقنى چۈشمۇمكىن، دەپ قالاتتى.

ئۇلار بىر ھازاغىچە بىر ـ بىرىگە سۆزسىز قارىشىپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن ئۆمەر ئېغىز ئاچتى:

— مۇبارەك قەدەملىرىڭىزنى ئالقىشلايمەن، فەرۇزە لېكىن نېمە ئىش بولدى يىغلاپسىز غۇ ؟

— يالاڭ كەتكە يولۇقتۇم، كېچىدە سىزنى ئاۋارە قىلماي باشقا يەرگە كەتسەممۇ بولاتتى، بىراق...

— بۇ يەرگە كەلگىنىڭىز تولىمۇ ياخشى بوپتۇ. مەن بەك خۇش بولدۇم، — ئۇ ئاشۇنداق دېدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ، — مەن سىزگە ئىسسىقنا چاي دەملەي، ئاندىن پاراڭلىشايلى، — دەپ ئاشخانا ئۆيگە ماڭدى.

— توختاپ تۇرۇڭ، — دېدى فەرۇزە، — ئايالىڭىز ئۇخلاۋاتامدۇ ؟

— ئۇ ئۆيدە يوق.

فەرۇزە بىراقلا يېنىكلەپ قالغاندەك بولدى. لېكىن بەدەنلىرى، ئېپلاس قول ۋە لەۋلەر بۇلغانغان جىسمى ئۆزىنىڭ ئەمەستەك، ئۆزىنى بىر خىل قولايسىز ۋە ئېغىر، خۇددى پاسكىنا بىر نەرسە چاپلىشىۋالغاندەك ھېس قىلىپ، بىئارام بولۇپ كېتىۋاتاتتى.

فەرۇزە ئۇنىڭ قۇتىدەك چىرايلىق، پاكىز مۇنچىسىدا راھەتلىنىپ يۇيۇندى. بۇ گۈنگە تەۋە بارلىق كۆڭۈلسىزلىكلەر سۇ بىلەن تەڭ ئېقىپ يەر ئاستىغا كىرىپ كەتكەندەك كۆڭلى كۆ ـ تۈرۈلۈپ قالدى.

— ياھ، ياھ چاقناپ كېتىپسىز، — دېدى ئۆمەر فەرۇزەنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك، ئۇنىڭغا زوق بىلەن قاراپ.

— شۇنداقمۇ ؟ رەھمەت سىزگە.

فەرۇزە ئۆزىنى بارغانسېرى ئەركىن ھېس قىلىپ، ئۆي ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئۆيىدە تۇرغاندەك بىمالال ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى. لېكىن ئۇنىڭ خائىن كۆزلىرى پات ـ پاتلا ئەينەك كىلىك

ئىشكاپتا ئالەمچە بەختنى كۆزلىرىدە ئىپادىلەپ تۇرغان بىر جۈپ ئەر ـ ئايالنىڭ سۈرىتىگە ئوغرىلىقچە قارايتتى، راست، ئۇ كۆزلىرىنى باشقۇرالمايلا قالدى. نېمىدېگەن گۈزەل ئايال ـ هە ؟! لېكىن...

ـــ قانداق ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدىڭىز ؟ كۆرۈپ بېقىشىمغا رۇخسەتمۇ ؟ ـــ دېدى ئۇ سۈرەتتىن كۆزىنى يۆتكەپ.

دىۋاندا چوڭقۇر خىياللار بىلەن بىر نۇقتىغا تىكىلىپ ئولتۇرۇپ كەتكەن ئۆمەر بېشىنى كۆتۈردى.

ـــ مەندىن سوراۋاتامسىز ؟ كېلىڭ پاراڭلىشايلى.

ئۇلار ئىككىسى ئىككى ياقتىكى سافادا ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ئولتۇراتتى. ئۆمەرنىڭ سوئال تۆكۈلۈپ تۇرغان ئويچان، سېھىرلىك كۆزلىرى قىزغا تىكىلىپ تۇراتتى. قىز شۇ تاپتا ئۆزىنى ئەڭ بەختلىك ھېس قىلىۋاتقىنىغا قارىماستىن، بۇ يەردىن قېچىپ كەتكۈسى كېلەتتى.

ـــ قېنى سۆزلەڭ، فەرۇزە.

ـــ ئاۋۋال سىز سۆزلەڭ.

ـــ ياق، ئاۋۋال سىزنىڭكىنى ئاڭلىغۇم بار.

فەرۇزە سۆزلىرىنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمەستىن ئولتۇرۇپ كەتتى. شۇنداق، ئۇ ئاۋۋال سۆزلىشى كېرەك، ئۇ سۆزلەشكە، ئالدىدىكى كىشى بىلەن قېنىپ ـ قېنىپ سىر دىششىغا ئۆزاقتىن بېرى تەشنا ئىدىغۇ ؟

ئۇ يېقىنقى كۈنلەردىكى تۇرمۇشىنى ۋە بۇ گۈنكى سەر گۈزەشتلىرىنى تەپسىلىي سۆزلىدى. ئۆمەرنىڭ كۆزلىرى بولسا، تەئەججۈپ ئىلكىدە قېتىپ قالغانىدى.

ئۇلار بىر ـ بىرىگە ئۈنسىز قارىشىپ خېلى ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۆمەرنىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان نۇر فەرۇزەنىڭ بەدىنىگە، تومۇر ـ تومۇرلىرىغا تاراپ كىرگەندەك، تىنىقلىرى ئاستا ـ ئاستا لەيلەپ كېلىپ ئۆزىنى پەپىلەۋاتقاندەك، پۈتۈن جىسمى ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك ئىدى...

ئۆمەر ئۈنىڭدىن كۆزىنى يۆتكىمەي تۇرۇپ تاتلىققىنا كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسىدە قىزغا بولغان مەمنۇنلۇق، پەخىرلىنىش ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. قىزمۇ ئىختىيارسىز تەبەسسۇم قىلدى. ئۇلارنىڭ كۈلكىلىرىمۇ ئۇرتاقلىشىپ كەتتى...

ـــ مەن هازىر ئائىلە غېمىدە، فەرۇزە، ـــ دېدى ئۇ كۆزلىرىنى قىزدىن قاچۇرۇپ، ـــ ئىجادىيەتلىرىم توختاپ قالدى. ئىلگىرى تېخى پۈتمىگەن بىر قانچە پارچە رەسىم مېنى كۈتۈپ تۇرىدۇ.

فەرۇزە ئۈنىڭغا سوئال نەزەرىدە تىكىلدى. ئۇ ئۆمەرنىڭ هەر قانداق ئەھۋال ئاستىدىمۇ ئىجادىيىتىنى توختىتىپ قويۇشىنى خالىمايتتى.

ـــ سىز بىلمەيسىز، ئايالىم بىلەن يىرىكلىشىپ كەتكىلى بىر يىلدىن ئاشتى. بىز بۇرۇن ناهايىتى ياخشى ئۆتەتتۇق. ئۇ ئەدەبىياتچى بولغاچقا، بىر نەرسىلەرگە قىزىقىشى كۈچلۈك،

ھېسسىياتچان ئايال ئىدى. ئۇمۇ بىر سەنئەتكار بولغاندىكىن مېنى ياخشى چۈشىنىدۇ، دەپ
ئويلايتتىم ھەم پۈتۈن تۇرمۇشۇمدىن خاتىرجەم ئىدىم. بەزى كۈنلىرى كېچىلەپ ئىشلەپ كې-
تىمەن، سىرتقا چىقىپ رەسىم سىزغان كۈنلەردە كۆپ ھاللاردا كەچ قايتىپ قالىمەن، بۇرۇنلاردا
ئۇ بۇ ئىشلىرىم بىلەن ئانچە ھېسابلىشىپ كەتمەيتتى. لېكىن بارا ـ بارا ئۇنىڭ ماڭا بولغان تەلىپى
يۇقىرىلاپ كەتتى. ئۇنىڭچە بولسا، ھەممە ۋاقتىمنى ئۇنىڭغا، ئائىلە ئىشلىرىغا بېغىشلىيالىسام مەن
ياخشى ئادەم بولىدىكەنمەن دەرۋەقە ئۇنىڭ بەزى پىكىرلىرى ئورۇنلۇق، ئائىلە قۇرغان ئىكەنمىز،
خىزمەت بىلەن بىللە ئائىلە ئىشلىرىنى چوقۇم ياخشى بىر تەرەپ قىلىشىمىز كېرەك. شۇنى كۆزدە
تۇتۇپ ئائىلىدە مەن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ھەر گىز ئارقىغا سۈرمەي دەل ۋاقتىدا قىلدىم،
كەسپىكىمۇ ئىلگىرىكىدەك مۇئامىلە قىلىۋەردىم. بىراق كېيىن... ئۇ بىر دەم توختىۋېلىپ يەنە
سۆزلىدى، — كېيىن ئۇنىڭ بەزىبىر ئىشلىرىنى سېزىپ قالدىم. بىلەمسىز كىن، ئەرلەر ئاياللىنىڭ
ھەرقانداق ئېغىر چىلىقلىرىنى، قات ـ قات تەلەپلىرىنى كۆتۈرۈشكە رازىكى، ئۇنداق نومۇسسىز
ئىشلىرىنى كەچۈرەلمەيدۇ. مەن ئۇنى كەچۈرمەيمەن، ئۆزۈمچە بولسا، ئۇنىڭ چىرايىغىمۇ قارى-
غۇم يوق. بىر يىلدىن ئېشىپتۇ. بىز بىر ئۆيدە تۇرغان بىلەن ئەر ـ ئاياللىق مۇناسىۋىتىمىز
ئۈزۈلگەندەك، مەن پەقەت ئوغلۇم ئەلشىرنىلا ئويلاپ مۇشۇ كۈنگە كەلدىم...

فەرۇزە نېمە دېيىشنى بىلمەستىن ئولتۇرۇپ كەتتى. راست نېمە دېيىشى مۇمكىن؟ تە-
سەللى بەرسۇنمۇ، نېمە دەپ؟ لېكىن ئۇ ئايالنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. تەسەللى بەرسە ئۇنى
ئالدىغان بولمامدۇ؟

— ئۆمۈر دېگەن تولىمۇ چەكلىك ئۆمەر ئاكا، ئادەم، يەنە كېلىپ سىزدەك تالانت ئىگە-
لىرى ۋاقتىنى ئەرزىمەس ئىشلارنىڭ قۇربانى قىلىۋەتمەسلىكى كېرەك. ئۆزىڭىز خالىمىغان
نەرسىلەرگە بىھۇدە زورۇقۇپ ياشىماڭ، ئىشىنىمەنكى...

ئۇنىڭ نومۇسسىز ئايالغا بولغان ئۆچمەنلىكى، ئۆمەرنىڭ ھەسرەتلىرىگە ئېچىنىشى
ھەممىنى بېسىپ چۈشكەنىدى. ئۇ ئىچى ـ قارنى بوشىغىچىلىك سۆزلىمەكچى ئىدى. بىراق
گېپىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرالمىدى. كۈچلۈك بىلەكلەر ئۇنى مەھكەم قۇچاقلاپ، سۆزلىرى-
نىڭ ئاخىرىنى ئوتلۇق نەپەسلەر ئۆز ئارىسىغا ئالدى...

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

مۇساجان يۇنۇس

# سەپەر ئۇزاق، يوللار گىرەسەن

## تۇغدۇڭ ئانا پەقەت جىسمىمنى

تۇغدۇڭ ئانا پەقەت جىسمىمنى،
تۇغالمىدىڭ روھىمنى بىراق.
چاقىر ماققا قويدۇڭ ئىسمىمنى،
ھىدلىرىمدە بەزلىدىڭ دىماغ.

ياتلىق قىلدىڭ مېنى ھاياتقا،
بۈيۈك روھقا بولدۇم ھامىلدار.
شۇندىن كېيىن چۈشتۈم پاراتقا،
باستى نەچچە ئۈستۈمنىمۇ قار.

بەردى ساۋات يىغلاپ - كۈلۈشتىن،
بوران، يامغۇر، قۇياش ھەممە ئاي.
پەردازلاندى ئېگەك كۈمۈشتىن،
چېكەم بولدى قورۇقلارغا باي.

تۇغدۇڭ ئانا پەقەت جىسمىمنى،
تۇغالمىدىڭ روھىمنى ئەمما.
تېپىپ يېرىم چاغلىق رىزقىمنى،
ئەۋلادىمغا قالدى بۇ دۇنيا.

## چاچقۇ چاچتى يۇلتۇز تېگىمغا

يۈرەكتىكى تەلۋە قاداقلار
مىسكىن ئىنجىق سۆگۈتتى ماڭا.
ۋىجدانىمغۇ چۈشتى ياماقلار،
دەزمال سالدى كەچمىشىم ئاڭا.

زىلال قەلبىم ئىچتى ئەبجەش مەي،
غۇرۇرۇمغا جىلمايدى ھايات.
مەسۇم سەزگۈم بوپ قالدى ئۆگەي
نەۋباھاردا تاپالماي سۇبات.

نىسى كۈنلەر سېلىشىپ چۇقان،
كەلدى مەغرۇر كۆتۈرۈپ بايراق.
تىترەك ماڭا تاشلاندى شۇئان.
قامىتىمدىن تۆكۈلدى ياپراق.

ئەڭ ئاداققى گۇگۇم بويىنىغا
خەنجەر ئۇردى غەزەپلىك كۆڭلۈم.
مەن ئىنتىلدىم شەپەق قوينىغا،
ئۇپۇق تامان سوزۇلدى قولۇم.

كۆچۈپ كىردى شۇ دەم ئېگىمغا
شادئەر كىلەپ بىر سەبىي دۇنيا.
چاچقۇ چاچتى يۇلتۇز تېگىمغا،
سۆيدى مېنى يۇمران شوخ سابا.

زىمىستاندا توڭلىغان ئارمان
ۋىلىق - ۋىلىق كۈلدى كېلىپ ياز.
بەردى ۋۇجۇد - روھىمغا دەرمان
گۈزەل دۇنيا ئەيلەپ جىلۋە - ناز.

## مەست بولغاچ كۆزۈم

كۆرۈنەر گۈزەللەر بەد - بەشرە سەت،
كۆرۈنەر ئاپئاق قار بولۇپ قاپقارا.
كۆرۈنەر ئورۇقلار قاۋۇل، سېمىز ئەت،
كۆرۈنەر ساق تەندىن يىرىڭلىق يارا.

كۆرۈنەر دۇرۇسلار توكۇر ـ مايماقتەك،
كۆرۈنەر ئاقساقلار سەرۋىدەك گويا.
كۆرۈنەر نىجاسەت خۇددى قايماقتەك،
كۆرۈنەر گۈل بولۇپ سېسىق شۇم بۇيا.

كۆرۈنەر داغدام يول ئەگرى ئېگىز ـ پەس،
كۆرۈنەر تار كوچا شۇنچە كەڭتاشا.

كۆرۈنەر بوتا كۆز بولۇپ كور ـ ئەلەس،
كۆرۈنەر بۇر كۈتنەك چىۋىن ھەم پاشا.

كۆرۈنەر مەست كۆزگە قۇياشمۇ نۇرسىز،
كۆرۈنەر نەس كۆزگە شۇڭقارلار قاغا.
كۆرۈنەر جاھاننىڭ ئىشلىرى قۇرسىز،
كۆرۈنەر پەس كۆزگە جىنلار دىلرەبا.

**ئابدۇلئەھەت داۋۇت ( شەھلائى )**

# ئىككى شېئىر

## ياز شەپىسى

ئېرىقتىكى مۇز چىراي سۇلار
بولۇپ قاپتۇ كۆلگۈنچەك بۇ گۈن.
قايتىشىپتۇ قۇشلار جەنۇبتىن،
يېشىندىمۇ قەلبىدە تۇ گۈن ؟!

شاخلاردىكى ئۇياتچان بىخمۇ
كىيىۋاپتۇ يېشىل شىلەپە.
تاقاپتۇ ھەم ئۇستىگە كۈنلۈك
تۇنۇ گۈنكى بەك سوغۇق مەيە.

قايىسمىزنىڭ ئۈمىدى ئىدى
ئاۋۇ شاختا چېچەك ئاچقىنى ؟!
ئېسىڭدىمۇ تەلۋە بوراننىڭ
بۇلتۇر ئۇنى تۆكۈپ قاچقىنى ؟

جىمغۇرلۇقنى يوقاتتىڭ قايان،
تېپىۋاپسەن كۈلكەڭنى بۇ گۈن ؟
تەييار بولسۇن يازلىق كىيىمىڭ،
ئۇ كېلىدۇ ئەتە يا ئۆگۈن...

## ئارمان

تۇرسەن ھەيۋەتلىك قوشۇندەك گويا
يېشىللىق قورغىنى، پاسىبان ئورمان.
گىگانت چوققىدەك تۇتۇپ قەددىڭنى،
قىلسەن قۇم ـ بوران قەستىنى گۇمران.

تۇرسەن ھەيۋەتلىك قوشۇندەك گويا،
ئەي يېشىل ئىستىھكام، پاسىبان ئورمان.
خارابە تۇسىنى ئالار جەننەتمۇ
گەر سېنىڭ سۇباتىڭ يوقالسا قاچان.

تۇرسەن ھەيۋەتلىك قوشۇندەك گويا،
يېشىللىق قورغىنى، پاسىبان ئورمان.
قول تۇتۇپ ئۆزئارا تىرىشىپ مۇرە،
ھەمكارلىق، بىرلىكتىن سەن ئوقۇپ داستان.

تۇرسەن ھەيۋەتلىك قوشۇندەك گويا،
ئەي يېشىل ئىستىھكام، پاسىبان ئورمان
چاقىندى ئەختەردەك قەلبىم كۆكىدە
سەن كەبى ياشىساق دېگەن بىر ئارمان.

بارىجان زەپەر

## قىرغاقتىكى سۆيگۈ

بىرى ئاي، بىرى كۈن بىر جۈپ قىز ـ يىگىت
دەريانىڭ بويىدا تۇرۇشتى ئۇزاق.
تەقدىرنىڭ قەلىمى شۇنچە كارامەت،
ئوت ياكى قۇياشمۇ لالىزار قىرغاق ؟

مەپتۇن بوپ ئۇلارغا ئۇزاقتىن ئەجەب،
كېپىنەكلەر يول ئالدى بۇ قىرغاق تامان.
مەستخۇش شلۇق ئېلكىدە بەختلىك جۈپلەر،
يۈرىكى دۈپۈلدەر، قېنى سەل ـ قىيان.

ئاتا قىپ كۆزىدە ئوتلۇق جىلمىيىش
تۇردى يىگىت ـ قىز يانمۇ يان بىللە.
سۆيۈنگەن ئىككىسى، كىرىشكەن پەنجە،
بەنت بولغان رومانتىك دۇنيا ئىچىگە.

خاتىرە يازدى سۆيگۈ كاتىپى
داستانغا تولدۇرۇپ ھاۋا، جاھاننى.
پايانسىز قىرغاقتا پارلىغان سۆيگۈ
كەڭلىك ئىچىدىن ھەيدەر مانانى...

مەھەممەتئىبرېھىم تۇرسۇن

## ئاي كېچىسى

تۈن قوينىغا تاشلاپ گويا ئاق يىپەك،
جانان كەبى كۈلەر كۆكتە تولۇن ئاي.
كۆرۈندۇ ياپراقلارمۇ ئاق چېچەك،
گۈل پۈرايدۇ ئايىغىمدا نەمخۇش لاي.
مەن قارايمەن كۆككە ئايغا ھېرىستەك،
تەپەككۇرلەر ئالەمگە بولۇپ باي.

قىرغاقلارنى بويلاپ ماڭدىم مەن شۇئان،
كۈمۈش كەبى ياتىرايدۇ ئاق ئۆستەڭ.
دولقۇنلىرى ئۆزگەن بىلىق شادىمان،
شاۋقۇنلىرى كۈي ـ لىرىكا قويساڭ زەن.
مەجنۇنتاللار سىكىلەكتەك ياراشقان،
ئېقىم بىلەن سۆيۈشكەندۇر بىر كۆرسەڭ.

ئىككى ياندا كۆك مايسىلار تاۋلىنار
شوخ شاماللار ئەركىلىتىپ قوينىنى.
كۈمۈش تەڭگە كەبى ياپراق پىلدىرلار،
سۇۋادانلار سوزغان كۆككە بويىنىنى.
يىراقلاردا ئاق چاچ تاغلار پارقىرار
قىلىپ قويغان كەبى خۇشال تويىنى.

سۇ بوياقتەك كۆرۈندۇ كەڭ ئورمان،
ياتقان كەبى قاپتاللارغا باش قويۇپ.
تۇتاش كەتكەن مەنزىرە بوك باغ ـ ۋاران،
ئۇ خىلغاندەك كۆرۈندۇ پۈت سوزۇپ.
يامبۇلارنى تىزغان كەبى ئۆي ـ ماكان،
بىر چىرايلىق كۆرۈندۇ نۇرلىنىپ.

ياش كۆڭلۈمنى غىدىقلايدۇ ئوي ـ خىيال،
يارىم بولسا خۇش قولتۇقلاپ ماڭسام دەپ.
قوغلىشىپ ھەم ئەشمە قۇمدا بىمالال،
ساھىللاردا ئايغا قاراپ ماڭسام دەپ،

كەلمە كچىدەك كېپىنەكتەك ئاي جامال،
چىمەن ئارا يۈر دۈم يايراپ چۆر گىلەپ.

كېچە تىمتاس، ئۇخلىماقتا تەبىئەت،
ئۇخلىماقتا جان - جانىۋار ۋە ئادەم.

كۈچ پۈتىدۇ ئەتە ئۈچۈن بۇ راھەت،
ھاياتلىقنى ياشارتىدۇ ھەم شەبنەم.
ئاي كېچىسى بولدى گويا بىر جەننەت،
يازدىم قەلبىم ئىلھامىدىن كۈي شۇ دەم.

**تۇرغۇن ئوبۇلقاسىم**

## رۇبائىيلار

مېۋىلىك دەرەخكە دۈچ كېلىپ قالساڭ،
پەخەس بول بېشىڭنى يەرگە ئېگىپ ماڭ.
چۈنكى ئۇ دەرەخمۇ يەرگە ئېگىلگەن،
قاپىقىڭ يېرىلار ئېگىلمەي ماڭساڭ.

* *

بىر سۆزۈڭ قوزغىسا دىللاردا ھەۋەس،
بىر سۆزۈڭ قىلغۇسى سېنى ئۇسال - پەس.
ھەر بىر سۆز ئۈستىدە كېڭەشكىن ئاي - يىل،
ئېغىزدىن چىققاننى يىغىپ ئالماق تەس.

* *

مۇھەببەتلىك گويا كى خىسلەتلىك قەسىر،
ئۇنىڭدا ھەر بايلىق، ئۇنىڭدا ھەر سىر.
ھېسسىيات بولسا گەر يورۇتقۇچ چىراغ،
ۋىجداندۇر ئۇنىڭغا تۈۋرۈك بىردىنبىر.

* *

كۆڭۈل ئۇ چېكى يوق ئاجايىپ دۇنيا،
كۆڭۈلنى ئۇلۇغ بىل، جان بىلەن ئايا.
بىر كۆڭۈل خۇش قىلساڭ جاھان شادلىنار،
بىر كۆڭۈل يىغلاتساڭ يەر يىغلار گويا.

* *

ۋەدە قىل كىشىگە ئويلىنىپ ھەر ۋاق،
ئۆزۈڭنى ۋەدىدىن ئاۋۋال دەڭسەپ باق.
چاغلىما ۋەدىنىڭ ۋەزنىنى يەڭگىل،
ئاغزىڭدىن بوينۇڭغا سالمىغىن سىرتماق.

* *

تىكەندىن قورققانغا گۈلدىن يوق پۇراق،
جاپادىن قاچقانغا راھەت بەك يىراق.
ئالدىدا ماڭغاننىڭ قانايدۇ بۇرنى،
ئارقىدا قالغانغا تېگىدۇ تاياق.

* *

يول يۈرسەڭ يىراقنى كۆر، بولما قارام،
يىراقنى كۆرەرنىڭ يولى كەڭ - داغدام؛
يېقىلىپ چۈشەرسەن تۈپتۈز يولدىمۇ،
مۇھىمدۇر يېقىننى كۆرۈشمۇ تامام.

* *

ئۆزگىنىڭ ئەيىبىنى كۆرەر كۆزىمىز،
غەيۋەتتىن تولىمەس ئۆسەك سۆزىمىز.
ئەللەتنى ئىزدىدۇق ئۆزگىلەردىن كۆپ،
ئويلايلى، قانچىلىك ئىنسان ئۆزىمىز ؟!

* *

گۈزەللىم، بىر سىرلىق دۇنياسەن ئۆزۈڭ،
بىر كۈلسەڭ جاھاننى يورۇتار كۆزۈڭ.
چېچىڭنى كەڭ يايساڭ بولىدۇ كېچە،
مەيلىمنى تارتىدۇ تولۇنئاي يۈزۈڭ.

* *

ئاز سۆزلە، سۆزۈڭنىڭ بولسۇن مېغىزى،
جىق سۆزدىن بەتتامدۇر ئادەم ئېغىزى.
ئاغزىڭدىن چاچمىغىن تىكەن ئۇرۇقى،
تولسۇن ئۈز گۈللەرگە سۆھبەت ئېتىزى.

* *

ئۆزۈڭگە ئارتۇقچە ئىشەنمە ئادەم
توققۇزۇم تەل دېمە، مۇھىم نەرسەڭ كەم.
ئۆزىڭگە ئامال يوق ئۆلگەنغۇ لوقمان،
دېمەككى كەم نەرسەڭ ئۆزگىلەردە جەم.

* *

ئۆزگىنى سۆيمەن دەپ ئاتقۇچە قاش،
ئۆزۈڭنى سۆيۈشنى ئۆگەنگىن، ئاداش.
شۇندىلا ئۆزگىلەر سۆيىدۇ سېنى،
بەك يەڭگىل يۈرەككە قويۇش لازىم تاش.

* *

تۆمۈرچى پېچاقنى سوقتى سەل ئەگرى،
ھەم مايماق تىكىلدى غىلاپى سوگرى.
دۇنيانىڭ ئىشلىرى تەگشىلەر شۇنداق،
ماسلىشار تارغا تار، كەگرىگە كەگرى.

* *

كۈندۈزگە بىر كېچە بولغاندەك يانداش،
ھەققەت كەينىدە بىر ساختا ھاپاش.
ئالدانما يۈزگە سۈرتكەن بوياققا،
بولمىسا ساختىغا بولسەن قاياش.

* *

كۆز كۆرمەس، دىل كۆرەر دەيدىغان گەپ بار،
كۆز بولۇپ، گەر ساپ دىل بولمىسا بىكار.
بەزەن ساق ئادەمدىن ياخشىدۇر ئەما،
مايماق دىل ئادەمگە بولمىغىن دوست - يار.

* *

ئۆزگىنى كۆرەركەن ئىنساننىڭ كۆزى،
ۋەلېكىن كۆرمەيدۇ ئۆزىنى ئۆزى.
ئۆزىنى بىلەلمەس ئەينەك كۆرمىسە،
كۆزىنى توسقاچقا ئېگىز - پەس يۈزى.

* *

قاتتىقلىق ياخشىمۇ، يۇمشاقلىقمۇ - يا؟
پولات بەك قاتتىق، بىل چۈرۈكتۇر ئەمما.
يۇمشاق قۇرت يەپ كېتەر قاتتىق ياغاچنى،
ئويلىغىن، قايسىسى باب كېلەر ساڭا؟؟

* *

كۆزۈمگە تۇتىيا يۇرتۇم توپىسى،
نەدە بار ئۇنىڭدەك جانان ئۆپىسى؟!
تېنىممۇ شۇ قۇمساز توپىغا رەگدار،
پاك سۆيگۈ ساقلايدۇ كۆڭلۈم قۇتىسى.

**تۇرسۇنجان ھاشىمى**

## ئىزگۈ ھېسلار

### باللىقنى قويدۇم يىتتۇرۇپ

باللىقىم ئۆتتى خىرامان
داللارغا كۈلكە بېغىشلاپ.
كۈلكىلەردىن رۇسلاندى قەددىم،
ۋۇجۇدۇمنى كۈلكە غىدىقلاپ.

خىياللاردىن مۇستەسنا ئىدىم،
قەلبىم گويا پاكلىق دەرياسى.
شارقىرايتتى كۆزۈمدىمۇ ھەم
سەبىيلىكنىڭ ئالتۇن جۇلاسى.

«چوڭ بولسەن، سەن تېخى كىچىك»
دېسە دادام كۈلۈپ كېتەتتىم.
ئاق سانجىغان ساقاللىرىغا
قاراپ ئۇيغا تولۇپ كېتەتتىم.

كۆلچىكىمگە ئاتتى كىم چالما،
تەۋرەپ كەتتى قەلبىمدە قەمەر.
بالىلىقنى قويدۇم يىتتۇرۇپ
جۆيلۈپ قويقان ئاشۇ بىر سەھەر.

سەبىيلىكنى قويدۇم يىتتۇرۇپ،
كۈمۈش كەبى كۈلكىلەرنى ھەم.
كىرىپ كەلدى قەلبىم تۆرىگە
كۆزلىرىنى ئۇينىتىپ سەنەم.

كۈلكىلەرنى ئۆگەتكەن ھايات
كۆز ياشىنمۇ ئۆگەتتى ماڭا.
بالا ئىدىم تۈنۈگۈن تېخى،
بۈگۈن بولۇپ قاپتىمەن دادا.

## سەن سەھرانىڭ ئاددىي بىر گۈلى

ھۆسنۈڭدە يوق ئانچە گۈزەل لاتاپەت،
يىراقسەن مەن كۈتكەن خۇلق ۋە نازدىن.
جىسمىڭدىن تېپىلماس ئۆز گىچە بىر ھىد،
خالىي سەن ئوسمىدىن ئۆزگە پەردازدىن.

ۋە لېكىن چىرايلىق ساددا كۆزلىرىڭ
ئويغىتار كۆڭلۈمدە بىر تاتلىق ھەۋەس.
سەبىيلىك يىتمىگەن قىلىقلىرىڭدا
پاكلانغان دۇنيانىڭ جىلۋىسى پەۋەس.

تېلىقىپ ـ تېلىقىپ كۈلۈشلىرىڭدە
ئويغىنار يېڭى تاڭ ۋە يېڭى باھار.
ئەيمىنىپ، يېتىر قار قاراشلىرىڭدىن،
سەن گويا شاختىكى مەي بولغان ئانار.

## ھايات

تۆكۈلدۈم باغرىڭغا بىر شەبنەم ئوخشاش،
بەلكىم مەن بىر كۈلكە ۋە ياكى كۆز ياش...

## ئۆزۈڭمۇ بىر گۈل

گۈلنى سۇندۇڭ دىلبىرىم،
قاراپ قويسام كۆزۈڭگە.
گۈلگە ئەمەس، تەشنا مەن
سۆيدۇم، دېگەن سۆزۈڭگە.

قوبۇل قىلاي گۈلۈڭنى
پاك سۆيگۈڭنى يوشۇر ساڭ.
قانداق يۇراي مەن ئۇنى
ئۆزۈڭمۇ بىر گۈل تۇر ساڭ...

مۇھەممەتئىمىن قۇربان (تۇغلۇق)

## ئىككى غەزەل

1

«تۇغۇلغان بۇ ئانا تۇپراق مۇقەددەس سەجدە گاھىمدۇر» ①
ياتارمەن توختىسا ئاتەش نەپەسلەر، قەبرە گاھىمدۇر.
تومۇردا ۋە مەۋج ئۇرۇپ ئاققان قېنىم ئەسلى ئوغۇز خانىنىڭ،
بۇنىڭدىن قىلچە شەكلەنمەڭ، ئۇلۇغ تەكرىم گۇۋاھىمدۇر.
ئەگەر كىم كۈلمىسە ئەۋلاد، مېنىڭ مەۋجۇتلىقىم يالغان،
دىلىمدا چاقىغان ئىستەك قۇياشلىق سۇبھىگاھىمدۇر.

① بۇ مىسرا ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ

بولۇپ شاھىدى تارىخنىڭ بۇ گۈن قولغا قەلەم ئالدىم،
يازارمەن بىر ئۇلۇغ داستان، قېنىم ئۆچمەس سىياھىمدۇر.
ياشاپ ئۈمىدتە ئەي تۇغلۇق ۋاپا ـ لەۋزىڭنى ۋىجدان بىل،
دېگىل: ئىزسىز كېتەر بولسام مېنىڭ پۈتمەس گۇناھىمدۇر.

## 2

سالدى ئاھ تەگرىم ماڭا گۈلدەك گۈزەللەر ئىشقىنى،
كۆزلىرىدىن كۈي تۆكەر بۇلبۇل مەسەللەر ئىشقىنى.
مەن ھىجىر سەھراسىدا بولغاندا ئاشىق نەزمىگەش،
چاچتى نۇر ئاتەش قىلىپ بەھرى رەمەللەر ئىشقىنى.
ئوت ئېچىپ چىقتى قەلەم دىلغا مۇجەسسەم ئەيلىگەچ
نەزمىگاھتا چاقنىغان يۇلتۇز ـ زۇھەللەر ئىشقىنى.
نەزمىدىن گۈل كەلتۈرەي، كۈلسۇن نەۋائى ھەزرىتىم،
ئۇ مىراس قىلغان ماڭا داستان ـ غەزەللەر ئىشقىنى.
بەرسە شائىرلىقنى خەلقىڭ جان بېرىپ قىلغىل قوبۇل،
كۈتمە ئەي تۇغلۇق پەقەت مەنسەپ ـ ئەمەللەر ئىشقىنى.

نەزەرى

## تەسكىيدىسكى تەمچىلەر

### قۇش بالىسى

ئۇۋىسىدىن يىراقلايدۇ قۇش،
زەڭگەر ئاسمان ئالقىشلار بۇدەم.
باشلانغاندەك گويا مۇدھىش چۈش،
يۈرىكىدىن ئۇرۇن ئالار غەم.

ئۇۋىسىدىن يىراقلايدۇ قۇش،
ئانا دەيدۇ: بولغىن خاتىرجەم.
بالام، بىزگە ئۇدۇم بۇ ئۇچۇش،
پاناھ بولار يار اتقان ئېگەم...

ئۇۋىسىدىن يىراقلىغان قۇش،
(قايان باقساڭ باش ـ كۆزى يار!)
ئەمما ئۇنىڭ كۆڭلى ئۈستۈن، خۇش،
تەلپۈنىدۇ ئۇچۇشقا يانا...

### گىياھ رىسالىسى

يەر تالىلماس پەقەت ۋە پەقەت،
تالايدۇ يەر ئۇنى تائەبەد.
قاپقاراڭغۇ دېڭىز ئاستىدا،
ئېگىز ـ ئېگىز تاغلار باغرىدا
قالسۇن قۇرام تاشلار ئاستىدا،
ئۇ بەربىر تاپالايدۇ يول،
گېزى كەلسە ئاچالايدۇ يول.

### زېمىن نۇرلىرى

بىز بۇ يەرگە كەلگەن چاغلاردا،
نەپىسىدىن قالدى جاھالەت.
سايراپ كاككۇك گۈلشەن باغلاردا،
كۆيلىرىدىن تامدى پاساھەت.
بىز بۇ يەرگە كەلگەن چاغلاردا،
تاپتى قارار نۇر ۋە ئادالەت،
گۈل ئېچىلدى چۆلدە، تاغلاردا،
بولدى سۇر گۈن دەشتى قاباھەت.

بىز بۇ يەرگە كەلگەن چاغلاردا،
ئېلىپ كەلدۇق سۆيگۈ ـ مۇھەببەت.
غىل ـ پال يېنىپ ئۆچتۇق دۇنيادا،
بەلكىم شۇدۇر ئىنسانىي قىسمەت.

زەپەر ئابلىز

## دادام ئابلىز نازىرىنى ئەسلەيمەن

ھەممە ئادەمنىڭ دادىسى بولىدۇ. دادا ئىنسان ئۈچۈن ئەزىزدۇر. بەزىلەر دادىسىنىڭ كۆيۈمچانلىقىدىن سۆيىنىدۇ، بەزىلەر دادىسىنىڭ ئىززەت-ئابرويىدىن پەخىرلىنىدۇ، بەزىلەر دادىسىنىڭ مال-دۇنياسىدىن ماختىنىدۇ، مەن ئۆزۈمنىڭ مېھرىبان، كۆيۈمچان، ئالىي پەزىلەتلىك دادام ئابلىز نازىرى بىلەن مەڭگۈ پەخىرلىنىمەن. مېنىڭ سەبىي قەلبىمدە دادامنىڭ ئوبرازى ئاجايىپ شەكىللەنگەنىدى. مەن ئۇ ئىشلارنى ھەرگىز ئۇنتۇلمايمەن.

مەن ئېسىمنى بىلسەم دادام «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئىشلەيدىكەن. ئۆز تەسىراتىم بويىچە ئېيتقاندا، گېزىتخانا خىزمىتى بەك ئالدىراش، ئىشى تۈگىمەيدىغان، كېچە-كۈندۈز جىددىي ئىشلەيدىغان ئورۇن ئىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا دادام كېچىلىرى ئاساسەن ئۆيدە بولمايتتى. بەزىدە بىر نەچچە كۈن-ھەپتىگىچە دادام بىلەن سۆزلىشەلمەيتتۇق. بىز ئۆيدە بولىدىغان چاغدا دادام ئىشلەيتتى، دادام كىرگەندە بىز بولمايتتۇق. شۇڭا دادام دەم ئالغان چاغلار بىزنىڭ ئۆيي بايرام تۈسىنى ئالاتتى — چوڭ-كىچىك ھەممىمىز خۇشال بولۇپ كېتەتتۇق. دادام ئادەتتە كەمسۆز بولغىنى بىلەن بىز بىلەن بىللە بولغاندا بىرگە قىزىق-قىزىق ئىشلارنى سۆزلەپ بېرەتتى، بەزى ئىشلارنى چۈشەندۈرەتتى. شۇڭا بىز كىچىكىمىزدىن دادامنىڭ سۆزىنى ئاڭلاشقا ئامراق ئىدۇق.

دادام كۈندۈزى ئىشلىگەن كۈنلىرى كەچتە يەنە ئىشقا چىقاتتى. كېيىن بىلسەم ئۇ، دادامنىڭ گېزىت بەتلىرىنى كۆرگىلى چىققىنى ئىكەن. ئۇنىڭدا ئۆز خىزمىتىگە يۇكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بار ئىدى. بىز كىچىكىمىزدە بۇنى چۈشەنمىگەچكە، دادامنىڭ بۇنداق ئىشلىگىنىگە ھەيران بولاتتۇق. دادامنىڭ خىزمەتتىكى بەجانىدىللىقىنى ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرىمۇ بەك تەرىپلىشەتتى. بىزنىڭ ئۆيدە شۇ چاغلاردىلا تېلېفون بار ئىدى، ئەمما بۇ تېلېفوننىڭ دادامنى تېز چىقىش، بەتنى كۆرۈۋېتىش، دەپ چاقىرىشتىن باشقا رولى بولغانلىقىنى ئەسلىيەلمەيمەن. تېلېفون جىرىڭلىسىلا شۇ گەپ بولاتتى، دادام تېلېفوننى ئالغان ھامان دەررۇ ماڭاتتى.

مەن كىچىك چاغدا ئاپامنىڭ سۆزلەپ بەرگەن بىر گېپى ھازىرمۇ ئېسىمدىن چىقمايدۇ: ئەمدىلا ئايىغىم چىققان چاغلار ئىكەن، بىر كۈنى كەچتە مەن قاتتىق قىزىپ ئاغرىپ قاپتىمەن. ئاپامنىڭمۇ مىجەزى يوق، يېتىپ قالغىلى بىر نەچچە كۈن بولغانىكەن. دادام مېنى دوختۇرغا ئاپارماقچى بولۇپ تەمشىلىۋاتقاندا تۇيۇقسىزدىن تېلېفون جىرىڭلاپ، دادامنى گېزىتتىكى بىر چاتاقنى ھەل قىلىشقا چاقىرتىپتۇ، دادام مېنى يەنە ياتقۇزۇپ قويۇپ ئىشخانىغا چىقىپ كېتىپتۇ.

شۇ چىقىپ كەتكەنچە تاڭغا يېقىن قايتىپ كىرىپتۇ. بۇ ئىش تۇپەيلى ئاپام دادامغا قاتتىق ئاچ-چىقلانغانىكەن.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغان چاغ ئىدى، بىز كۇنى ئىككى ھەدەم مەكتەپتىن ئۆيگە يىغلاپلا كىردى، ئۆيدە دادام، ئاپام ۋە مەن بار ئىدۇق، ھەممىمىز ھەيرانلا قالدۇق، ئۇلار-نىڭ يىغىسى خېلىغىچە بېسىقمىدى. دادام سورىۋېدى، ئۇلار ئېسەدەپ تۇرۇپ، بىنا ئالدىدىكى رەسىم جازىسىغا دادامنىڭ ئالدىغا تاختاي ئېسىلغان، قوللىرى ئارقىغا قايرىلغان ھالدا كۆرەش قىلىنىۋاتقان رەسىمنى چىقىرىپ قويغانلىقىنى ئېيتىشتى. دادام بىر ھازا گەپ قىلماي ئولتۇردى. ئۇنىڭ كۆرەش قىلىنغانلىقىنى بىز بىلمىگەنىدۇق، بىر ئازدىن كېيىن دادام «بۇ بىر ھەرىكەت، مەن پارتىيە ئەزاسى، پارتىيىگە ئىشىنىمەن، پارتىيە پرىنسىپى بويىچە ئىش قىلىپ كەلدىم، مەندە چوڭ خاتالىق يوق، خاتىرجەم بولۇڭلار، ئەمما ئىدىيىگىلەردە تەييارلىق بولسۇن، ھەرىكەتتە ھەر خىل ئىشلار بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ بىر نۇمۇسلۇق ئىشمۇ ئەمەس، ھەر گىز كۆڭلۈڭلارنى يېرىم قىلماڭلار، سىلەر بۇنداق يىغلىساڭلار بولمايدىكەن، بۇندىن كېيىن ھەر قانداق ئىش بول-سىمۇ يىغلىماسلىققا ۋەدە بېرىڭلار» دېدى. شۇ چاغدا ھەممىمىزنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى، ھەدىلىرىم بۇندىن كېيىن يىغلىماسلىققا ۋەدە بېرىشتى. كېيىن دادام ئىدارە ئىچىدە ئەمگەككە سېلىندى. ئۇ ھەر كۇنى ھويلا ـ ئاراملارنى تازىلايتتى. قىش كۇنلىرى قار تازىلايتتى، مۇز چانايتتى، ئەۋرازلارنى چېپىپ ئاچاتتى، ئەخلەتلەرنى توشۇيتتى، قەرەللىك ھالدا ھاجەتخانى-نىڭ گەندىلىرىنى چېپىپ ئادالايتتى. مەن دادامنىڭ ئەنە شۇنداق ئەمگەك قىلىۋاتقانلىقلىرىنى كۆرۈپ يۈرۈپ چوڭ بولغان. بىر قېتىم مەن بىر نەچچە بالا بىلەن قوغلىشىپ ئويناپ ھاجەتخا-نىنىڭ يېنىغا بېرىپ قاپتىمەن، ھاجەتخانىدا بىر نەچچە ئادەم ئەمگەك قىلىۋاتاتتى، باللار ماڭا، ئەنە سېنىڭ داداڭ، دېيىشتى، قارىسام، دادام ھاجەتخانىنىڭ ئاستىغا چۈشۈپ گەندە چېپىۋاتقا-نىكەن، ھاۋا سوغۇق بولسىمۇ، دادام تەرلەپ كېتىپتۇ، گەندە پارچىلىرى ئەتراپقا چاچراپ، ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىگە ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. دادامنىڭ شۇ چاغدىكى ھالىتىنى كۆرۈپ كۆزۈمگە ئىسسىق ياش كەلدى، قاراپ تۇرۇشقا چىدالماي باللار بىلەن ئويۇنغۇممۇ كەلمەي ئۆيگە قايتىپ كەلدىم.

دادام شۇنداق ئىشلەيتتى، لېكىن بۇ ئىشلاردىن زارلىنىپ بىر نېمە دېگەن ئەمەس. شۇنچە تىل ـ ئاھانەتلەرنى ئاڭلاپ روھى چۈشكەن، كۆڭلى بۇزۇلغان ئەمەس. ئۇ شۇ چاغلاردا بەكلا جىمغۇر بولۇپ كەتكەنىدى. بۇرۇنقىدەك باللارنى ئەتراپىغا يىغىۋېلىپ قىزىق ـ قىزىق پاراڭلارنى قىلىپ بەرمەيتتى. بىز شۇ چاغدا ھەقىقەتەن بالا ئىكەنمىز، دادامنىڭ دەردىگە يەتمەپتۇق. ھازىر ئويلىسام ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ، ئۆزۈمنى تۇتالماي قالىمەن.

شۇنداق كۇنلەرنىڭ بىرىدە، كېچىسى مەن ئاپامنىڭ يىغىسىدىن ئويغىنىپ كەتتىم. قا-رىسام داداممۇ ئۈنسىز يىغلاۋېتىپتۇ. بۇ ھالدا ئۇلاردىن گەپ سوراشقا پېتىنالمىدىم. كېيىن ئۇقسام، زادى باشقىلاردىن ئاغرىنمايدىغان. ئۆيدە ھەر گىز ھالىنى ئېيتمايدىغان، ئۆيىمىزدىكى گىگانت تۈۋرۈكتەك ھەممىمىزگە يۆلەنچۈك بولىدىغان، ئاپام، ئاكام، ھەدىلىرىمگە پارتىيىگە

ئىشىنىش، ھەر گىز باشقىلاردىن ئاغرىنماسلىق ھەققىدە تەربىيە بېرىپ، ھەقىقەتنىڭ ھامان ئايدىڭلىشىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ، ئىلھام بېرىپ، ھەممىمىزنىڭ كۆڭلىنى ئالىدىغان كۆيۈمچان دادام بەزى كىشىلەرنىڭ «ئابلىز نازىرىنى پارتىيىدىن چىقىرىۋېتىش كېرەك» دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ يىغلاپ تاشلىغانىكەن. بۇ ئىش دادامغا ھەقىقەتەن بەكمۇ ئېغىر كەلگەنىكەن. بۇ مېنىڭ ئۆمرۈمدە دادامنىڭ كۆز يېشى قىلغانلىقىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم ئىدى. مەن شۇ چاغدا چوڭ بىر بالايى ئاپەت كېلىدىغاندەك بەكلا قورقۇپ كەتكەنىدىم. بىچارە ئاپام ئۇنىڭغا پەقەت ئۆزىنىڭ ئىسسىق ياشلىرىنى تۆكۈش بىلەنلا ھەمدەم بولۇۋاتاتتى. بۇ ئىشنى ھازىر ئويلىسامۇ دادامنىڭ شۇ چاغدىكى ئازابلانغان ھالىتى ھەرگىز كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ.

دادام ئۇزۇن يىللىق كومپارتىيە ئەزاسى. ئۇنىڭ پارتىيىگە، پارتىيە ئىشلىرىغا بولغان مۇھەببىتى چوڭقۇر، ئېتىقادى كۈچلۈك ئىدى. جاپالىق يىللاردىمۇ بىزگە كەلگۈسىگە ئۈمىدۋارلىق بىلەن قاراش توغرىسىدا تەربىيە بېرەتتى. دادام ھەر قانداق ئىشتا ئۆزىگە قاتتىق تەلەپچانلىقى بىلەن بىزگە ئۈلگە ئىدى. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن بىزگىمۇ يۇقىرى تەلەپ قوياتتى. مەن ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىشكە تەييارلىق قىلىۋاتقان 1979 ـ يىلى ئىدى، بىر كۈنى دادام مېنىڭ تەييارلىق ئەھۋالىمنى سوراپ، سەن خەنزۇ بالىلار بىلەن بىللە ئوقۇۋاتىسەن، ئۇلارغا ئوخشاش تەلەپ قوي. ئالىي مەكتەپكە خەنزۇچە ئوقىغان مىللىي بالىلارنىڭ ئېتىبار بېرىش نومۇرى بىلەن ئەمەس، بەلكى خەنزۇ بالىلارغا ئوخشاش نومۇر بىلەن چىق، ئەگەر بۇ يىل ئۇ دەرىجىگە يېتەلمىسەڭ، يەنە بىر يىل تەييارلىق قىلىپ قايتا ئىمتىھان بەرگىن، دېگەنىدى. دادامنىڭ بۇ سۆزى ماڭا شۇ چاغدا ھەم ئىلھام، ھەم بېسىم بولۇپ، مېنىڭ تىرىشىپ ئۆگىنىشىمگە تۈرتكە بولدى. شۇ يىلى خەنزۇ بالىلارنىڭ نومۇر چېكى 230 ئەتراپىدا بولدى. خەنزۇچە ئوقۇغان مىللىي بالىلارنىڭ نومۇر چېكى 140 بولدى. مەن 230 دىن يۇقىرى نومۇر بىلەن شىنجاڭ داشۆنىڭ خىمىيە فاكولتېتىغا قوبۇل قىلىندىم، ئۆزۈمنىڭ بۇرچىنى ئادا قىلدىم، دادامنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىدىم.

دادام كەمتەر، تۇرمۇشتا ئاددىي ـ ساددا، سەمىمىي ئادەم ئىدى. تۇرمۇشقا بولغان تەلىپى يۇقىرى ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۆزى شۇنداق بولغاچقا، بىزگىمۇ شۇنداق بولۇش توغرىسىدا تەربىيە بېرەتتى. بىز ئالتە بالا ئىدۇق. كىچىككىمىزدىنلا كىچىكلەر چوڭلارنىڭ كىيىمىنى كىيىپ چوڭ بولغان، ھېچقايسىمىز بۇ ھەقتە جېدەل قىلىپ، ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتقان ئەمەس. مەن ئالىي مەكتەپكە چىققاندىن كېيىنمۇ بىر خىل تۇرمۇش ئىستىلىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدىم.

بىز ئالتە بالا، ھەممىمىز ھازىر چوڭ بولۇپ، خىزمەتكە چىقتۇق، ئۆي ـ ئوچاقلىق بولدۇق. بىزنىڭ مۇشۇنداق ھالەتكە كېلىشىمىزگە دادام ئۆز ھوقۇقىدىن، ئورنىدىن پايدىلىنىپ ئازراقمۇ ياردەم قىلغان ئەمەس. ھەتتا ئاكام ماشىنا ھەيدەپ ۋەقە سادىر قىلىپ قويغاندا، دادام ئۇنى چىقىرىۋېلىش بۇياقتا تۇرسۇن، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورنىغا بېرىشىغا قوشۇلغان. ئاكام ماڭىدىغان چاغدا دادام ھەممىمىزنى يېنىغا چاقىرىپ، ئادەمنىڭ بېشىغا نى ـ نى ئىشلار كېلىدۇ. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا مەنمۇ ھەر خىل ئىشلارنى بېشىمدىن

كەچۈردۇم. بۇنىڭ بىلەن ئادەم تۈگىشىپ كەتمەيدۇ. ئەمگەك ياخشى، چېنىقىپ كېلىسەن، سىلەر يىغلىماڭلار. ئاكاڭلار ساۋاق ئېلىپ يېڭىچە ئادەم بولۇپ كېلىدۇ. مەن بۇنىڭغا ئىشىنىمەن، دېگەنىدى.

دادام مېنىڭ ئەڭ دەسلەپكى جاپاكەش باغۋەنىم ئىدى. دادام ماڭا قانداق ئۆگىنىشنى ئۆگەتكەن. ئۆزىمۇ ئازراقلا ۋاقتى بولسا كىتاب ئوقۇيتتى. ئۇ دائىم بىزگە، ئۆگىنىشنىڭ چېكى يوق، ئۆگەنگەنسېرى بىلمەيدىغان نەرسىلىرىڭلارنىڭ كۆپلىكىنى ھېس قىلىسىلەر، ئۆگىنىشتە تىرىشىش كېرەك. تىرىشقاندىلا ئاندىن بىر نەرسە ئۆگىنىۋالغىلى بولىدۇ، دەيتتى. مېنىڭ تىرىشىپ ئۆگىنىپ ھازىرقىدەك نەتىجىلەرگە ئېرىشىشىمگە دادامنىڭ بەرگەن ئىلھام ـ مەدەتلىرى ئاز ئەمەس. مەن گەرچە دادام بىلەن كەسىپداش بولمىساممۇ، دائىم ئۇنىڭ بىلەن خىزمەت، غايە، ئۆگىنىش، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى چوڭ ۋەقەلەرگە بولغان كۆز قاراشلىرىمىز توغرىسىدا سۆزلىشىپ كېتەتتۇق. مەن بۇنداق سۆھبەتلەرگە بەك ئامراق ئىدىم. بۇنداق سۆھبەتلەرنىڭ بەزىلىرى ئۇستاز بىلەن ئوقۇغۇچى سۆھبىتىدەك تۈس ئالاتتى. ئاخىر مەن ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، شىنجاڭ داشۆدە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىندىم ۋە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ياپونىيىگە ماڭىدىغان چاغدا دادام ماڭا چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ: «سەن چەت ئەلگە ئوقۇشقا كېتىۋاتىسەن، سېنى پارتىيە، خەلق ئەۋەتتى، مەيلى ئوقۇشتا بولسۇن، مەيلى يۈرۈش ـ تۇرۇشتا بولسۇن، ۋەتەن، خەلقنىڭ ئۈمىدىنى يەرگە قويىدىغان ئىش قىلما» دېگەنىدى. دادامنىڭ بۇ سۆزلىرى ھېلىھەم خۇددى ھازىرلا ئېيتىلغاندەك قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلاپ تۇرۇپتۇ. مەن شۇ چاغدا، خاتىرجەم بول دادا، دېگەنىدىم. دادام شۇ چاغدا لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «ياشلىق ئۆگەن» دېگەن شېئىرىنى ئۆزى دېكلاماتسىيە قىلىپ ئۈنئالغۇغا ئېلىپ ماڭا بەرگەنىدى. ياپونىيىدە ئۆتكەن يىللاردا دادامنىڭ ئۈنئالغۇدىكى جاراڭلىق ئاۋازى ماڭا يار بولدى، ماڭا مەدەت بولدى. مېنىڭ بېشىمغىمۇ ئېغىر ئىشلار كېلىپ، روھىم چۈشۈپ كەتكەندە، دادام ماڭا ئىلھام بېرىپ، مېنى باشقىدىن غەيرەتلىنىشكە رىغبەتلەندۈردى. ئۇ ماڭا مۇنداق دېگەنىدى: «بالام، دۇنيادىكى نۇرغۇن ئاتاقلىق كىشىلەرمۇ نى ـ نى ئېغىر ئىشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. مۇشكۇل، توسالغۇلارغا دۇچ كەلگەن. ئەمما، ئۇلار قىيىنچىلىقلارنى يەڭگەنلىكى ئۈچۈن ئۆز ئىشىدىن نەتىجە قازىنىپ، ئاتاقلىق زاتلاردىن بولالىدى. سەن تېخى ياش، غەيرەتلىك بول، ئالدىڭغا قارا، ئىشىڭنى باشقىدىن باشلا، نەتىجىسىنى چىقار!»

بۇ سۆزلەرنىڭ ماڭا نەقەدەر تەسەللى، ئىلھام بېغىشلىغانلىقىنى مەندىن باشقا ھېچكىم ھېس قىلالمايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن مەن مەيلى ئۆگىنىشتە بولسۇن، مەيلى تەتقىقات ئىشلىرىمدا بولسۇن ئالاھىدە تىرىشتىم. شۇ چاغدا 29 ياشىمدا دەرىجە ئاتلاپ دوتسېنت بولدۇم. مەن ئاپتونوم رايون بويىچە يېشى ئەڭ كىچىك دوتسېنت ئىدىم. 1992 ـ يىلى مەن ياپونىيىگە قايتا باردىم. مەن ماڭىدىغان كۈنى رادىئودىن دادامنىڭ «پەرھاد بول» دېگەن شېئىرىغا ئىشلەنگەن ناخشا ئاڭلىتىلدى. مەن بۇرۇن دادامنىڭ شۇنداق بىر شېئىرى بارلىقىنى ئاڭلىغان بولساممۇ، ئۇنى كۆرۈپ باقمىغان ئىكەنمەن. ئۇ ناخشا ماڭا ئالاھىدە تەسىر قىلدى. شۇ چاغدا دادامنىڭ «پەرھاد بول» دېگەن

شېئىرىنى تېپىپ ئوقۇپ چىقتىم. 1992 ـ يىلى 4 ـ ئايدا مەن تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو ياش پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا ئاز سانلىق مىللەتنىڭ بىر دىنبىر ۋەكىلى بو- لۇپ ياپونىيىدىن كېلىپ قاتناشتىم. شۇنداقلا چوڭ يىغىندا ئۆزۈمنىڭ ئىلمىي ماقالەمنى ئوقۇدۇم. كېيىن پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىم بىلەن دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئالدىم. مانا ئەمدى ئالىي دوكتور ئۇنۋانىنى ئېلىش ئۈچۈن تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتىمەن.

دادام بىزنى تەربىيىلىدى، بىز ئالتە بالا ھەممىمىز يارامىلىق ئادەملەردىن بولۇپ يېتىشتۇق. دادام پەرزەنتى ئېرىشكەن كىچىككىنە نەتىجىدىن، پەرزەنتى باسقان ھەر بىر ئۇ ئۇشلۇق قەدەم- دىن ئالەمچە شادلىنىدىغان، چەكسىز بەخت ھېس قىلىدىغان كۆيۈمچان دادا ئىدى. مەن دادامنىڭ ئۈمىدىنى مەڭگۈ ئاقلاشقا تىرىشىمەن. ئۇنىڭ ئىلھامى مەڭگۈ بىز گە يار، ئەلۋىدا دادا. خاتىر جەم بولۇڭ. ئوغلىڭىز ئۈمىدىڭىزنى مەڭگۈ ئاقلايدۇ. سىز قەلبىمىزدە مەڭگۈ ھايات!

*زەبەر ئابلىز* 1961 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئۈرۈمچى شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1979 ـ يىلى شىنجاڭ داشۆنىڭ خىمىيە فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1983 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، شۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغان. 1985 ـ يىلى ياپونىيىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن. 1989 ـ يىلى دوتسېنت بولغان. 1994 ـ يىلى خىمىيە پەنلىرى بويىچە دوكتور ئۇنۋانىنى ئالغان. ئۇ ھازىر جۇڭگو تەبىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دورىگەرلىك تەتقى- قات ئورنىدا ئالىي دوكتور سۈپىتىدە تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانماقتا.

(بېشى 129 ـ بەتتە)

ئىككىنچىدىن، ئەسەردىن ئىدىيە ئىزدەش، ئەسەرگە ئىدىيە يۈكلەش خاھىشى ئەدەبىي ئوبزور چىلىقنىڭ قىممىتىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. ئەدەبىي ئەسەر يېزىقچىلىقى بىر خىل ئىجادىي پا- ئالىيەت بولغىنىدەك، ئەدەبىي ئوبزور يېزىقچىلىقمۇ بىر خىل ئىجادىي پائالىيەت. ناۋادا ئەدەبىي ئوبزور چىلىق ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى پېرسوناژ، سيۇژېت، مەنزىرە قاتارلىقلارنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان ئاللىقانداق ئىدىيىنى تېپىش، ئاشكارە ئىپادىلەنگەن ئىدىيىلەرنى قايتا تەكرارلاش دەپ چۈشىنىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا ئەدەبىي ئوبزور چىلىقنىڭ قىممىتى ۋە ئەدەبىيات ساھەسى- دىكى ئورنى بەكمۇ تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. مۇبادا ئەدەبىي ئوبزور چىلىق ئەسەردىن ئىدىيە ئىزدەش، ئەسەرگە ئىدىيە يۈكلەش دەپ قارىلىدىكەن، ئوبزورچىلىقنىڭمۇ بىر خىل ئىجادىيەت ئىكەنلى- كىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ.

ئۈچىنچىدىن، ئىدىيىنى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى باھالاشنىڭ بىردىن ـ بىر چىقىش نۇقتىسى قىلغاندا، ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتىنى كۆرسىتىپ بەرگىلى بولمايدۇ. ھەم- مىگە ئايانكى، ھەر قانداق بىر ئەدەبىي ئەسەر پەقەت ئۆزى ئىگە بولغان بەدىئىي قىممەت ئارقىلىقلا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەسەرلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالالايدۇ. ئەسەردىن ئىدىيە ئىزدەش ئۇتۇقسىز چىققان ئەسەرلەرنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈشكە دەستەك بولالىغىنى بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىي قىممىتىنى كۆرسىتىپ بېرىشتە ھېچقانچە رول ئوينىيالمايدۇ.


مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

كېرىمجان ئابدۇرېھىم

# ھېكايىلىرىمىزدە سىمۋول

بىر خىل ئەدەبىي ئىجادىيەت ئۇسۇلى ھەم ۋاستىسى ھېسابلىنىدىغان سىمۋول ئەدەبىياتتا گەرچە ئەڭ قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن تارتىپ ئۇنىڭغا بولغان قىزىقىش ئاجايىپ كۈچىيىپ، سىمۋول ئارقىلىق ئەسەر يازىدىغان، ئەسەردىن سىمۋول ئىزدەيدىغان سىمۋول خاھىشى ئەدەبىياتتا ئومۇمىي خاراكتېر ئالدى. شۇنىڭ بىلەن ئەسەر ئامىللىرىنىڭ، جۈملىدىن ئەسەردىكى ئوبرازلارنىڭ، كەيپىياتنىڭ، قۇرۇلمىنىڭ سىمۋوللۇق بولۇشى ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكىگە ئايلاندى. بۇنداق ئالاھىدىلىك بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بىزنىڭ ھېكايىلىرىمىزدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تېپىشقا باشلىدى. بىر قىسىم ئىقتىدارلىق يازغۇچىلىرىمىز ھەر خىل تەسىر، ئىلھاملاردىن كۆرە يېڭىلىق يارىتىش يولىدا ئىزدىنىپ ئىجادىيەت مۇددىئاسىنى، تەسىرات - چۈشەنچىلىرىنى بىۋاستە ياكى ئادەتتىكى ۋاستە ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى سىمۋول ئارقىلىق ئىپادىلەپ، بۇ ئاساستا ئۆزلىرىنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەش ماھارىتىنى نامايەن قىلىپ، يېڭى دەۋر ھېكايىچىلىقىمىزنىڭ تەرەققىياتى يولىدا مۇناسىپ ھەسسىلەرنى قوشتى.

سىمۋول ئۇسۇلىنى قوللىنىشنىڭ ئەدەبىياتىمىزغا نىسبەتەن بىر خىل يېڭىلىق ئىكەنلىكىنى بىز بۇ يەردە پەقەت ھېكايىچىلىقىمىزغىلا قارىتىپ ئېيتىۋاتىمىز. ئەدەبىياتىمىزدىكى يەنە بىر خىل ئاساسلىق ئەدەبىي شەكىل شېئىرىيەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەھۋال تامامەن باشقىچە. سىمۋول شېئىرىيىتىمىز ئۈچۈن ئەڭ قەدىمكى ھەم ئەڭ ئاساسلىق ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى. شېئىرىيەتنى ئاساس قىلغان كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا بىز سىمۋول قوللىنىشنىڭ نۇرغۇن ئېسىل ئۈلگىلىرىنى ئۇچرىتىمىز. سىمۋول شېئىرىيىتىمىز ئۈچۈن ھەتتا ئەنئەنىگە ئايلانغان. شۇڭا بىز كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنى، تېخىمۇ توغرىسى، كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزنى ئۆگەنگەن، تەتقىق قىلغان ۋاقتىمىزدا، ئۇنىڭدىكى سىمۋوللارغا، سىمۋوللار سىستېمىسىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىمىز. بۇنداق ئەنئەنە بىر قىسىم شائىرلىرىمىزنىڭ ئىجادىيىتى ئارقىلىق تا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، 80 - يىللاردا مەيدانغا كەلگەن «گۇڭگا شېئىرلار» دەپ ئاتالغان يېڭىچە شېئىرىيىتىمىزمۇ سىمۋولغا



ئالاھىدە ئەھمىيەت بىلەن قارىدى. گەرچە بۇ شېئىرلاردىكى سىمۋول ۋاستىسى، شائىرلار قوللانغان سىمۋوللاشتۇرۇش ئۇسۇلى شېئىرىيەت ئەنئەنىمىزدىكى سىمۋول چۈشەنچىسىنىڭ داۋامى ۋە تەسىرى بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ شېئىرلاردىكى سىمۋوللار شېئىرىيىتىمىز ئۈچۈن سىمۋول چۈشەنچىلىرىنى يېڭىلىدى ھەم شېئىرىيىتىمىزدىكى سىمۋوللارنى تېخىمۇ بېيىتتى. يېڭىچە شېئىرلاردىكى شېئىرىي پېكىرلەر سىمۋول ئارقىلىق ئىپادىلەندى، شېئىرىي ئوبرازلار سىمۋوللاشتۇرۇلدى، ھەتتا بەزىدە سىمۋول ئىجادىيەت مۇددىئاسىغا ئايلاندۇرۇلدى. دېمەك، شېئىرىيىتىمىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، سىمۋول ئاللىقاچان ئىنتايىن مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا، شېئىر ئىجادىيىتى، شېئىردىن زوقلىنىشتىكى ھالقىلىق چۈشەنچىگە ئايلىنىپ قالدى. لېكىن ھېكايىچىلىقىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، سىمۋوللاشتۇرۇش بىر خىل يېڭىچە ئىجادىيەت ئۇسۇلى ھېسابلىنىدۇ.

شېئىرىيىتىمىزدە سىمۋولنىڭ ئەنە شۇنداق مۇھىم ئورۇندا تۇرغىنىغا قارىماي، بىزنىڭ سىمۋول ھەققىدىكى چۈشەنچىمىز تولىمۇ يۈزەكى ۋە ئادەتتىكچە بولدى. ئۇنىڭغا ھېلىغىچە ھېچ بىر يېڭىلىق قوشۇلمىدى. دۇنيا ئەدەبىياتىدا سىمۋول چۈشەنچىسىنىڭ قانچە مۇھىم بولۇپ، قانچە چوڭ روللارنى ئويناپ، قانچە كېڭىيىپ بارغانلىقى خىيالىمىزغا كىرىپ چىقمىدى. كۆپچىلىكىمىز تېخىچە سىمۋولنى «كەپتەر تىنچلىقنىڭ سىمۋولى» دېگەندەك مىساللار ئاساسىدا چۈشىنىمىز ياكى چۈشەندۈرىمىز. نەسرىي ئەسەرلەردىكى سىمۋوللار ئۈچۈن ھېلىھەم گوركىنىڭ «بورانقۇش قوشىقى» دىكى بورانقۇش، دېڭىز، قارا بۇلۇت سىمۋوللىرىنى، لۇشۈننىڭ «دورا» ھېكايىسىنىڭ خاتىمىسىدىكى قەبرىگە قويۇلغان گۈلچەمبىرەكنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسىنى كۆرسىتىش بىلەن چەكلىنىۋاتىمىز. ھەممىمىزگە مەلۇملۇق، بىر خىل ئەدەبىيات ئېقىمى ھېسابلىنىدىغان سىمۋولىزم شېئىرىيىتى پەسكويغا چۈشكەندىن كېيىنمۇ، سىمۋولىزمنىڭ سىمۋول چۈشەنچىسى شېئىرىيەتتىن ھالقىپ چىقىپ، ئەدەبىياتنىڭ باشقا ساھەلىرىگە، جۈملىدىن پروزىچىلىق، دىرامچىلىق قاتارلىق ساھەلىرىگە ناھايىتى چوڭ تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن سىمۋوللاشتۇرۇش ئەدەبىياتتىكى ناھايىتى مۇھىم بىر ئىجادىيەت ئۇسۇلىغا ئايلىنىپ، ئەدەبىياتتا سىمۋول قىزغىنلىقى شەكىللەندى. ئەسەرلەردە سىمۋول ئەڭ ئاساسلىق ئەسەر ئامىلىغا، ئەسەرنى ئېگىلەشنىڭ ئاچقۇچىغا ئايلاندى، كىتابخانلارمۇ ئەسەر ئوقۇغاندا ئەسەردە سىمۋولنىڭ بار ـ يوقلىقىغا، بار بولسا ئۇنىڭ قانداق بەدىئىي ماھارەت ھېسابلىنىدىغانلىقىغا، نېمە مەنە بىلدۈرىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىدىغان بولدى. لېكىن بىز مەيلى ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىدا بولسۇن، ئەدەبىياتنى ئۆگىنىشتە بولسۇن ياكى ئەدەبىي ئىجادىيەتتە بولسۇن ۋە ياكى قوبۇل قىلىشتا بولسۇن، سىمۋولنىڭ ئەدەبىياتتىكى ئورنىنى تازا ئېگىلەپ كېتەلمىدۇق. ھەتتا ئەدەبىيات ھەققىدە نىسبەتەن يۇقىرى بىلىملەرنى ئېگىلەيدىغان ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر قىسمىمۇ تېخىچە كافكانىڭ «قەلئە»، «قانۇن دەرۋازىسى» قاتارلىق ئەسەرلىرىدىكى، جامېس جويسنىڭ «يولىسىس» رومانىدىكى، يۈسۈپ خىلىرنىڭ «ھەربىي نىزامنىڭ 22 ـ ماددىسى» رومانىدىكى، گارسىيا ماركوزنىڭ «يۈز يىل غېرىبلىق» رومانىدىكى، ھېمىڭۋاينىڭ «بوۋاي ۋە دېڭىز» پوۋېستىدىكى،

ئايتماتوۋنىڭ «ئاق پاراخوت»، «قىيامەت» قاتارلىق ئەسەرلىرىدىكى سىمۋوللارغا ئوخشاش دۇنياۋى مەشھۇر سىمۋوللارنى، ئۇلارنىڭ مەنىسىنى، قىممىتىنى ئانچە تولۇق بىلىپ كەتمەيدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا بىزنىڭ ئەل قاتارى يازغۇچىلىرىمىزدىن سىمۋول ئىجاد قىلىشنى تەلەپ قىلىش، ئادەتتىكى كىتابخانلىرىمىزغا ئەسەردىن سىمۋول ئىزدەتكۈزۈش ھەقىقەتەن تەس. شۇنداق بولغاچقا سىمۋول ئەدەبىياتىمىزدا بىر قىسىم ئۆتكۈر، ئىجادچان، دەۋر تەلىپىنى ھېس قىلىدىغان يازغۇچىلىرىمىز بىلەن يېڭىچە ئەدەبىيات قاراشلىرىغا ئىگە، ئەدەبىيات تەرەققىياتىغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلىدىغان كىتابخانلىرىمىزنىلا قىزىقتۇرۇپ تۇرۇپتۇ. دېمىسىمۇ سىمۋول بەدىئىي ئىپادىلەشنىڭ نىسبەتەن يۇقىرى ماھارەت، ئىجادچانلىق، جۈرئەت تەلەپ قىلىدىغان بىر خىل ئۇسۇلى. شۇنداقلا كىتابخاندىنمۇ نىسبەتەن ئۈستۈن چۈشىنىش ئىقتىدارى، ئىجادىي تەپەككۇر، باغلانما تەسەۋۋۇر تەلەپ قىلىدىغان بىر خىل ئەسەر ئامىلى.

سىمۋولنىڭ رولىغا، ئورنىغا، ھەر خىل بەدىئىي ئىقتىدارىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كېتەلمىگىنىمىز بىلەن، سىمۋولنىڭ زادى نېمىلىكىنى ھەممىمىز بىلىمىز. ئەدەبىيات ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇ «بىر خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلى. ئۇ مەلۇم بەدىئىي ئوبراز ئارقىلىق مەلۇم چۈشەنچە، ئىدىيە ياكى ھېسسىياتنى ئىپادىلەشنى كۆرسىتىدۇ» («ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئېستېتىكىسى لۇغىتى». لياۋنىڭ داشۆ نەشرىياتى. 1988 ـ يىل 278 ـ بەت). بۇنداق ئۇسۇلنى بىز ئادەتتە سىمۋوللاشتۇرۇش ئۇسۇلى دەپمۇ ئاتايمىز. ئۇنىڭدا، ئادەتتە، ئەسەردە ئىپادىلىمەكچى بولغان چۈشەنچە، ئىدىيە ياكى ھېسسىياتتىن بېشارەت بېرەلەيدىغان، ئۇنىڭغا ۋەكىللىك قىلالايدىغان ياكى كىتابخاندا ئەسەر مەنىسىگە ئۆتىدىغان باغلانما تەسەۋۋۇر پەيدا قىلالايدىغان بەدىئىي ئوبراز يارىتىلىدۇ. يازغۇچى بۇ ئوبرازلارنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئەسەرنىڭ بەدىئىي ئۈنۈمىنىمۇ ئاشۇرىدىغان ھەر خىل ئۇسۇل، ماھارەت، ۋاسىتىلەرنى، مەسىلەن، سىمۋوللۇق تىل، غەلىتىلەشتۈرۈش، سىرلىقلاشتۇرۇش، ئالاھىدە بايان شەكىللىرى قاتارلىقلارنى قوللىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھەم ئىپادىلىمەكچى بولغان مەزمۇنىنىڭ بەدىئىي قىممىتى ئاشىدۇ، ھەم ئابستراكت مەزمۇن نىسبەتەن كونكرېتلىشىپ، ئاپتورنىڭ بىۋاسىتە بايانى ياكى گەۋدىلەندۈرۈشى بىلەن ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ھال ئەسەرنىڭ بەدىئىي ساپاسىنىمۇ ئاشۇرىدۇ، ئەسەرنى كۆپ قاتلاملىققا ئىگە قىلىپ، ئەسەردە كۆپ خىل قىممەت شەكىللەندۈرىدۇ ھەم جەلىپكار بولىدۇ. شۇنداقلا سىمۋول ئارقىلىق ئىپادىلەش قىيىن بولغان، بەك ئابستراكت بولغان ياكى يېزىش قىيىن بولغان چۈشەنچە، ئىدىيە ۋە ھېسسىياتنى ناھايىتى ئۈنۈملۈك، جانلىق، ئوبرازلىق يازغىلى، ئىپادىلىگىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىمۋول پۈتۈن ئەسەرگە سىڭىپ كەتكەن، پۈتۈن ئەسەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان بولغاچقا، ئۇ ھەر خىل بەدىئىي ئۈنۈملەرنى يارىتىدۇ. بىزنىڭ سىمۋوللۇق ھېكايىلىرىمىزدىمۇ سىمۋول، ئۇنىڭ مەنىسى، رولى، ئۈنۈمى ئاساسەن يۇقىرىدا سۆزلىگەن بايانىمىزدىكىدەك بولدى. ئەمدى بىز ئاشۇ ھېكايىلىرىمىزدىكى سىمۋوللار بىلەن قىسقىچە تونۇشۇپ باقايلى:

بىزدە نىسبەتەن بالدۇر مەيدانغا كەلگەن سىمۋوللۇق ھېكايىلەرنىڭ بىرى مۇھەممەد

باغراشنىڭ « ئاپئاق ئېچىلغان سۆگەت گۈلى » ناملىق ھېكايىسى بولسا كېرەك . ھېكايىدىكى ئاساسلىق پېرسوناژ ئاتىللا ، ئۇنىڭغا ئانىسى ئېرى چۇنچىباي بىلەن بىرگە بولغاندا ئەمەس، بەلكى ئەجدادلىرى ياشاپ ئۆتكەن قەدىم جايىنىڭ خارابىسىدا تائەت ـ ئىبادەت قىلىۋاتقاندا ھامىلدار بولىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا « ئاتىللا » دەپ ئىسىم قويىلىدۇ. ئۇ مەيلى تۇغۇلىشىدا بولسۇن، مەيلى ئۆسۈپ يېتىلىشتە بولسۇن، مەيلى مىجەز ـ خۇلقتا بولسۇن، مەيلى ئەقىل ـ پاراسەتتە بولسۇن، ئادەتتىكى ئادەملەردىن كەسكىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ھەتتا ئۇ چۇنچىبايغىمۇ ئوخشىمايدۇ، كۆزلىرىدىن كۆك نۇر چاقناپ تۇرىدۇ. بۇ تەرەپلىرىنى ھېسابقا ئالغاندا، ئۇ ـــ دادىسىنىڭ پۇشتى ئەمەس، بىراق ئۆتمۈشتىكى ئەجدادلىرىنىڭ ۋارىسى، تېخىمۇ توغرىسى، ئۇلارنىڭ روھىنىڭ، ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىنىڭ ئادەملىشىشى. شۇڭا ئۇنىڭدا بىر خىل سېھرىي ئىقتىدار، بويۇكلۈك، ئۇلۇغلۇق بار. شۇ سەۋەبتىن ئۇ ئەمدىلا ئۆملىگۈدەك بولغاندا تېخى كۆرۈپ باقمىغان ھەم شۇ ياشتىكى باللار تېخى بىلىپ بولالمايدىغان، گاھ ئىمارەتكە، گاھ ئېگىز چوققىغا، گاھ ماشىنىغا ئوخشايدىغان شەكىللەرنى سىزىدۇ. مەكتەپكە بارىدىغان بولغاندىن كېيىنمۇ قۇياش، ئاي، يۇلتۇزلارغا ئوخشاش ئاسمان جىسىملىرىنىڭ شەكلىنى سىزىپ، ئۇلارنى يەنە بىر كىچىكرەك شارچە بىلەن ( ئېھتىمال، يەر شارى بولسا كېرەك ) تۇتاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ رېئاللىقتىن ھالقىپ كەتكەن تەسەۋۋۇرىنى، پىكرىنى، ئىدىيىسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىڭ قەلبى ئاشۇ كەڭ كائىناتقا تەلپۈنگەن، بىر خىل چەكسىزلىككە، يۈكسەكلىككە تەلپۈنگەن. ئۇ ئۆزى ئۈچۈن ئەڭ چوڭ ھاياتىي كۈچنى قۇياشتىن ئالىدۇ، قۇياشقا، ئېھتىمال قۇياش سىمۋول بولغان ھەممە نەرسىگە تەلپۈنىدۇ. قۇياشنى كۆرگەندە « قۇياشقا تىكىلگەن كۆزلىرى ئىككى تال چوغدەك ئۇچقۇندايدۇ، ئۇنىڭ سۇزۇك ۋە ئاق چېھرىدە قۇياشنىڭ ئاداققى نۇرلىرى جۇلالىنغاندەك، ئۇنىڭ يۈزلىرى ھېلىلا ئوتتىن ئالغان مېتال پارچىسىدەك لاۋۇلداپ يېنىپ كېتىدۇ » . دېمەك ئۇ مۇشۇ دەۋر ئۈچۈن ھەقىقەتەن بىر قىممەتلىك روھ ھېسابلىنىدۇ، ئۇ ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى ئوبراز ياكى قەستەن سىرلىقلاشتۇرۇلغان، غەلىتىلەشتۈرۈلگەن پېرسوناژ ئەمەس. گەرچە ئۇ ئاشۇنداق بىر مۆجىزە سۈپىتىدە بۇ دۇنياغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن كېلىپلا مۇڭلىنىپ، خىيالغا پېتىپ قالىدۇ، كېيىنچە بۇنداق مۇڭ ۋە خىيال تېخىمۇ روشەنلىشىدۇ. ئۇنى مۇنداق تېخىمۇ مۇڭلۇق ۋە خىيالچان قىلىپ قويغان، بىز بىلىدىغان سەۋەب ئۇنىڭ دادىسى، دادىسىنىڭ ئادەملىكتىن يىراقلىشىپ كەتكەن خۇي ـ پەيلى. « ئاتىللا دادىسىدىن قورقىدۇ، ئۇنىڭدىن قاچىدۇ. دەسلەپتە ئانا بۇنى چۇنچىبايىنىڭ توڭلۇقى، بالىغا ئاتا مېھرىنى كۆرسەتمىگەنلىكىدىن دەپ چۈشىنىدۇ. لېكىن، كېيىنچە ئانا بۇنىڭ سەۋەبىنى غۇۋا ھېس قىلىپ قالىدۇ » . چۈنكى « چۇنچىباي كاۋاپتىن ۋە پۇلدىن باشقىنى كەمدىن ـ كەم ئويلايتتى، مەھەللىدىكى توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم، نەزىرلەرگە زادىلا بارمايتتى. ھېچكىم بىلەن راپاۋەتچىلىق قىلمايتتى. مەھەللىدىن كىملەر كېتىپ، كىملەر كېلىدۇ، كىملەرنىڭ بېشىغا نېمە كۈنلەر چۈشتى، مەھەللىنىڭ كوچىسىنى سۇ باسامدۇ، كىملەرنىڭدۇ باغ ـ ۋارىنىغا ئوت كېتەمدۇ، كىم ـ كىملەر بىلەن قۇدىلاشتى، كىملەر ئۆلۈپ ـ كىملەر قالدى ... ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى چۇنچىباينى قىزىقتۇرالمايتتى. ئۆز ئۆيىدە بولسا ئايالى

بىلەن بالىسى ئۇنىڭ نەزەرىدە خامانىنىڭ مومىسىنى ئايلىنىپ چۆرگىلەيدىغان سېيىر بىلەن مۇزاي ئىدى. ئۇلار چۆرگىلىسىلا، مومىنى - چۈنچىبايىنى ئايلىنىپ چۆرگىلىسىلا بولاتتى... لېكىن ئاتىللا نېمىشقىدۇر مۇشۇ مومىدىن قورقاتتى. ئۇنى ئايلىنىپ چۆرگىلەۋېرىشكە رازى ئەمەستەك قىلاتتى. ئۇ گويا يۇلقۇناتتى، تېپىرلايتتى، تىرە جەيتتى، ئۈنسىز چۇقان سالاتتى». بۇ بايانلاردىن ھېس قىلىش قىيىن ئەمەسكى، چۈنچىباي پۇل تېپىش ئۈچۈن ھەممىدىن ۋاز كەچكەن، پۇل تاپىمەن دەپ ھەممىدىن مەھرۇم بولغان. ئۇ «كېچە - كۈندۈز پۇل ۋەسۋەسىسىدە ئۇخلىيالمايدۇ، لېكىن پۇل تاپالمايدۇ. شۇنداقتىمۇ پۇل تېپىش ئارزۇسىدىن ۋاز كېچەلمەيدۇ، مۇشۇ ئىزتىراپ ئىچىدە قىيىنىلىدۇ، پۇچىلىنىدۇ، ئۆرتىنىدۇ ... ئۇنىڭ يۈرىكىدە ئەمدى لاۋۇلدايدىغىنى پۇلنىڭ ئوتى بولۇپ قالىدۇ». چۈنچىبايىنىڭ ئارزۇ قىلىۋاتقىنى پۇل، ھەر خىل ۋاستىلەر بىلەن پەقەت پۇل تېپىش. شۇڭا ئۇ ئوغلىنىڭ مەكتەپكە بېرىش ئارزۇسى بىلەن، پۇل تېپىشقا بولغان نارازىلىقى بىلەن، ئۆزىدىن قورقىدىغانلىقى بىلەن، ئاجايىپ ئۇلۇغۋار تەلپۈنۈشى بارلىقى بىلەن قىلچە ھېسابلاشماي، ئۇنى ئۆزىنىڭ پۇل تېپىشىغا ياردەملىشىشكە مەجبۇرلايدۇ. ئوغلى قىلغان سودا بازارلىق بولۇپ كەتكەن كۈنى سودا ئۈچۈنلا ئوغلىدىن سۆيۈنىدۇ. لېكىن ئاتىللا بۇ پۇللاردىن شۇنچىلىك يىرگىنىدۇ، دادىسى تاپقان پۇللارنى كۆرگەن ھامان ئۇنىڭ كۆزىدە «بىر يېرى قاتتىق ئاغرىغان تىلسىز ھايۋاننىڭ كۆزىدە بولىدىغان بىچارىلىق، ئېگىز چوققىدىن نامەلۇم چوڭقۇرلۇققا چۈشۈپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان ئادەمنىڭ كۆزىدە بولىدىغان قورقۇنچ، سۇغا چۈشۈپ كېتىۋاتقان ئادەمنىڭ كۆزىدە بولىدىغان ئازاب... ئەلەڭگىيدۇ». چۈنكى بالا بىر تەرەپتىن، بۇ پۇللارنىڭ مەينەتلىكىنى، ئۇلارنىڭ پەقەت پۇل ئىكەنلىكىنى، ھەرگىز ھەققىي بايلىق ئەمەسلىكىنى بىلىدۇ، دادىسىنىڭ نۇرغۇن قىممەتلىك نەرسىلىرىنى — ئادەملىكىنى، پەزىلەت - ئىقتىدارلىرىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلىرىنى ئاشۇ نەرسە بىلەن تېگىشىۋېتىپ، ئۈزۈل - كېسىل نامرات بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى ناھايىتى چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى بىر خىل ئادەملىك روھ بىلەن تولغان. ئۇ ھەممىدىن ئاشۇ پۇلدىنمۇ قىممەتلىك نەرسىنى قەدىرلىگەن، شۇڭا ئاشۇ قىممەتلىك نەرسىنى يوقاتقان دادىسىدىن، پۇلدىن قورقىدۇ، ئۇلاردىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا تۇغۇلۇشىدىنلا بىر خىل پاكلىق، يۈكسەكلىك بار. ئۇ مۇشۇ پاكلىقى، يۈكسەكلىكى بىلەن ئادەتتىكى ئادەملەردىن پەرقلىنىدۇ. ئاتىللا بۇ دۇنياغا كەلمەكچى بولغاندا «... ئانا ئۇ ئادەملەرنىڭ باش قويۇۋاتقان جاينامازلىرىغا بىر - بىرلەپ سەپسالدى. ئۇ جاينامازلار تولىمۇ مەينەت ھەم بۇلغانغان ئىدى. ئانىنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى. پۇت - قولىدىن ماغدۇر قېچىپ، تۇرغان ئورنىغا تىزلىنىپ قالدى. بىر ھازادىن كېيىن ئانا تىرىشىپ - تىرمىشىپ ئورنىدىن تۇردى - دە، ئادەملەر توپىدىن ئايرىلىپ، بىر قەلئە خارابىسىگە قاراپ ماڭدى... بۇ خارابىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەيدان ھېلىلا سېرىپ - سۈپۈرۈپ قويۇلغاندەك تازا ئىدى. بۇ يەردە پاكىز ئۆسكەن ئوت - چۆپلەر ياشناپ تۇراتتى. ئانا ئاشۇ خارابىنىڭ توپىسىدا تەيەممۇم قىلىپ نامازغا تىك چۆكتى. خارابىنىڭ ئىسسىق ۋە تازا توپىسى ئۇنىڭغا ماغدۇر بەردى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ ھامىلدار بول-

غانلىقى بايقالدى .» بۇ جەھەتتىن ئالغاندا، ئاتىللا يەنە بىر خىل پاكلىقنىڭ، ھەقىقىي ئادەملىك پەزىلەتلەرنىڭ، بىر خىل يۈكسەكلىكنىڭ سىمۋولى. لېكىن چۇنچىبايىنىڭ بۇلار بىلەن قىلچە كارى يوق، ئاتىللا پۇلنى كۆرگەندە قورقۇپ، تىترەپ، يىرگىنىپ تۇرسىمۇ، يىغلاپ ـ قاقشىسىمۇ، كېچىلىرى جۆيلۈپ، قىزىپ چىقسىمۇ، چىرايىدىن يارقىن، ئىسسىق نۇر ئۆچكەندەك قىلسىمۇ، كۆك كۆزلىرىدە بىر ۋەھىمىلىك كۆلەڭگە، چۈشىنىپ بولمايدىغان ھەسرەت قېتىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىنچىكە ۋە ئۇزۇن بارماقلىرى قانسىزلىنىپ ئاقىرىپ، تىترەپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن چۇنچىباي ئوغلىنىڭ ھاياتى بەدىلىگە ( گەرچە ئۇ ئۇلۇغ بىر ھاياتلىق بولسىمۇ ) پۇل تېپىشنىلا ئويلايدۇ، پۇلدىن باشقىنى خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ. ئاخىرىغا كەلگەندە ئاتىللا دادىسىنىڭ پۇل تېپىشىنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ چۇنچىباي پۇل بىلەن ئوغلىنى، پۇل بىلەن شۇنداق ئۇلۇغ بىر سىمانى، پۇل بىلەن شۇنداق قىممەتلىك بىر روھنى تېگىشىدۇ. كىتابخانلارغىمۇ مەلۇم، چۇنچىباي ھەقىقەتەن ناھايىتى نۇرغۇن پۇلغا ئېرىشتى، لېكىن ھەقىقىي بايلىققا ئېرىشەلمىدى. ئۇ پۇلنى دەپ نېمىدىن قۇرۇق قالغانلىقىنى ھېس قىلغان چاغدا، ئۇنىڭ ئۈچۈن پۇل پۇل بولماي، ھايات ھايات بولماي قالدى. ھېكايىنىڭ تېخىمۇ قىممەتلىك تەرىپى ( مەزمۇن جەھەتتىكى ) سىمۋوللار ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن، تېخىمۇ توغرىسى بېشارەت بېرىلگەن مانا مۇشۇ ئىدىيە ـ پىكىر بولسا كېرەك. ماقالىنى ئوقۇپ كېلىۋاتقان كىتابخان ئاللىقاچان ھېس قىلىپ بولدى. ھېكايىدىكى چۇنچىبايمۇ بىر سىمۋول، ئۇ ھېچ بولمىغاندا، جەمئىيىتىمىزدىكى، خەلقىمىز ئارىسىدىكى پۇلغا ھەممىدىن ئارتۇق چوقۇنىدىغان، پۇل ئۈچۈن ھەر قانداق رەزىللىكلەرنى قىلىدىغان، پۇلنى ھاياتتىنمۇ ئارتۇق كۆرىدىغان، پۇل تاپىمەن دەپ ھەممىدىن قۇرۇق قېلىۋاتقان، ھەتتا ئادەملىكنى، ئۇلۇغلىقنى، ئىلىم ـ مەرىپەتنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتقان خاھىشنىڭ، قىسقىسى، ئادەملىكنىڭ يوقىلىپ، پۇلنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا ئۇچراپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ سىمۋولى ( ئەلۋەتتە بۇ يەردە سىمۋولنى قويۇپ تۇرغاندا، چۇنچىبايىنى پۇل تېپىشقا مەجبۇرلاۋاتقان نامراتلىقمۇ بار. لېكىن بۇ ماھىيەتلىك مەسىلە ئەمەس، يازغۇچىنىڭ كۆپرەك يازغىنى چۇنچىبايىنىڭ پۇلنى دەپ ھەممىدىن كەچكەنلىكى، ھەممىدىن قۇرۇق قالغانلىقى، بىر ھاياتلىقنىڭ، ئوغلىنىڭ جېنىدىنمۇ پۇلنى مۇھىم بىلگىنى ) . ئاتىللاغا كەلسەك، ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرى ۋە تەقدىرىدىن قارىغاندا ئۇ ھېچ بولمىدى دېگەندە چۇنچىباي ۋەكىللىك قىلىۋاتقان ئاشۇ ئادەملەر ۋە ئۇلار بىلەن بىر خىل خاھىشقا ئايلانغان يامان كەيپىيات، مەنىۋى رەزىللىكلەرنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىۋاتقان ئېسىل ئادەمىي خىسلەت، پاكلىق، ياخشىلىق، ئۇلۇغلۇق، ئېتىقاد ، ئۈمىد، تەلپۈنۈش... لەرنىڭ سىمۋولى. دېمىسىمۇ راستقۇ، كېيىنكى يىللاردا ئەۋج ئالغان پۇلغا قارىغۇلارچە چوقۇنۇش، ھەممىدە پۇلنى ئاساس قىلىش، پۇل ئۈچۈن ھەممىنى قىلىش، ھەممىدىن ۋاز كېچىش، ھەممىنى بېغىشلاش... تىن ئىبارەت يامان خاھىش بىزنى نۇرغۇن قىممەتلىك نەرسىلىرىمىزدىن مەھرۇم قىلدى. ھاياتىمىزغا، چۈشەنچىمىزگە، ئېتىقاد ـ ئەنئەنىمىزگە پايدىسىز، ھەتتا بۇزغۇنچىلىق قىلىش خاراكتېرىدىكى تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. گەرچە بۇ ئومۇمىيلىق بولمىسىمۇ، لېكىن رېئاللىقىمىزدا ھەقىقەتەن مەۋجۇت.

يازغۇچى ھېكايىسىدا چۈنچىباينىڭ ئاخىرىدا پۇلنىڭ ھەققىي، بىردىن - بىر بايلىق ئەمەسلىكىنى، پۇل تېپىشنىڭ مەقسەت بولالمايدىغانلىقىنى، دۇنيادا پۇلدىنمۇ ئۇلۇغ، پۇلدىنمۇ قىممەتلىك نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى يېزىپ ناھايىتى ياخشى قىلغان. ئەسەرنىڭ ئېستېتىك ئۈنۈمىنى ئاشۇرغان يېرى چۈنچىباينىڭ بۇنى بەك كېچىكىپ ھېس قىلغانلىقىدىن ئىبارەت.

سىمۋوللاشتۇرۇش ئۇسۇلى بۇ ھېكايىدە ھەقىقەتەن ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن قوللىنىلغان. ئەسەردە سىمۋول قوللىنىلغانلىقى، ئاتىللا، چۈنچىباي سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈنلا بۇ ھېكايە بالىنىڭ دادىسىغا كاۋاب سېتىپ بېرىشكە نارازى ئىكەنلىكى، دادىسىنىڭ ئۇنى مەجبۇرلىغانلىقى، مۇشۇ مەجبۇرلاش تۈپەيلى دادىسىنىڭ كۆپ پۇل تاپقانلىقى، بالىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى تەسۋىرلەنگەن ئاددىي ھېكايە بولماي، بەلكى بىز يۇقىرىدا مەنىسىنى سۆزلىگەن ئاشۇنداق بىر ياخشى ھېكايە بولۇپ چىققان. ئەگەر ئەسەردىكى پېرسوناژلار سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە بولمىغان بولسا، بۇ ئەسەرنىڭ رېئاللىقنى ئۈنچىۋالا چىن، چوڭقۇر، جانلىق ھەم بەدىئىي ئىپادىلەپ بېرىشى، جەمئىيەتتىكى بۇنداق ئابستراكت خاھىشنى، مەنىۋى دۇنيادىكى بۇنداق ئابستراكت ھالەتنى ئىپادىلەپ بېرىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنداقلا بۇ ئەسەرنىڭ بەدىئىي سېھرىي كۈچى بۇنچىلىك دەرىجىگە يەتمىگەن بولاتتى.

مۇھەممەد باغراشنىڭ ھەممىمىزگە تونۇشلۇق بولغان «تۆتقۇلاق» ناملىق ھېكايىسىمۇ ناھايىتى ياخشى يېزىلغان سىمۋوللۇق ھېكايىلارنىڭ بىرى. يازغۇچى بۇ ھېكايىسىنىمۇ ئالدىنقى ھېكايىسىدىكىگە ئوخشاش خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئېتىقاد چۈشەنچىسىنى ئاساس قىلىپ باشلىغان. كىشىلەر «توي قىلمىغان قىزغا ئۈچقۇلاقلار ئارىسىدىن تۆتقۇلاق ئۇچراپ قالسا، ئۇ قىز چوقۇم نىكاھتا بەختلىك بولىدۇ، ئۇنداق قىزنىڭ ئەردىن تەلىيى كېلىدۇ ...» دېيىشىدۇ. ئۇنىڭغا توققۇز تال تۆتقۇلاق ئۇچرىغان كۈنى ئۇ ئۆزىنى ئەرگە بېرىدىغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلايدۇ. دېگەندەك ئۇ مەكۇنا بىلەن توي قىلىدۇ. مەكۇنا نەدىن كەلگەنلىكى نائېنىق كەلگۈندى ئىدى. ئۇ تويدىن كېيىن ئايالىنىڭ ھالىغا يەتمەيدۇ، ئۇنىڭ تەلپىنى قاندۇرمايدۇ. ئۇ پەقەت دېھقانچىلىق، يەر ئېچىش، يەر كېڭەيتىش بىلەنلا بولىدۇ. ئېرىدىن كۆڭلى سۇ ئىچمىگەن ئايال تەلپىنى مەھەللىدىكى تازدىن قاندۇرماقچى بولىدۇ. لېكىن مەكۇنا بۇنى بىلىپ قېلىپ، ئايالنى قاتتىق ئۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئەركىنلىكىنى بوغىدۇ. قېرىشقاندەك ھويلا - ئارامنى، ھەتتا ئۆي ئىچىدىكى ئوچاق بېشىنى تۆتقۇلاقلار قاپلاپ كېتىدۇ، لېكىن ئايالنىڭ تۇرمۇشىدا ھېچبىر يېڭىلىق، ئۆزگىرىش بولمايدۇ، مەكۇنا يەنىلا قېلىپ قېيىن ئاتىسىنىڭ ئىگىلىكىنى ئۆز قولىغا ئېلىپ تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇش كويىدا يۈرىدۇ. ئاچچىقى كەلگەن ئايال تۆتقۇلاقلارنى چاناپ - يەنچىۋېتىدۇ، لېكىن تۆتقۇلاقلار چانالمايدۇ، يەنچىلمەيدۇ، ياشناپ تۇرىۋېرىدۇ. ئايال ئۈمىدسىزلىنىپ، ھالسىزلىنىپ كېتىدۇ. بىر كۈنلىرى بولغاندا ئۇ خىيالىي دۇنياسىدا تاز چاق بىلەن ئۇچرىشىپ ھايات لەززىتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. بۇ ئىش داۋاملىشىدۇ ...

بۇ ھېكايىدىكى تۆتقۇلاق، ئايال، مەكۇنا قاتارلىق ئوبرازلارنىڭ ھەممىسى، مېنىڭچە

سىمۋول. سىمۋول بولغاندىمۇ ناھايىتى ياخشى يارىتىلغان سىمۋول. شۇنداقتىمۇ بىز بۇ يەردە پەقەت تۆتقۇلاق سىمۋولى ھەققىدىلا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتەيلى. ئەسەرنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىدىن قارىغاندا، تۆتقۇلاق كىشىلەرنى ئۈمىدلەندۈرىدىغان، تەلپۈندۈرىدىغان، بەختكە ئېرىشتۈرىدىغان ئابستراكت نەرسىنىڭ سىمۋولى. ئايال ئۈچۈن ئېيتقاندىلا ئەمەس، ئەنئەنىۋى قاراشلاردىمۇ ئۇ ئايال بەختىنىڭ، تەلىيىنىڭ بېشارىتى. شۇڭا ئۇ تۆتقۇلاقنى كۆرگەندە خۇشال بولىدۇ، لېكىن تويدىن كېيىن ئۇ ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمەيدۇ، ئۇنىڭ تەلىيى كەلمەيدۇ. بارغانسېرى ئۇنىڭ ئۈمىدلىرىمۇ يوقىلىپ بارىدۇ. كىشىنى ئۈمىدلەندۈرىدىغان نەرسە بولغىنى بىلەن، ئۈمىد ـ تەلەپلەر شۇنچىلىك كۈچلۈك بولغىنى بىلەن شارائىت ئەنە شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن (مەكۇنا يارامسىز، يا تەلەپنى ئۆزى قاندۇرمايدىغان، يا قاندۇرغىلى قويمايدىغان بولغاچقا)، ئۇلار ھېچ ئەمەلگە ئاشمايدۇ. ھەممە يەرنى تۆتقۇلاق قاپلاپ كەتسىمۇ، لېكىن ئايالنىڭ تۇرمۇشىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمايدۇ. ئايالنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى چاناپ چەيلىۋەتسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەنە دىرىڭلاپ تۇرۇپ ياشناۋېرىدۇ. دېمىسىمۇ كىشىنى ئۈمىدلەندۈرىدىغان، تەلپۈندۈرىدىغان نەرسە ھامان بولىدۇ، ئۇنىڭغا بولغان ئۈمىد، تەلپۈنۈش ۋە باشقا ھېسسىياتلار بولمىسا بولمايدۇ، ئۇنى يوقىتىمەن دەپمۇ يوقاتقىلى بولمايدۇ. دېمىسىمۇ راستقۇ. ھەممىمىزنىڭ ئوخشىمىغان ئۈمىدلىرىمىز، تەلەپلىرىمىز بولىدۇ، ئۇلارنى ھامان مەلۇم نەرسىلەرگە باغلايمىز. ئۇلارغا ئېرىشىش ئىستىكىدە بولىمىز، بەزىلىرىگە ئېرىشەلىگىنىمىز بىلەن بىر مۇنچىلىرىغا ئېرىشەلمەيمىز، بەزىلىرى زادى رېئاللىققا ئايلانمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا خىيالىمىزدا ئېرىشىپ، كۆڭلىمىزنى شۇ ئارقىلىق ئاۋۇندۇرىمىز. ئەسەردە ئايالنىڭ روھىي ھالىتى مانا مۇ شۇنداق بولىدۇ. بۇ تەرەپنى دېسە ئەسەردە ھايات ھەققىدىكى مانا مۇ شۇنداق پەلسەپىۋى پىكىر ئىپادىلەنگەن دېگۈسىمۇ كېلىدۇ ئادەمنىڭ. دېمەك ئەسەردە تۆتقۇلاق ئايالغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەمدى ئەمەلگە ئېشىشى قىيىن بولغان ئۈمىد، تەلەپنىڭ سىمۋولى.

توختى ئايۇپنىڭ «بۆشۈك» ناملىق ھېكايىسىنىمۇ سىمۋوللاشتۇرۇش ئۇسۇلى ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن قوللىنىلغان ھېكايىلارنىڭ بىرى دەپ ئاتاش مۇمكىن. بۇ ھېكايىدىمۇ باشقا سىمۋوللۇق ھېكايىدىكىلەرگە ئوخشاش كۆرۈنۈشتە ئۇنچە كەسكىن ياكى مۇرەككەپ ۋەقەلىك يېزىلمىغان. تارىم ۋادىسىدا سەلتەنەتلىك ھايات كەچۈرگەن ئەجداد ساھىبقىراننىڭ نەچچە يۈز يىل ياشىغان ۋارىسى ــ بۆشۈكچى بوۋاي قايناق بازارنىڭ بىر چېتىدە بۆشۈك ساتىمەن دەپ ئولتۇرىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ قانچە ئۇزۇن ساقلىشىدىن، خېرىدارلاردىن قانچە ئۈمىد كۈتۈشىدىن قەتئىينەزەر بۆشۈكلىرى سېتىلمايدۇ. كىشىلەرنىڭ بۆشۈك ئالماس بولۇپ قېلىشىدىن، بۆشۈكنىڭ خاسىيىتىنى ئۇنتۇپ كېتىشكىنىدىن بوۋاي ناھايىتى بىئارام بولىدۇ. لېكىن بۆشۈك خاسىيەتلىك ھەم زۆرۈر بولغاچقا، ئۇنى كىشىلەرنىڭ ھامان ئالىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ئېغىر ئاياغ ئايالنى ئەگەشتۈرۈپ تېنىگەندىن بېرى بوۋاينىڭ قېشىغا كېلىپ قالىدۇ. بوۋاي بالا ئۈچۈن بارلىق ياخشىلىق، ئەقىل ـ پاراسەت، ئەخلاقىي ـ پەزىلەت، ئىمان ـ ئېتىقادنىڭ بۆشۈكتىن كېلىدىغانلىقىنى، بالا بۆشۈكتە ياتسا تەڭرىمۇ ئۇنى يوقلايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. لېكىن

تېپىنگەن بۆشۈكنى ياراتمايدۇ، بوۋاي بۆشۈكنى ئۇنىڭغا بىكارغا بەرمەكچىمۇ بولىدۇ. لېكىن ئۇ ئالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بالا ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن چۈشكىلى ئۇنىمايدۇ. ئۆزىگە بۆشۈك ئېلىپ بەرمىگەن، بۆشۈكنى كەمسىتكەن دادىسىدىن نەپرەتلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئاخىر مۆجىزە يۈز بېرىپ، تېپىنگەن دادا ئەسلىگە قايتىپ، ئۆز بالىسىغا ئوخشاش، بالىسى بىلەن بىللە بۆشۈكتە يېتىپ، تەڭرىنىڭ رەھمىتىگە، ئانىنىڭ مېھرى ـ شەپقىتىگە ئېرىشىدۇ، قايتىدىن ئادەم بولىدۇ...

بۇ ھېكايىدىكى بۆشۈكمۇ، بوۋايمۇ سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە. بۇ، ئەسەرنىڭ ئۆزىدىن ناھايىتى ئېنىق بىلىنىپ تۇرىدۇ. يازغۇچى بوۋاينىڭ ئەسلىمىسى، بايانى، بوۋاقنىڭ تىلى ۋە ئەسەر ئاخىرىدىكى ئاپتور بايانى ئارقىلىق بۆشۈكنىڭ ھەقىقەتەن ناھايىتى ئۇلۇغ، خاسىيەتلىك ھەم زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرگەن. ئەسەردىن مەلۇمكى، بۆشۈك ــ ئادەمنى ئادەم قىلىپ تۇرىدىغان نەرسىلەرنىڭ، يەنى ئەقىل ـ ئىدراك، ئەخلاقىي ـ پەزىلەت، مېھرى ـ ۋاپا، مۇھەببەت ـ نەپرەت، ئادەملىك روھ، ئىنسانىي شىجائەت ۋە ئېتىقاد... نىڭ سىمۋولى. بوۋاينىڭ ئېيتىقىنىدەك، بۇنداق ئادەمنى ئادەم قىلىپ تۇرىدىغان نەرسىلەر ئەۋلادتىن ئەۋلاد داۋاملىشىپ بېرىشى كېرەك. لېكىن بوۋاي بۆشۈكلىرىنى ساتالمايدۇ، ئۇنى بىكارغا بېرەي دېسىمۇ ئالىدىغان ئادەم چىقمايدۇ. شۇڭا ھېلىقىدەك تېپىنگەنلەر ئانىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپمۇ قىلچە ئازاب ھېس قىلمايدۇ، بوۋاق تۇغۇلۇشنى خالىمايدۇ. دېمەك، يازغۇچى بۆشۈكلەرنىڭ سېتىلماي قېلىۋاتقانلىقىنى يېزىش ئارقىلىق رېئاللىقىمىزدىكى، جۈملىدىن مەنىۋى دۇنيايىمىزدىكى يامان خاھىش، بۇزۇلۇشلارنى كۆرسىتىپ بەرگەن. بوۋاي بۆشۈكلىرىنىڭ چوقۇم سېتىلىپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ، كىشىلەر چوقۇم بۆشۈكنى ئالىدۇ، بۆشۈكنى ئۇلۇغلايدۇ دەپ قارايدۇ، ئاخىر بوۋاينىڭ گېپىنىڭ راستلىقى ئىسپاتلىنىدۇ... ئەمدى بوۋايغا كەلسەك، ئۇ كىشىلەرنى، ئەۋلادلارنى ئادەمىيلىككە، ئادەمىيلىك پەزىلەتلەرگە دەۋەت قىلىۋاتقان، كىشىلەرنىڭ، ئەۋلادلارنىڭ ھازىرى ۋە كەلگۈسىگە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان بىر خىل روھنىڭ سىمۋولى. ھېكايىدە بۆشۈك بىلەن بوۋاي سىمۋولى بىر ـ بىرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئەسەرنىڭ قىممىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان. دېمەك، بۇ ھېكايىدىمۇ بۆشۈك، بوۋاي ئوبرازلىرى سىمۋوللۇق مەنىلەرگە ئىگە قىلىنىپ، ئەسەر ئىپادىلىگەن مەزمۇننى، ئىدىيىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلۇققا، يۈكسەكلىككە ئىگە قىلغان. ئەسەرنىڭ بەدىئىي جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ئەسەرگە خېلى يۇقىرى بەدىئىي ئۇنۇم ئاتا قىلغان. ئەگەر بىز بۆشۈك، بوۋايلارنى سىمۋول دەپ قارىمىساق، بۇ ئەسەر بۇنداق چوڭقۇر مەنىلىك، يۇقىرى سەۋىيىلىك بولماي، بەلكى بىر پارچە ئادەتتىكى ئەسەرگە ئايلىنىپ قالغان بولاتتى.

يېقىنقى دەۋر ئەدەبىياتىمىزدا مەيدانغا كەلگەن سىمۋوللۇق ياكى تەركىبىدە سىمۋول بار ھېكايىلار پەقەت مۇشۇلارلا ئەمەس. بىز بۇ يەردە پەقەت مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ۋە كىتابخانلارغا بەكرەك تونۇشلۇق بولغان ئۈچ پارچە ھېكايىدىكى سىمۋوللىنىلا كۆرۈپ باقتۇق. كىتابخانلارغىمۇ ئايان بولدىكى، سىمۋول ئەسەردە مەلۇم چۈشەنچە، ئىدىيە ـ ھېسسىياتنى ئىپادىلەشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇللىرىدىن بىرى. سىمۋول ئارقىلىق مەقسەت ـ مۇددىئانى تېخىمۇ ئوبرازلىق، تېخىمۇ جانلىق، تېخىمۇ تەسىرلىك، تېخىمۇ بەدىئىي قىلىپ ئىپادىلىگىلى، ئەسەرنى كۆپ قاتلاملىقتا، كۆپ خىل قىممەتكە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. سىمۋول بىلەن بىللە ھەر خىل تىل ماھارىتى، قۇرۇلما ماھارىتى، غەلىتىلەشتۈرۈش، سېھىرلەشتۈرۈش قاتارلىق ئۇسۇللارمۇ قوللىنىلىدىغان بولغاچقا، سىمۋوللۇق ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىي سەۋىيىسى خېلى ئۈستۈن بولىدۇ.

دەرۋەقە، سىمۋوللاشتۇرۇش ئۇسۇلى ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى بىردىن ـ بىر ئۇسۇل ئەمەس. لېكىن ئۇ باشقا ئۇسۇللارغا قارىغاندا ھەقىقەتەن مۇھىم ۋە ئۈنۈملۈك، ئاكتىپ ئۇسۇل. ئۇنىڭ ھېكايىچىلىقىمىزدا ئۈنۈملۈك قوللىنىلىشى، ھېكايىچىلىقىمىزنىڭ يەنە بىر مۇۋەپپەقىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

مۇھەممەتتۇرسۇن ئېلى

## ئەدەبىي ئوبزورچىلىقتىكى ئىدىيە ئىزدەش، ئىدىيە يۈكلەش خاھىشى ھەققىدە

ئۇزاقتىن بۇيان ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئۆلچىمى ھەققىدە سۆز بولسىلا، «مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەر بىر تەرەپتىن، كىتابخانلارغا ئىدىيىۋى تەربىيە بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلارنىڭ بىلىم سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، يۇقىرى كۆتۈرىدۇ» دەپ قارىلىپ، ئىدىيىۋىلىك ئۆلچىمى كۆچەپ تەكىتلەندى. نەتىجىدە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يازغۇچى، شائىرلارنىڭ مەلۇم ئىدىيىنى ئوبراز ۋاسىتىسىدىن پايدىلىنىپ ئىپادىلىشى دەپ قارايدىغان، ئەدەبىي ئوبزورچىلىقنى ئەسەردىكى ئوبراز ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن مەركىزىي ئىدىيىنى تېپىش دەپ چۈشىنىدىغان، ئەدەبىي زوقنى بولسا، ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىدىن تەسىرلىنىش ۋە تەربىيىگە، بىلىمگە ئىگە بولۇش دەپ بىلىدىغان بىر تۈر كۆز قاراش يېتىشىپ چىقتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئوبزورچىلىق مۇنبىرىدە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى باھالاشتا ئىدىيىۋىلىكنى بىردىن-بىر ئۆلچەم قىلىۋېلىپ، ئەسەرلەردىن ھەدېگەندىلا ئۆزىنىڭ كۆتكىنىدەك، ئۆز غايىسىدەك ئىجتىمائىي ئىدىيىلەرنى ئىزدەش، ئۇنداق ئىدىيىلەرنى تاپالمىسا، ئۇلارغا ئۆز مەيلىچە ئىدىيە يۈكلەشتەك بىر خىل خاھىش ئەۋج ئېلىپ كەتتى. ئەدەبىي ئوبزورچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئەسەر باھالاش، زوقلىنىش ئەمەلىيىتىنى كونترول قىلىدىغان يوشۇرۇن ئېڭىغا ئايلىنىپ كەتكەن بۇ خىل خاھىشنىڭ 90-يىللاردىن كېيىنكى ئەدەبىي ئوبزور چىلىقىمىزدىمۇ يەنىلا يېتەكچى رول ئويناۋاتقانلىقى ئادەمنى ئەپسۇسلاندۇرماي قالمايدۇ.

مەن تۆۋەندە ئىدىيىۋىلىكنى ئەسەر باھالاشنىڭ بىردىن-بىر ئۆلچىمى قىلىۋېلىپ، ئەسەرلەردىن ئىدىيە ئىزدەش ۋە ئەسەرلەرگە ئىدىيە يۈكلەش خاھىشىنى ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىگەن دەپ قارىغان بەزى ئوبزورلارنى ئاساس قىلىپ، بۇ خىل ئوبزورچىلىق خاھىشىغا قارىتا ئۆز قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن. شۇنى ئەسكەرتىمىزكى، مېنىڭ ئوبيېكت قىلغانلىرىم «تارىم» ژۇرنىلىدا يېقىنقى يىللاردا ئېلان قىلىنغان، ئاساسلىقى «تارىم» نىڭ 1993-يىللىق سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان ئوبزورلاردۇر.

بىرىنچى، ئەسەردە ئىدىيە بولغاچقىلا، ماختاش خاھىشى.

بۇ خىل خاھىش ئاساسەن شېئىرىي ئەسەرلەرنى باھالاشتا كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ خىل خاھىشتىكىلەر ئەسلىدە شېئىرىيەت ئېستېتىكىسىنىڭ شائىرلاردىن ئۆز ھېسسىياتىغا سادىق بولۇشنى، ھېسسىياتنى ئەسلى ھېسسىيات ھالىتىدە ئىپادىلەشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى، شۇڭا ھېسسىياتنى ھېسسىيات ھالىتىدە ئەمەس، بەلكى ئابستراكت ئۇقۇملاردىن تەركىب تاپقان ئىدىيە ھالىتىدە ئىپادىلىگەن ياكى ھېسسىيات ئىدىيىگە ئايلاندۇرۇلۇپ قويۇلغان شېئىرلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتسىز شېئىر ھېسابلىنىدىغانلىقىنى ئېتىبارغا ئالماي، دەل شۇنداق مۇۋەپپەقىيەتسىز چىققان. ھېسسىياتنى ئىدىيىگە ئايلاندۇرۇپ قويغان شېئىرلارنى ئىدىيە بولغاچقىلا، مۇۋەپپەقىيەتلىك شېئىر دەپ قاراپ، ماختاپ مەدھىيىلەيدۇ. بۇنىڭغا ئوسمان سىلىمنىڭ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1993 ـ يىللىق 8 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «مەنزىرە ئىچىدىكى ھېسسىيات ۋە ھېسسىيات ئىچىدىكى مەنزىرە» ناملىق ماقالىسىنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ.

مەزكۇر ماقالە شائىر ئابلەت ئابدۇللانىڭ «ئاق دالا» ناملىق شېئىرلار توپلىمى ھەققىدە يېزىلغان. ئوبزور ئاپتورى مەزكۇر ماقالىسىنى بۇ توپلامغا «شائىر ئىجادىيىتىنىڭ تازا ۋايىغا يېتىۋاتقان مەزگىلىدىكى... 57 پارچە ئەسىرى كىرگۈزۈلگەن» دەپ باشلىغان. بۇ قۇرلارنى ئوقۇغان ئوقۇرمەن «شائىرنىڭ ئىجادىيەتتە تازا ۋايىغا يېتىۋاتقان مەزگىلىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلىرى ھەققىدە باھا ھەم تەھلىل ئېلىپ بېرىلسا كېرەك» دېگەن ئوي بىلەن ماقالىنى ئوقۇپ تاماملىغاندا، ئۆزىنىڭ خاتالاشقانلىقىنى ئاسانلا ھېس قىلىدۇ.

ماقالىدا ئوبزور ئاپتورى ئالدى بىلەن بۇ توپلامدىكى «سېنىڭ ئىشقىڭ» ناملىق شېئىردىكى:

«ياق!
بولمايمەن تەبىئەت ھۆسنى،
تەبىئەتتە يوق ھېسسىيات، يۈرەك.
سېنىڭ چەكسىز ئۇلۇغ سۆيگۈڭنى،
سېزىش ئۈچۈن پاك يۈرەك كېرەك.»

دېگەن كۇپلېتنى مىسال ئېلىپ، «ۋەتەننى، زېمىننى پەقەت پاك يۈرەك ئىگىسىلا سۆيەلەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى ئېچىپ بېرىدۇ» دەپ يازىدۇ. دېمەك، بۇ يەردە شېئىرىي شەكىلدىكى ئىدىيە نەسرىي شەكىلدە قايتا بىر قېتىم بايان قىلىنغان، خالاس.

«مەن شېئىرنى يازمايمەن،
شۆھرەت ئۈچۈن، پۇل ئۈچۈن،
مەن شېئىرنى يازىمەن،
ئەۋلاد ئۈچۈن، ئەل ئۈچۈن.»

مانا بۇ ئوبزور ئاپتورى نەقىل ئالغان «مەن شېئىرمەن» ناملىق شېئىردىن ئېلىنغان بىر كۇپلېت. ئاپتور نەقىلدىن كېيىن شائىر بۇ شېئىردا «ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن يازىدىغانلىقى ۋە

قـانـداق يـازىدىغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ » دەپ يازىدۇ. ئەمدى ئۇ نەقىل ئالغان « ئىلى مۇھەببىتى » ناملىق شېئىردىكى بىر كۇپلېتنى كۆرەيلى:

« بۇ مېنىڭ بۆشۈكۈم ـــ
جان باغرىم ئېلى،
شۇ يەردىن ھاياتقا تاشلىدىم قەدەم.
بىلمەيمەن نېمىشقا بۇ يۇرتنىڭ تېشى،
ئەزىزدۇر مەن ئۈچۈن ئالتۇندىنمۇ ھەم. »

ئوبزور ئاپتورى بۇ شېئىر ھەققىدە « كىندىك قېنى تۆكۈلگەن سۆيۈملۈك يۇرتنىڭ تېشى ئالـتۇندىن قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى » ئوبرازلىق ھالدا ئىپادىلەيدۇ دەيدۇ. يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈ- نۈپ تۇرۇپتۇكى، ئوبزور ئاپتورى ئۆز دىققىتىنى شائىر ئابلەت ئابدۇللانىڭ ئىجادىيەتتە تازا ۋايىغا يېـتـىـۋاتـقـان مـەزگىللەردىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلىرىنى تەھلىل قىلىش، شۇ ئارقـىـلىق شائىر ئىجادىيىتىنىڭ مۇشۇ مەزگىلدىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى ھەم ئىجادىي مۇۋەپپەقىـ يەتـلـىـرىـنـى گـەۋدىـلـەنـدۈرۈپ بېرىشكە قاراتماستىن، بەلكى بىر قاراپلا ئىدىيىنى كۆرگىلى بولىدىغان شېئىرلاردىن ئىدىيە تېپىپ چىقىشقىلا قاراتقاچقا، ئەسلىدە ئابستراكت ئەقلىي خۇلاسە شـە كـلـىـدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدىيىدىن باشقا بىر نەرسە تېپىلمايدىغان بۇ شېئىرلارنى ئىدىيە بولغاچقىلا ماختىغان.

ئىككىنچى، ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى ئىدىيىگە تاقاپ قويۇش خاھىشى.

بـۇ خـىـل خاھىشتىكىلەر ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئىپادىلەنگەن بىر پۈتۈن بەدىئىي مەنە ھەم بەدىئىي مەزمۇنلارنى مەلۇم بىر ئابستراكت ئىدىيىگە يىغىپ، ئەسەر مۇۋەپپەقىيىتىنى شۇنىڭغا تا- قـاپ ئىـسـپـاتلايـدۇ. بـۇ نەسرىي ئەسەرلەرنى باھالاش ھەم زوقلىنىشتا ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان، ئوبـزور چـىلىق ئەمەلىيىتىدە ئىنتايىن كەڭ ئومۇملاشقان بىر خىل خاھىش. بىز بۇ يەردە « تارىم » ژۇرنـىـلـىـنىڭ كىتابخانلاردىن خەت سەھىپىسىدە ئېلان قىلىنغان ئىككى پارچە خەتتىن نەقىل كۆرۈپ ئۆتۈش بىلەنلا چەكلىنىمىز.

« تـارىـم » ژۇرنـىـلـىـنـىـڭ 1990 ـ يـىـلـلـىق 7 ـ سانىدىكى « پاكلىق ختابى » ناملىق خـەتـتـە « يـازغـۇچى نۇرمەھەممەت توختىنىڭ 〈 ئامانەت 〉 ناملىق پوۋېستى جانلىق بەدىئىي ئوبـرازلار ئارقىلىق... پاك دىيانەتلىك ياشاشتەك ئىجتىمائىي ئىدىيىنى ئىلگىرى سۈرگەن ياخشى ئەسـەردۇر » ، « ئومـۇمـەن بۇ ئەسەر بۇگۈنكى ئەخلاق قۇرۇلمىمىزدا ھەل قىلىش جىددىي تەلەپ قـىـلىنىۋاتقان پاك بولۇش مەسىلىسىنى ماھىرلىق بىلەن يورۇتقان بولۇپ، كىتابخانلارنى مەمنۇن قىلىدۇ » دەپ يېزىلغان.

« تـارىـم » ژۇرنـىـلـىـنىڭ 1990 ـ يىللىق 5 ـ سانىدىكى « بۇ كىسەك ئىدىيە سىڭدۈرۈلگەن ئەسـەر » دېـگـەن خـەتتە « يازغۇچى زوردۇن سابىر 〈 تارىم سۆيى كەينىگە ئاقمايدۇ 〉 دېگەن ھېـكـايـىـسـىـدا... ئىسلاھات دەۋرىـدىـكـى ئۇلـۇغـۋار ئىـرادىـلـىـك قـەھرىـمـانلار ئوبـرازىنى

مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتقان، بۇ ھېكايىدە جەمئىيەتكە تۆھپە قوشۇشنى ئۇنتۇغان، ئۆزىنىلا باي بولۇش، ئۆزىنىلا شۆھرەت قازىنىشتىن باشقا مەقسەت، غايىسى بولمىغان... شەخسلەر ئوبراز ۋاسىتىسى بىلەن چوڭقۇر پاش قىلىنغان... كوممۇنىستىك غايە، گۈزەل ئەخلاق بىلەن ياشاش توسىغىلى بولمايدىغان قۇدرەتلىك ئېقىم ئىكەنلىكى نامايەن قىلىنغان »، « 〈 تارىم ئالدىراپ ئاقماقتا، ئۇ ھەرگىز ـ ھەرگىزمۇ كەينىگە ئاقمايدۇ 〉 مانا بۇ چوڭقۇر مەنىگە ئىگە قىممەتلىك سۆز. تارىخ ھامان ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ، كەينىگە قايتىشى مۇمكىن ئەمەس » دەپ يېزىلغان. مانا بۇ خەتلەر ئوخشىمىغان ماكان، ئەمما ئوخشاش زاماندا ياشاۋاتقان كىتابخانلاردىكى ئەدەبىي زوقلىنىش پائالىيىتىنى ئەسەردىن ئىدىيە ئىزدەش ھەم شۇ ئىدىيىدىن تەسىرلىنىش پائالىيىتى دەپ چۈشىنىشتەك بىر خىل ئورتاقلىقنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە بەدىئىي زوق پائالىيىتى كىتابخانلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەر ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇن گۈزەللىكى بىلەن شەكىل گۈزەللىكىنىڭ مۇكەممەل بىرلىكىدىن تەركىب تاپقان بىر پۈتۈن ئېستېتىك قىممىتىنى تەسىرلىنىش ھەم ئەسەرنىڭ بەدىئىي گۈزەللىكىدىن لەززەتلىنىشتىن ئىبارەت بىر خىل مۇرەككەپ پسىخىك پائالىيەت. بەدىئىي زوقنى، تېگى ـ تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىر خىل روھىي لەززەت دېيىشكە بولىدۇ. پولۇ يېگەن ئادەم گۆرۈچ يېدىم دەپ تۇرۇۋالسا بولمىغاندەك، بىرەر پارچە ئەدەبىي ئەسەرنى ئوقۇغان ئادەممۇ ئىدىيىگىلا ئىگە بولدۇم دەپ تۇرۇۋالسا ياكى ئەسەر مۇۋەپپەقىيىتىنى شۇ ئارقىلىق ئىسپاتلىماقچى بولسا، ئانچە ئەقىلگە سىغمايدۇ. ئادەتتە ئەدەبىي ئەسەرلەر گەرچە بەلگىلىك دەرىجىدىكى بىلىش مەزمۇنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالسىمۇ، لېكىن بۇ خىل بىلىش مەزمۇنلىرى ھەقىقىي بەدىئىي ئەسەرلەردە ئابستراكت ئىدىيە ھالىتىدە ئوتتۇرىغا چىقمايدۇ، بەلكى ھېسسىياتقا تويۇنغان بەدىئىي مەنە ھالىتىدە ئىپادىلىنىدۇ. يەنە كېلىپ ئەدەبىي ئىجادىيەتنى ھەقىقىي بەدىئىي ئىجادىيەت دەپ چۈشىنىدىغان يازغۇچىلار مەلۇم بىر ئوبزور ئارقىلىق مەلۇم بىر ئىدىيىنى تەشۋىق قىلىشنى ئىجادىيەتنىڭ مەقسىتى دەپ قارىمايدۇ.

ئۇچۈنكى، ئەسەرنىڭ ئۆزىدىن ئاشكارە ئىپادىلىنىپ تۇرغان شېئىرىي مەنە ھەم شېئىرىي مەزمۇنلارنى ئاددىيلاشتۇرۇپ ئابستراكت ئىدىيىگە يىغىپ قويۇش خاھىشى

بۇ خىل خاھىشتىكىلەر بەزىدە شېئىرىي ئوبراز ھەم شېئىرىي مۇھىت كەينىگە يوشۇرۇنغان، ھېسسىياتقا تويۇنغان، تەسەۋۋۇرغا باي بولغان شېئىرىي مەنە ياكى شېئىرىي مەزمۇنلارنى شېئىرىي ئوبراز ۋە شېئىرىي مۇھىتتىن ئايرىپ چىقىپ، ئادەتتىكى ئابستراكت ئىدىيىگە ئايلاندۇرۇپ، ئەسەر مۇۋەپپەقىيىتىنى شۇ ئارقىلىق باھالىسا، بەزىدە شېئىرلارنى كىشىلەرگە ياد بولۇپ كەتكەن ئەقەللىي ساۋات خاراكتېرلىك پەلسەپىۋى پىكىرلەر ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەرنىڭ ئوبرازلاشتۇرۇلۇشى دەپ قارايدۇ. ئۇلار شېئىرىيەت ئوبزورچىلىقىنى شېئىرىي مەنىنى ئابستراكت ئىدىيىگە تەكلەشتۇرۇپ قويۇش ياكى قېلىپلاشقان ھېكمەتلىك سۆزلەر، كىشىلىك تۇرمۇش ھەقىقەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ قويۇش دەپ چۈشىنىدۇ. بۇنىڭغا يولداش قاۋسىلقان قامىجاننىڭ « تارىم » ژۇرنىلىنىڭ 1993 ـ يىللىق 7 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان « شېئىرىي تىل، شېئىرىي پىكىر ۋە شېئىرىي تۇيغۇ » ناملىق ماقالىسى تىپىك مىسال بولالايدۇ.

بۇ ماقالە شائىر تاھىر تالىپنىڭ «خەير، ياشلىقىم» ناملىق شېئىرلار توپلىمى ھەققىدە يېزىلغان. ئوبزور ئاپتورى ئالدى بىلەن «گۈل تۈتۈپ»، «يۈر تۇمدا كۆز»، «شېرىن ئاي دا» ناملىق شېئىرلار ھەققىدە توختىلىپ، جىڭغا توختىمايدىغان باھالارنى يازىدۇ. ئاندىن «يۈرەك ۋە تۇپراق» ناملىق شېئىرنى نەقىل كەلتۈرۈپ، بۇ شېئىردىكى شېئىرىي مەنىنى ئابستراكت ئىدىيىگە يىغىدۇ. ئالدى بىلەن بۇ شېئىرنى كۆرۈپ باقايلى:

«ئالما پىشىپ غول تۆۋىگە چۈشكەندەك،
يۈرىكىممۇ سىڭەر ئانا ديارغا.
شۇنداق يەنە مىليونلىغان يۈرەك بار،
بىز ياشىغان مۇشۇ تۇپراق ـ ئىپاردا.
شۇ ئاياۋنىڭ پۈتى تەگسە يۈرتۇمغا،
شۇر كىنىمەن قەھرىم تېشىپ پەلەكتىن.
ياۋنى قىرىپ يۈرىكىمدە ـ بومبىدا،
نۇر ئىچىدە تۇغۇلىمەن بۆلەكتىن.»

ئوبزور ئاپتورى بۇ شېئىر ھەققىدە «ئادەم ھاياتىنىڭ ماتورى ھېسابلانغان يۈرەك بىلەن كىندىك قېنىمىز تۆكۈلگەن ئانا تۇپراقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئوبرازلىق تەسۋىرلەش ئارقىلىق مىليونلىغان يۈرەكلەرنىڭ ۋەتەنگە بولغان قىزغىن مۇھەببىتىنى ماھىرلىق بىلەن ئىزھار قىلغان» دەپ يېزىش بىلەنلا چەكلەنگەن. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئاپتور شېئىرغا نىسبەتەن مەزمۇن تەھلىلى ئېلىپ بېرىپ، ئەسلى شېئىرىي مەنىنى ئابستراكت ئىدىيىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇش بىلەنلا كۇپايىلەنگەن. شېئىرنى بەدىئىيلىك نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلىشقا پەقەت ئېتىبار بەرمىگەن. شائىر تاھىر تالىپنىڭ مەزكۇر شېئىرىدا ئىپادىلەنگەن ئىجادىيەت خاسلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىشنى ئەسلا ئويلىمىغان. ئەسلىدە بۇ شېئىر ئىپادىلەش ئۇسۇلى، شېئىرىي تىل قاتارلىق تەرەپلەردىن كونكرېت تەھلىل قىلىنغان بولسا، شائىرنىڭ بۇ شېئىرىدا ئىپادىلەنگەن ئىجادىيەت خاسلىقى گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولاتتى. مەقسىتىمىز ئەدەبىي ئوبزورلار ھەققىدە توختىلىش بولسىمۇ، يۇقىرىقى شېئىر ھەققىدە بىر ـ ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ ئۆتۈپ كېتەيلى. ئالدى بىلەن شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇ شېئىر مەزمۇن جەھەتتە ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ «ئالمىدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ» دېگەن شېئىرىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ھەر ئىككىلا شېئىردا يېزىلغىنى يۈرەكنىڭ ۋەتەنگە بولغان سۆيگۈسى، ئىپادىلەنگىنى ۋەتەن ئۈچۈن جان پىدا قىلىش ھېسسىياتى. ئوسمانجان ساۋۇت پەرۋانە بولۇپ ۋەتەن ئۈچۈن جان پىدا قىلىش ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن، تاھىر تالىپ ياۋنى يۈرەكتىن ئىبارەت بومبىدا قىرىش، نۇر ئىچىدە قايتا تۇغۇلۇش ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن. دېمەك، ھەر ئىككىلا شېئىردا ئىپادىلەنگىنى ئالمىدەك يۈرەكنىڭ ۋەتەنگە بولغان ئالەمچە سۆيگۈسى. بىراق تاھىر تالىپ ئۆز شېئىرىدا ئالمىدەك يۈرەكنىڭ ۋەتەنگە بولغان سۆيگۈ ھېسسىياتىنى «ۋەتىنىم سەن مېنىڭ ئالمىدەك يۈرىكىمگە ئا-

لەمچە سۆيگۈ ئورناتتىنىڭ » دېگەندەك شېئىرىي پۇراقتىن خالىي، شېئىرىي مۇھىتتىن مۇستەسنا ھالدىكى پىكىر يالىڭاچلىقى ھالىتىدە ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە خاس شېئىرىي ئۇسۇلدا، ئۆز گىچە شېئىرىي تىلدا ئىپادىلىگەن. ئۆزىنىڭ ۋەتەنگە بولغان جان تەسەددۇق ھېسسىياتىنى « مەن سېنىڭ پەرۋانەڭ » دېگەندەك ئابستراكت ئۇقۇم شەكلىدە كۆرسەتمىلىك تىل بىلەن ئەمەس، بەلكى بېشارەتلىك، تەسۋىرىي تىل بىلەن نەق ھېسسىيات ھالىتىدە ئىپادىلىگەن. بۇنىڭ ئەكسىچە ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ شېئىرىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى ئىدىيە ھالىتىدە، ئۇقۇم شەكلىدە ئىپادىلەنگەن. شائىر تاھىر تالىپنىڭ ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەت ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشتىكى خاسلىقنى خېلى ئىلگىرىلا تونۇپ يەتكەن ئابدۇ كېرىم ناسىر « تارىم » ژۇرنىلىنىڭ 1990 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا ئېلان قىلغان « 〈خەير، ياشلىقىم〉 ھەققىدە ئويلىغانلىرىم » ناملىق ماقالىسىدا « بەزى ئاپتورلار ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەتنى ئەقلىي خۇلاسە شەكلىدە ئوتتۇرىغا قويۇشقا ئامراق... نەتىجىدە شېئىر ئابستراكت شەكىلدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ... شائىر تاھىر تالىپنىڭ شېئىرلىرى بۇنداق ئاجىزلىقتىن خالىي » ، « شائىر تاھىر تالىپ ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەتنى ئۆزىگە خاس ۋاستىلار بىلەن، ئۆزىنىڭ تىلى بىلەن بىر قەدەر مۇكەممەل ئىپادىلەپ بېرەلىدى » دەپ يازغانىدى.

قاۋسىلقان قامىجان يەنە شائىرنىڭ « ئىشقى بارغا قىشمۇ ھەم باھار » ناملىق شېئىرى ھەققىدە توختىلىپ، « 〈ئىشقى بارغا قىشمۇ ھەم باھار〉 دېگەن شېئىرنىڭ ماۋزۇسىمۇ ھېكمەتلىك ئىبارە... » دەپ يېزىپ، ئەسەردىن ئىدىيە ئىزدەش پسىخىكىسىنى ماۋزۇدىن باشلاپلا ئىشقا سالىدۇ. ئۇ يەنە « مەن ئۆلدۇم » ناملىق شېئىرنى نەقىل كەلتۈرۈپ، « خەلقىمىز ئارىسىدا 〈شائىرنىڭ ئۆزى ئۆلسىمۇ، سۆزى ئۆلمەيدۇ〉 دېگەن ھېكمەتلىك سۆز بار. 〈مەن ئۆلدۇم〉 ناملىق شېئىرنىڭ روھى بۇ ھېكمەتلىك سۆزگە قارشى ئەمەس، بۇ ھەقىقەتنىڭ دانالىقنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. كېيىن ئېيتىشقا بولىدۇكى، سۇپەتسىز شېئىرلارنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولمايدۇ. شۇڭا بۇ شېئىرنى شېئىرىي شەكىلدە يېزىلغان بىر ياخشى ئەدەبىي تەنقىد دېيىشكە بولىدۇ » دەپ يازىدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئوبزور ئاپتورى يۇقىرىقى شېئىردىن بىر يولىلا ئىككى ئىدىيىنى تېپىپ چىقىدۇ. بىرى، شېئىرنىڭ « شائىرنىڭ ئۆزى ئۆلسىمۇ، سۆزى ئۆلمەيدۇ » دېگەن ھەقىقەتنىڭ دانالىقنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەنلىكى، يەنە بىرى، سۇپەتسىز شېئىرلارنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولمايدۇ دېگەن ئىدىيىنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكى. ئوبزورچى مۇشۇنداق پولاتتەك پاكىتلىرىغا ئاساسەن بۇ شېئىرنى ئەدەبىي تەنقىد دەپ ئاتايدۇ. جاھاندا شېئىرنى ئەدەبىي تەنقىد دەپ ئاتىغان ئوبزورچىدىن يەنە قانچىسى بار دۇر ؟! ئوبزور ئاپتورى مەزكۇر شېئىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۇپلېتىغا دىققەت قىلمايلا ئۆتۈپ كەتكەن بولسا كېرەك. ئەگەر:

« 〈شېئىر ئۆلدى〉 مەنمۇ چىن ئۆلدۇم،
قارغىش ئېلىپ تارتماي تىن ئۆلدۇم.

مەردئادەملەر بىر ئۆلەتتى،
ئەپسۇسكى مەن كۆندە مىڭ ئۆلدۇم.»

دېگەن مىسرالارنى يۇقىرىقىغا ئوخشاش چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدىيىلەرنى ئىزدەش نەزەرىدە كۆزەتكەن بولسا،«سۇپەتسىز شېئىرلارنى يازغان شائىرلارمۇ شېئىرى بىلەن تەڭلا ئۆلىدۇ»،«مەردئادەملەر بىرلا ئۆلىدۇ»... دېگەندەك ئىدىيىلەرنىمۇ تېپىپ چىققان بولاتتى. ئەمەلىيەتتە بىز بۇ شېئىردىن شېئىر ئوچۇن ئۆزىنى ئاتىغان، شېئىر ئوچۇن مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىۋاتقان يۈكسەك بىر سىمانى كۆرەلەيمىز. بۇ شېئىردىكى شېئىرىي مەنە ئاشۇ يۈكسەك سىماغا بولغان مەدھىيە ھېسسىياتىدىن ئىبارەت.

ئوبزور ئاپتورى يەنە«خەير، ياشلىقىم» ناملىق شېئىر ھەققىدىمۇ«قىممىتى بولمىغان ھاياتنىڭ مەنىسىمۇ، ئەھمىيىتىمۇ، قەدرىمۇ، لەززىتىمۇ بولمايدۇ، ياشلىق مەزگىلى بىلەن خوشلىشىش ھايات قىممىتىنىڭ تۆۋەنلىگەنلىكىدىن، جاسارىتىنىڭ ئاجىزلاشقانلىقىدىن، ئۈمىد يۇلتۇزلىرىنىڭ ئۆچۇشكە باشلىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. مانا بۇ قىممەتلىك پەلسەپىۋى پىكىر يۇقىرىقى شېئىردا ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن» دەپ يېزىپ بۇ شېئىردىن ئىدىيە ئىزدەش ۋەزنىپىسىنى تولۇق تاماملايدۇ.

ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، ئوبزور ئاپتورى يەنە ئىككى پارچە شېئىرنى نەقىل ئېلىپ، بۇ شېئىرلارنىڭ قۇرۇلمىسى ھەم بەدىئىي سەۋىيىسىدىن قۇسۇر چىقار غىلى بولمايدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ ئېتىراپ قىلىپ تۇرۇقلۇق، يەنە«كىتابخان يۇقىرىقى ئىككى شېئىرنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن لەززەت ئالالمايدۇ، چۈنكى بۇ شېئىرلار كىشىلەرگە بەدىئىي زوق بېغىشلىيالمايدۇ» دەپ يازىدۇ ۋە ئارقىدىنلا بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەبنى«ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ ۋەدىنامىسى، مۇھەببەت قەسەمنامىسى تەرىقىسىدە يېزىلغان بۇ شېئىرلاردا پىكىر چوڭقۇرلۇقىمۇ، ھېسسىيات يارقىنلىقىمۇ يوق» دەپ كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بىز ئالدى بىلەن شۇ ئىككى پارچە شېئىرنىڭ بىرىنى كۆرۈپ باقايلى:

«كېتەتتىم ـ دە، كېلەتتىم يەنە
گۈلسىز ياشاش ھار ئىدى ماڭا.
سېنى 〈جانسىز〉 قالدۇرسام ئەگەر،
بەش قىتئەمۇ تار ئىدى ماڭا.
يەنە كەلدىم، ئەي گۈزەل مەشۇقۇم،
يۈرىكىڭگە ئېگىشمەك بولۇپ.
يەنە كەلدىم(〈گۈل〉سىز كەتمەيمەن)
جانىنى گۈلگە تېگىشمەك بولۇپ.»

ناھايىتى روشەنكى، بۇ شېئىرنى ئوقۇغان ھەر قانداق كىتابخان پەقەت قاۋسىلقان قامىجانغا ئوخشاش شېئىردىن ئىدىيە ئىزدەش مۇددىئاسىدىلا بولمىسا ھەم بەدىئىي زوقنى ئىدى

يىگە ئىگە بولۇش دەپ چۈشەنمىسلا، بۇ شېئىردىن ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان ئېستېتىك لەززەتكە تولۇقى بىلەن ئېرىشەلەيدۇ. ۋاھالەنكى، ئوبزور ئاپتورى بۇ شېئىردىن ئۆزىنىڭ كۈتكىنىدەك ئىدىيىگە ئىگە بولالمىغاچقىلا بۇ شېئىرنى يۇقىرىقىدەك ئەيىبلەيدۇ. ئۇ يەنە بۇ شېئىردىكى «سېنى 〈جان〉 سىز قالدۇرسام ئەگەر، بەش قىتئەمۇ تار ئىدى ماڭا»، «يەنە كەلدىم، گۈلسىز كەتمەيمەن، جاننى گۈلگە تېگىشمەك بولۇپ» دېگەن مىسرالارنى ئوقۇپ، «〈جان〉 سىز قالدۇرماق شۇنچە ئاسان بولامدۇ؟ 〈جان〉 نى تېگىشمەك شۇنچە ئەرزانغا توختامدۇ؟ دېگەن ئويغا كېلىمىز» دەپ يېزىپ، ئۆزىنىڭ شېئىردىن زوقلىنىش سەۋىيىسىنىڭ بەكلا تۆۋەنلىكىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ. يۇقىرىقى شېئىردىكى «سېنى 〈جان〉 سىز قالدۇرسام ئەگەر» دېگەن مىسرانى «ئەگەر سېنى تاشلاپ كېتىپ قالسام، ساڭا يۈزسىزلىك، ۋاپاسىزلىق قىلمايمەن» دېگەن مەنىلەردە چۈشىنەلىگەن، «〈جان〉 نى گۈلگە تېگىشمەك بولۇپ» دېگەن مىسرادىن جانان ۋەسلىگە يېتىش ئۈچۈن جېنىدىن كېچىشكىمۇ تەييار تۇرىدىغان قايتماس ئىرادىلىك، ۋاپادار ئاشىقنىڭ سىماسىنى كۆرەلىگەن كىشىلەر بۇ شېئىردىن زوقلانماي قالمايدۇ.

تۆتىنچى، ئەسەرگە ئىدىيە يۈكلەش خاھىشى

بۇ خىل خاھىشتىكىلەر مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ئەسەرلەرگە ئەسلى يازغۇچى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان، ئەسەردە بولمىغان ئىدىيىلەرنى مەجبۇرىي تېڭىپ ۋە يۈكلەپ، ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتتى مانا مۇشۇنىڭدا دەپ قارىشىدۇ. بۇ خىل خاھىش ئابدۇۋەلى كېرەمنىڭ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1993 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «تونۇش بولغان ناتونۇش ئادەملەر» ناملىق ئوبزورىدا ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. مەزكۇر ئوبزور مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «سارالڭ»، «بۇرۇت ماجىراسى»، «مۇساپىرلار قاۋىقىدا»، «قىرلىق ئىستاكان» ناملىق ھېكايىلىرى ھەققىدە يېزىلغان.

ئوبزور ئاپتورى ئۆز ئوبزورىدا «مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان ئەسەرلەردە ئىككى خىل خۇسۇسىيەت تەڭ ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. بىرىنچىدىن، ئىلغار ئىدىيىۋى خاھىش كۈچلۈك نۇر چېچىپ تۇرىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئىدىيىۋى خاھىش مۇقەررەر ھالدا ۋەقەلىك ۋە پېرسوناژلار خاراكتېرى ئىچىگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ۋە ئېستېتىك قىممىتى دەل مۇشۇ ئىككى خىسلەت ئارقىلىق خاراكتېرلىنىدۇ» دەپ يېزىپ، ئۆزىنىڭ ئەسەر باھالاشتىكى ئىككى ئۆلچىمىنى ئاشكارىلايدۇ ھەم مۇشۇ ئۆلچەم بويىچە ئۆزى ئوبيېكت قىلغان يۇقىرىقى ھېكايىلاردىكى ۋەقەلىك ۋە پېرسوناژلار كەينىگە يوشۇرۇنغان ئىلغار ئىدىيىۋى خاھىشلارنى تېپىپ چىقىشقا بەل باغلايدۇ.

ئالدى بىلەن ئوبزور ئاپتورى يۇقىرىقى ھېكايىلارنى «بۇ ھېكايىلار ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ھەققىدە بىۋاسىتە ئېغىز ئاچماي تۇرۇپ، ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش جەريانىدىكى كىشىلەرنىڭ ئوخشىمىغان پوزىتسىيە، ئوخشىمىغان ئىش ـ ھەرىكەت، ئوخشىمىغان روھىي ـ ھالەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، دەۋر روھىنى روشەن ئىپادىلەپ بەردى» دەپ مۇقىملاشتۇ-

رۇپ، ئۆزىنىڭ بۇ ھېكايىلاردىن ئىدىيە تېپىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشقا چوڭقۇر ئاساس سالىدۇ.

ئاندىن «ساراڭ» ھېكايىسى ھەققىدە توختىلىپ، ئاخىر «ئاپتور بۇ يەردە ھازىرقى شارائىتتا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى قانچىلىك زۆرۈر بولسا، سىياسىي، مەنىۋى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ تېخىمۇ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى جەريانىدا كېلىپ چىققان ئۆتكۈر ئەمەلىي زىددىيەتلەرنى سىياسىي تۈزۈلمە ۋە ئەخلاقى تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئارقىلىق مۇۋاپىق ھەل قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ» دېگەن يەكۈننى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ.

«بۇرۇت ماجىراسى» ھېكايىسى ھەققىدە توختىلىپ، «ئاپتور بۇ ھېكايىسىدا ئۆتكۈر كومېدىيىلىك كۈلكە ۋە ئاچچىق مەسخىرىنى گىرەلەشتۈرۈپ، يۇكسەك كومېدىيىلىك تەپسىلاتلار چىنلىقىدىن ئۆتكۈر ھەجۋىيلىككە ئىگە ئىدىيىۋى يەكۈن چىقىدۇ» دەيدۇ. ئۇنداقتا ياز غۇچى چىقارغان ئىدىيىۋى يەكۈن نېمە؟ (دىققەت: مەز كۇر ھېكايىدا يازغۇچى مەتىمىن ھوشۇر ھېچقانداق ئىدىيىۋى يەكۈن چىقارمىغان، بىز ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ ئاخىرىدا ئىدىيىۋى يەكۈن چىقىرىشنى بەدىئىي ئىجادىيەت قانۇنىيەتلىرىگە خىلاپ، بۇ ۋەزىپىنى يازغۇچىغا ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرگە تېڭىشقا بولمايدۇ دەپ قارايمىز ھەمدە ھەقىقىي يازغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن مەتىمىن ھوشۇرمۇ شۇنداق قارايدۇ دېگەن ئىشەنچىدىمىز). ئوبزور ئاپتورى يازغۇچى چىقارغان «ئىدىيىۋى يەكۈن» نى كۆرسىتىپ بېرىشتىن بۇرۇن «ھېكايىدىكى بازار باشلىقىنىڭ كالىلىسى ئاللىقاچان ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ كەتكەن سىياسىي قاتماللىق بىلەن تولغان، ئۇنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئۆزگىرىشلەرنى، پارتىيە 11 ــ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 ــ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى يۇكسەك بۇرۇلۇشنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەيدۇ» دەپ يازىدۇ. ئاندىن «يازغۇچى بۇ پېرسوناژ ئارقىلىق ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتەك ئالەمشۇمۇل زور ئۆزگىرىشلەرگە يۈتلىكاشاڭ بولىدىغان ئەنە شۇنداق غەلىتە روھىي ھالەت، غەلىتە قىلىقلارنى جەزمەن ئۆزگەرتىپ، كىشىلەرگە ئەركىن ھەرىكەت قىلىدىغان يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ بېرىش كېرەك. بۇ پەقەت سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە قانۇن تۈزۈلمىسى ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ، دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ دەيدۇ.

يازغۇچى مەتىمىن ھوشۇرنىڭ يۇقىرىقى ھېكايىلىرىنى ئوقۇغان ھەر قانداق كىتابخان ئابدۇۋەلى كېرىمنىڭ ھېكايىلار ھەققىدىكى كەشپىيات خاراكتېرلىك بايقاشلىرىدىن ھەيران بولماي قالمايدۇ. كىتابخانلارغا مەلۇمكى، ئوبزور ئاپتورى يۇقىرىقى ئىككى ھېكايىدىكى ۋەقەلىك ۋە پېرسوناژلار خاراكتېرى ئىچىدىن «تېپىپ» چىققان ئۇلۇغۋار ئىدىيىلەر ھەرگىزمۇ ئەسەرنىڭ ئۆزىدىن تەبىئىي رەۋىشتە چىقىرىلغان ئىدىيىلەر ئەمەس، بەلكى ئوبزور ئاپتورىنىڭ «ھازىرقى ئىسلاھات دەۋرىدە يېزىلغان ئەسەرلەر چوقۇم ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش كېرەك دېگەن ئىدىيىۋى يەكۈننى ئوتتۇرىغا قويىدۇ» دېگەن ئىدىيىۋى يۇكسەكلىكتە تۇرۇپ، بۇ ھېكايىلارغا تاشنى تاياقتا تاڭغاندەك زورلاپ يۈكلىگەن، تاڭغان ئىدىيىسى. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئەدەبىي ئەسەرلەردە بەدىئىي پىكىرنىڭ بولۇشىغا قارشى تۇرغىلى بولمايدۇ. لېكىن ئەسەردىكى

ئىدىيە قانچە ئۇلۇغۋار، پىكىر قانچە جەڭگىۋار بولسا، مۇقام قانچە يۇقىرى بولسا، دەۋرنىڭ سىياسىي تەلەپلىرىنى قانچىكى ئېنىق ھەم دەل ئىپادىلەپ، سىياسىي خاھىشنى قانچە يارقىن نامايەن قىلغان بولسا، ئۇ ئەسەرنى شۇنچە ياخشى ئەسەر، مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ئەسەر دېگىلى بولمايدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ سىياسىي نەزەرىيىۋى ماقالىلاردىن پەرقى قالمايدۇ.

ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك، ئوبزور ئاپتورى يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر ھېكايىلىرىغا يۈكلىگەن ئىدىيىلەر (سىياسىي مەزمۇنلار) مەمتىمىن ھوشۇر ھېكايىلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە قىلچە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. مېنىڭ مۇنداق دېگىنىم مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ ھېكايىلىرىدا پىكىر، مەنە يوق دېگەنلىكىم ئەمەس. مەن بۇ يەردە يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر ھېكايىلىرىنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە كۆز يۇمۇپ، ئېستېتىك قىممىتىنى ئىنكار قىلماقچىمۇ ئەمەس. مەمتىمىن ھوشۇر ھېكايىلىرىدا ئۆزگىچە بىر خىل ئېستېتىك قىممەت، مەمتىمىن ھوشۇرغىلا خاس بولغان بىر خىل ئېستېتىك خاسلىق بار.

يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر مەمتىمىن ھوشۇرغا يازغان ئوچۇق خېتىدە «مەن چوڭ-كىچىك سورۇنلاردا، ھەر خىل كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا سىزنىڭ ئەسەرلىرىڭىز توغرۇلۇق ئەجايىپ پاراڭلارنى كۆپ ئاڭلىدىم. چوڭ باشلىقلاردىن تارتىپ ياش-ئۆسمۈرلەرگىچە، ھەتتا ئەدەبىياتقا قىزىقىدىغان ئائىلە ئاياللىرىنىڭمۇ سىزنىڭ ئەسەرلىرىڭىزنى قىزىقىپ ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم... ئۇنداقتا كىتابخانلار سىزنىڭ ئەسەرلىرىڭىزنى نېمە ئۈچۈن سۆيۈپ ئوقۇيدۇ؟ سىزنى بۇنداق بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرگەن ئامىللار نېمە؟ ...» دەپ يازغان ئىدى. يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر ھېكايىلىرىنى چوڭ باشلىقلارنىڭ، ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ، ھەتتا ئائىلە ئاياللىرىنىڭمۇ قىزىقىپ ئوقۇشىدىكى سەۋەب نەدە؟ ئوبزور ئاپتورى كۆرسەتكەندەك، بۇ ھېكايىلارنىڭ ھازىرقى شارائىتتا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى قانچە زۆرۈر بولسا، سىياسىي تۈزۈلمە، ئەخلاقى تۈزۈلمە ۋە قانۇن تۈزۈلمە ئىسلاھاتلىرىنىڭ تېخىمۇ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغىنى ئۈچۈنمۇ؟ ئەگەر شۇنداق دەپ جاۋاب بېرىلسە، چوڭ باشلىقلىرىمىز جۇڭگودا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ۋە سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلىكى ھەققىدىكى مۇناسىۋەتلىك ھۆججەت ۋە يوليورۇقلارنى ئۆگەنسە ئاسان بولاتتىغۇ!؟ ئىسلاھاتقا قىزىققۇچى ياش-ئۆسمۈرلەر ۋە ئائىلە ئاياللىرى ئىسلاھات ھەققىدىكى ھۆججەتلەرنى «شىنجاڭ گېزىتى» ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردىن ئوقۇۋالسا تامامەن بولاتتىغۇ؟

شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش لازىمكى، مەمتىمىن ھوشۇر ھېكايىلىرىنى ئوقۇغان كىتابخانلاردىن بىز «ئاپتور قانداق ئىدىيىنى ئالغا سۈرۈپتۇ» دەپ سورىساق، ئۇلارنىڭ جاۋاب بېرەلىشى ناتايىن. ئەمما «قانداق تەسىراتلارغا ئىگە بولدىڭىز» دېسەك تەسىراتلىرىنى سۆزلەپ تۈگىتەلمەسلىكى مۇمكىن. بۇ دەل ھەقىقىي بەدىئىي ئەسەرلەر كىتابخانلارغا بەخش ئېتىدىغان، مەلۇم بىر خىل ئىدىيە ياكى ئۇقۇمدىن چوڭ بولغان، ئەسەرنى ئوقۇش جەريانىدا ھېس قىلغىلى بولىدىغان، بىراق تىل بىلەن ياكى ئابستراكت ئۇقۇملار بىلەن بىۋاسىتە ئىپادىلەپ بېرىش تەس

بولغان ئاجايىپ مول ئېستېتىك لەززەت ھەم ئېستېتىك تەسىراتتۇر. يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر ھېكايىلىرى مۇشۇنداق سېھرىي كۈچكە ئىگە. بۇ ھېكايىلارنىڭ نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بولالىشىدىكى سەۋەبلەرنى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئۆز خېتىدە دەسلەپكى قەدەمدە كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

ئۆۋىتى كەلگەندە شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئابدۇۋەلى كېرىم ئوبزور ئېلان قىلىشتىن ئىلگىرى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «ساراڭ» ناملىق ھېكايىسى ھەققىدە ئوبزورچى مەمەت پولات، «بۇرۇت ماجىراجى» ھەققىدە ياش ئوبزورچىلاردىن كېرىمجان ئابدۇرېھىم ۋە يالقۇن روزىلار «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1990 ـ، 1991 ـ يىللىق سانلىرىدا ئوبزور ئېلان قىلىپ، ئۆز كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقان. ئۇلارنىڭ كۆز قاراشلىرى مەزكۇر ھېكايىلاردىن ئالغان ئېستېتىك تەسىراتلىرىنى ئاساس قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغاچقا، بۇ ئىككى ھېكايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن ئىدى. مەسىلەن، كېرىمجان ئابدۇرېھىم «〈ساراڭ〉 ھېكايىسىدا ئادەملەردىكى گاڭگىراش كەيپىياتى ئىپادىلەنگەن بولسا، 〈بۇرۇت ماجىراسى〉دا بىھۇدە ئەنسىرەش ـ قورقۇمسىراش كەيپىياتى ئىپادىلەنگەن»، «ئۇنىڭدىكى كۈلكە ئادەملەردىكى مەنىۋى تىراگېدىيىنى ــ بىھۇدە ئەنسىرەش ـ قورقۇمسىراش بىلەن ھايات خاتىرجەملىكىدىن مەھرۇم قىلىش پاجىئەسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن» دەپ يازغان ھەمدە مەزكۇر ھېكايىدىكى يوشۇرۇن مەنە (ئىدىيە ئەمەس) كىشىلەردىكى قورقۇمسىراش ــ ئەنسىرەشتىن ئىبارەت مەنىۋى تىراگېدىيىدۇر دەپ مۇقىملاشتۇرغان. يالقۇن روزىمۇ ئۆز ئوبزورىدا ھېكايىدىكى يوشۇرۇن مەنىنىڭ يۇقىرىقىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن ۋە ھېكايىدا ئىپادىلەنگەن بىھۇدە ئەنسىرەش ــ قورقۇمسىراشتىن ئىبارەت بۇ پاجىئەنى «كەڭ مەنىگە ئىگە مىللىي پىسخىكا تىراگېدىيىسى» دەپ قارىغان. يالقۇن روزى يەنە «〈بۇرۇت ماجىراسى〉نى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن»، «يۈرىكىمىزنىڭ بىر پاجىئەنى ھېس قىلىۋاتقانلىقىنى، تۇيغۇلىرىمىزنىڭ ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ھېكايىنىڭ ۋەزنىنىڭ بارغانسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقانلىقىنى سېزىمىز...» دەپ يېزىپ، ھېكايىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن كىتابخان پىسخىكىسىدا يۈز بېرىدىغان ئۆزگىرىشلەرنى دەل جايىدا سۈرەتلىگەن. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، كېرىمجان بىلەن يالقۇن ھېكايىدىكى يوشۇرۇن مەنىنى ئەسەرنىڭ ئۆزىدىن ئىزدىگەن، نەتىجىدە ئوخشاش قاراشقا كەلگەن. ئەسەر ھەققىدىكى باھا ھەم كۆز قاراشلار ئەسەر ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن بولۇشى، ئەسەرنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى توغرا يورۇتۇپ بېرىشى لازىم. چۈنكى بەدىئىي ئەسەرلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ـ چىقمىغانلىقىنى بەلگىلەيدىغان ئاساسىي ئامىل.

يۇقىرىدا بىز ئەدەبىي ئوبزورچىلىقىمىزدا ساقلىنىۋاتقان ئەدەبىي ئەسەرلەردىن ئىدىيە ئىزدەش، ئۇلارغا ئىدىيە يۈكلەش خاھىشىنىڭ تۆت خىل ئىپادىسىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى باھالاشتا ئىدىيىنى بىردىن ـ بىر چىقىش نۇقتا ۋە بىردىن ـ بىر ئۆلچەم قىلىۋېلىشتىن ئىبارەت بۇ خىل ئوبزورچىلىق خاھىشىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەمەلىيـ

تىگە، ئۇنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلىش، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئۇقۇملاشتۇرۇش خاھىشىنى يامرىتىۋېتىش رولى بار.

بىرىنچىدىن، ئەسەردىن ئىدىيە ئىزدەش، ئىدىيە يۈكلەش خاھىشى ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ مەقسىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەت ھەرگىزمۇ بۇ خىل خاھىشچىلار چۈشەنگەندەك ئىدىيىنى، ئۇقۇمنى ئوبرازلاشتۇرۇش، ئوبراز ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ مەلۇم بىر ئىدىيىنى چۈشەندۈرۈش ياكى مەلۇم ھەقىقەتنى ئىسپاتلاش ئەمەس. ئەدەبىي ئەسەرلەرمۇ ئوبراز بىلەن ئىدىيىنىڭ قوشۇلمىسى ئەمەس. ئەدەبىي ئىجادىيەت يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئۇلارغا ئاتا قىلغان ئېستېتىك تۇيغۇ ـ تەسىراتلىرى ۋە كىشىلىك ھايات ئۇلارغا بەخش ئەتكەن ئېستېتىك ھېسسىياتلىرىنى ئەينى تۇيغۇ ـ تەسىرات، ئەينى ھېسسىيات ھالىتىدە ئىپادىلىشىدىن ئىبارەت. گەرچە يازغۇچى، شائىرلارنىڭ بۇ خىل تۇيغۇ ـ تەسىراتلىرى ھەم ھېسسىياتلىرى، ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى بىلىشلىرى ۋە ئىدراكى چۈشەنچىلىرىنىڭ تىزگىنلىشىگە، تەسىرىگە ئۇچرىسىمۇ، لېكىن ئۇلار تۇرمۇشتىن ئالغان تۇيغۇ ـ تەسىرات ھەم ھېسسىياتلارنى ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ھەققىدىكى ئىدىيىۋى بىلىشلىرى بىلەن رېئاللىق ھەققىدىكى ئىدراكى چۈشەنچىلىرىگە تەڭلەشتۈرۈپ قويۇشقا بولمايدۇ.

ئادەتتە ھەر بىر ھەقىقىي بەدىئىي ئەسەر ھەر قانداق بىر ئابستراكت ئىدىيە ۋە ئۇقۇمدىن نەچچە ھەسسە چوڭقۇر ھەم كەڭ بەدىئىي مەنىلەرنى، بەدىئىي مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، باي، رەڭگارەڭ بەدىئىي دۇنيادىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭدىكى بەدىئىي مەنىلەرنى مەلۇم ئابستراكت ئىدىيە بىلەن تەڭلەشتۈرۈپ قويۇشقا قەتئىي بولمايدۇ.

رۇس يازغۇچىسى ل. تولستوي ئۆزىنىڭ «سەنئەت ھەققىدە» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە «كىشىلەر تىل ئارقىلىق ئىدىيە ئالماشتۇرۇشسا، سەنئەت ئارقىلىق ئۆز ئارا ھېسسىيات ئىزھار قىلىشىدۇ»، «ئۆزىمىزنىڭ قەلبىدە ئىلگىرى باشتىن كەچۈرگەن ھېسسىياتلىرىمىزنى قايتا ئۇرغۇتۇپ، ئۇرغۇغان بۇ خىل ھېسسىياتنى ھەرىكەت، فىگۇرا، رەڭ، ئاۋاز ۋە سۆزلەردىن تۈزۈلگەن ئوبرازلار ئارقىلىق ئىزھار قىلىپ، باشقىلارنىمۇ ئوخشاشلا بۇ خىل ھېسسىياتقا كەلتۈرۈش ــ مانا بۇ بەدىئىي پائالىيەتتۇر» دەپ كۆرسەتكەندى. ئۇ يەنە ساپ ئەقلىي سوغۇققانلىقنىڭ سەنئەتنىڭ بۇزغۇنچىسى ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەندى. رۇس يازغۇچىسى گونچاروۋ «كېچىكىپ قىلغان ھامان قىلمىغاندىن ياخشى» ناملىق ماقالىسىدا «مېنىڭ ئىپادىلەيدىغىنىم ئالدى بىلەن ئىدىيە ئەمەس، بەلكى مەن تەسەۋۋۇرۇمدا كۆرگەن پېرسوناژلار، ئوبرازلار، سيۇژېتلار»، «مەن تەسۋىرلەۋاتقان ۋاقىتىمدا مېنىڭ پېرسوناژلىرىم، پورترېتلىرىم، خاراكتېرلىرىمنىڭ نېمىلەرنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى ئانچە بىلىپ كەتمەيمەن» دەپ يازغانىدى. بىز بۇ ئىككى مەشھۇر يازغۇچىنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرىدىن ئەدەبىي ئىجادىيەتتە يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ئىدىيىنى ئەمەس، بەلكى ھېسسىياتنى ئىپادىلەشنى مەقسەت قىلىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىۋالالايمىز. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئىدىيىنى ئىپادىلەشنى مەقسەت قىلغان يازغۇچى ئۇقۇملاشتۇرۇلغان مۇۋەپپەقىيەتسىز ئەسەردىن باشقا نەرسە ئىجاد قىلالمايدۇ.

(ئاخىرى 108 ـ بەتتە)

ئەنۋەر ھاشىم

## ھەم «تۇمان باسقان مەھەللە»، ھەم ئۆزىمىزنىڭ سۆيۈملۈك مەھەللىسى

ئابدۇللا ساۋۇت — ئۆزىنىڭ «تاش بوران»، «قانلىق قىرغاق»، «دات باسماس قىلىچ»، «ماڭا ئىجازەت بېرىڭلار»، «مۇھەببەت قارىغۇ ئەمەس»، «چاقماق» قاتارلىق كىتابلىرى ۋە بىر تۈركۈم شېئىرلىرى بىلەن كەڭ كىتابخانلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ كېلىۋاتقان ئىقتىدارلىق ياش ئەدىبلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1993-يىللىق 6-سانىدا «تۇمان باسقان مەھەللە» ناملىق ھېكايىسىنى ئېلان قىلدى. ھېكايىدە ئەجايىب پېرسوناژلاردىن تاھىر ۋە ئوقۇتقۇچى «مەن» نىڭ ئوبرازى يارىتىلغان. تاھىر يېزا ئىگىلىك ئىلمىدە مەلۇم تەجرىبىگە ئىگە، چەت، قالاق يۇرتىنى ئۆزگەرتىشكە تۆھپە قوشۇش ئىرادىسى كۈچلۈك، «ناھىيە خەلقىگە بەخت يارىتىش يولىدا نۇرغۇن جاپا-مۇشەققەتلەرنى چەككەن» كادىر. ئۇ پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىنمۇ، دېھقانلارغا ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىشنى ئۆگىتىپ، ئۇلارنى بېيىتىشقا كۈچ سەرپ قىلىدۇ. دېمەك، ئۇ ئۆمرىنى ۋەتەن، خەلققە بېغىشلىغان، ئېتىقادى مۇستەھكەم كوممۇنىستلارنىڭ ئوبرازى. ھېكايىدىكى «مەن» بولسا، ئۆمرىنى خەلقنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا بېغىشلىغان، «نۇرغۇن بالىلارغا ئاتېئىزىم تەربىيىسى بەرگەن»، «سەھرا تۇرمۇشىغا كۆنۈپ» كېتەلىسىمۇ، «بىراق خوراپاتلىققا كۆنەلمەيدىغان»، چاچ-ساقاللىرى ئاقارغاندىمۇ «روھى تېتىك، يۈرىكىدىكى ئىنسانىي ھېس-تۇيغۇلار، ئارزۇ-ئارمانلار» ئۆچمىگەن، ئۈمىدۋار، مېھنەتكەش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوبرازى. يازغۇچى بۇ ھېكايىدا خىزمەت قىلىۋاتقان مەزگىلدە ھەم پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن خوراپىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانمىغان تاھىرنىڭ مەسۇم خاتىپ، ئەمەت مەزىن باشلىق بىر قىسىم كىشىلەر تەرىپىدىن قارشى ئېلىنماسلىقى، ھەتتا يەكلىنىشى، ۋاپات بولغاندىن كېيىن مېيىتىنىڭ غېرىپسىنىپ قېلىشى، تۇپراق بېشىدا ئۇنىڭ تۆھپىسى توغرىسىدا ئىككى ئېغىز گەپ قىلىنماي، دىندارلار تەرىپىدىن «ناماز ئوقۇمايتتى، روزا تۇتمايتتى، گۇناھلىق ئىشلارنى تولا قىلاتتى» دېيىلىپ، ھاياتىدىن خاتا يەكۈن چىقىرىلغانلىقىنى يېزىش ئارقىلىق چەت-ياقا يېزىلاردا دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانمايدىغانلارنىڭ چەتكە قېقىلىدىغانلىقىنى، ئېتىقادى كۈچلۈك كوممۇنىستلار بىلەن خوراپىيلىقى كۈچلۈك بىر قىسىم كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈر زىددىيەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەن، شۇنداقلا قىسمەن جايلاردىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ خىزمىتىنىڭ رولىنىڭ سەل ئاجىزلاپ قالغانلىقىدىنمۇ بېشارەت بەرگەن. بۇ ھېكايە پېنسىيىگە چىققان

كوممۇنىستلارنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىدىكى روھىي دۇنياسىنى ۋە بەزى جايلاردا دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ زىيادە كۆپچىيىپ كەتكەنلىكىدەك رېئاللىقنى دەل ۋاقتىدا ئەكس ئەتتۈرگەنلىكىدەك مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن نادىر ھېكايىلاردىن ھېسابلىنىدۇ، دەپ قارايمەن.

مۇھەممەتتۇرسۇن ئىبراھىمى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1994 ـ يىللىق 7 ـ سانىدا «〈تۇمان باسقان مەھەللە〉 مۇ ياكى ئۆزىمىزنىڭ سۆيۈملۈك مەھەللىسىمۇ» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، يازغۇچى ئابدۇللا ساۋۇتنىڭ «تۇمان باسقان مەھەللە» ناملىق ھېكايىسىنى تەنقىد قىلدى. مەن بۇنىڭدىن سەل ئەپسۇسلىنىپ قالدىم. مۇھەممەتتۇرسۇن ئەسەرنى توغرا مەيداندا تۇرۇپ ئىلمىي دۇنيا قاراش ئارقىلىق تەھلىل قىلالمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە، يېزىلىرىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىنى تازا ياخشى چۈشىنىپ كەتمىگەنلىكى سەۋەبلىك نۇرغۇن كۆز قاراشلىرى ئاساسسىز بولۇپ قالغان.

ئاپتور «تۇمان باسقان مەھەللە» نى ئوقۇپ، «ئۇنىڭدىن تۈزۈككىنە بەدىئىي زوق» ئالالماي، «ھېكايىچىلىق ئىشلىرىمىزنىڭ بارغانسېرى ئاجىزلاپ كېتىۋاتقانلىقى، بەدىئىي سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس» قىلىدۇ. بىر ھېكايىنى ئوقۇپلا (ئىزنى ناچار ھېكايە دېگەن تەقدىردىمۇ) پۈتكۈل ئۇيغۇر ھېكايىچىلىقىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى بوققا چىقىرىش قۇدۇق ئىچىدىكى پاقىنىڭ ئالەمنىڭ كەڭلىكىگە ھۆكۈم قىلغانلىقىدەك ئىش بولماي نېمە؟

مۇھەممەتتۇرسۇن ئىبراھىمى ژۇرنالنىڭ 134 ـ بېتىدە تاھىرنىڭ «ناھىيىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىم نامزاتلىقىغا كۆرسىتىلىپ، سايلامدا چۈشۈپ قالغان» لىقىنى يازغان تۇرۇقلۇق، ئارقىدىنلا 23 ـ بەردە ئۇنى «تاھىر ھاكىم» دەپ تىلغا ئالىدۇ. ھاكىملىق تاھىرغا نەدىن بەخشەندە بولۇپ قالىدۇ؟ ھېكايىدا «مەن» «تەلىيىم ئوڭدىن كېلىپ يۇرتۇمغا تەقسىم قىلىنىپ، ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپكە بۆلۈندۈم» دەپ ئېنىق يېزىلغان تۇرسا، مۇھەممەتتۇرسۇن ماقالىسىدا «مەن» «سايتۇگمەن مەھەللىسىدىكى يېزا ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى» دەيدۇ. ماقالىنىڭ ئاخىرىدا يەنە «ئۇ ناھىيە بازىرىدىكى بىر ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى» دەپ يازىدۇ.

ئاپتور ھېكايىنى، جۈملىدىن ھېكايىدىكى پېرسوناژلارنى توغرا، ھەققانىي مەيداندا تۇرۇپ تەھلىل قىلالمىغاچقا، ھېكايىدىكى ئىككى ئىجابىي پېرسوناژ، يەنى تاھىر بىلەن «مەن» ئۇنىڭدا ھۆرمەت تۇيغۇسى پەيدا قىلالمايلا قالماستىن، بەلكى ئۆچمەنلىك تۇيغۇسى قوزغايدۇ. كىشىنى غەزەپلەندۈرىدىغىنى ئاپتور بۇ ئىككى تۆھپىكار كوممۇنىستنىڭ ھاياتىنى «بىر چىۋىن تۇغۇلدى ياكى ئۆلۈپ كەتتى» گە تەققاسلاپ، ئۇلارنى بىر ھاشارەتچىلىكمۇ كۆرمەيدۇ. ئاپتور تاھىرنى سەلبىي پېرسوناژ دەپ خاتا چۈشىنىپ قالغاچقا، يازغۇچىنىڭ ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلغانلىقى ۋە ئۇنى ھۆرمەت بىلەن تەسۋىرلىشىنىمۇ «ئاپتور... تاھىرغا يان باسىدۇ» دەپ ئەيىبلەيدۇ.

ئاپتورغا تاھىرنىڭ جىنازىسىنىڭ «مىسكىن قىياپىتى، غېرىبانىلىقى»، ناھىيە كادىرلىرىنىڭ تاھىرنىڭ نامىزىغا تۇرالماي كېتىپ قېلىشى «بەكمۇ قىزىق ۋە پاجىئەلىك» تۇيۇلۇپ كېتىدۇ. يېزىلاردىكى ياش ۋاقتىدا ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن جاپالىق ئىشلىگەن، ئەمما پېنسىيىگە

چىققاندىن كېيىنمۇ كوممۇنىستىك ئېتىقادىدىن ۋاز كەچمىگەن، دىنىي خۇراپاتلىق پائالىيەتلىرىگە قاتناشمىغان تۆھپىكارلارنىڭ بىر ئۇچۇم خۇراپاتچىلار تەرىپىدىن يەكلىنىۋاتقانلىقى رېئاللىق. ئۆز نۆۋىتىدە شۇنى قوشۇمچە قىلغۇم كېلىدۇ: مەلۇم بىر يېزىدا بىر پېشقەدەم كوممۇنىست ۋاپات بولىدۇ، دىندارلار ئۇنى «ناماز ئوقۇمايتتى، روزا تۇتمايتتى، ھاراق ئىچەتتى» دەپ، ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈشنى رەت قىلىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا بىر ناھىيە رەھبىرى مەرھۇمنىڭ خىزمەتداشلىرىنى ۋە بىر قىسىم پارتىيە ئەزالىرىنى باشلاپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى داغدۇغىلىق ئۇزىتىپ، دىندارلارنىڭ تەلىپىنى سۇغا چىلاشتۇرىدۇ. ئادەتتە ناھىيە دەرىجىلىكتىن تۆۋەن رەھبىرىي كادىرلار ۋاپات بولسا، ماتەم مۇراسىمى، تەزىيە يىغىنى ئۆتكۈزۈلمەيدۇ. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ ئۆلۈمىنىڭ بىر مەھەللىنىڭ مەسچىتىنىڭ ئىمامىنىڭ ئۆلۈمىچىلىكمۇ داغدۇغىسى بولمايدۇ. يەنى ئۇلارنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزىتىشقا يا تەشكىل، يا مەسچىت جامائىتى تەشەببۇسكار بولمايدۇ. نەتىجىدە «غېرىبانىلىق» شەكىللىنىدۇ. مۇمكىن بولغاندا مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ يېزىلاردىكى مۇسۇلمان كادىرلارنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزىتىشقا ئائىت بىرەر ۋەسىيەتلىك بەلگىلىمە تۈزۈپ چىققىنىنىڭ زىيىنى يوق. كۆپ ھاللاردىكى ئۇ ئەخلاق، ئادىمىگەرچىلىكنىڭ كۈچى بىلەن ھەل بولۇپ كېتىدۇ. مەلۇمكى، خۇراپاتلىق تۈسىنى ئالغان دىنىي مۇراسىملارنىڭ بىر قىسمى زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆرپ - ئادەتكە ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئۆلۈم ئۇزىتىش ئەنە شۇلارنىڭ بىرى. نەپسانىيەتچى مەزىن، خاتىپلار مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بىر تەرەپتىن ئۆزىگە نەپ ئۇندۇرۇش كويىدا بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ھاياتلارنى خۇراپاتلىق يولىنى تۇتۇشقا ئۈندەيدۇ. بۇمۇ قانداقتۇر «ھاياتنىڭ ئاچچىق چاقچىقى، پەلەكنىڭ كاجلىقى» بولماستىن، بەلكى چەت - ياقا يېزىلاردىكى مەۋجۇت رېئاللىق. ئاپتور يۇقىرىقىدەك تۇرمۇش رېئاللىقىنى تازا چۈشەنمەيدۇ، توغرا مۆلچەرلىيەلمەيدۇ. يۇقىرىقى مەسىلىلەرگە ئائىت تۇرمۇش كارتىنىلىرى كەڭ كىتابخانلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل»، «قەلەندەرنىڭ ۋەسىيىتى»، «ئويلىنىش ئىچىدە ئىلگىرىلەش» قاتارلىق ئەسەرلەردە قايىل قىلارلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئاپتور شۇ ئەسەرلەرنىمۇ ئوقۇمىغان بولغىيمىدى؟ ئەمما يازغۇچى يۇقىرىقى ئەسەرلەر ئاپتورلىرىنىڭ يازغىنىنى تەكرارلىمىغان، بەلكى ئاپتور ئېتىراپ قىلغاندەك. پېنسىيىگە چىققان كىشىلەرنىڭ «تەقدىرى، خۇشاللىقى، قايغۇ - مۇڭلىرىدىن ئىبارەت ئەمەلىي مەسىلە، مۇھىم ئىجتىمائىي مەسىلە» نى تېما قىلغان.

ئاپتورنىڭ قارىشىچە، پېنسىيىگە چىققانلاردىن «ئەلگە كىرسەڭ ئېلىڭچە، سۇغا كىرسەڭ بېلىڭچە» دەپ، «كەڭ جامائەت سېپىگە قوشۇلۇپ كەتكەنلىرى (ئۆزىنىڭ كوممۇنىستىك ئېتىقادى، ماتېرىيالىستىك دۇنيا قاراشلىرىدىن ۋاز كەچكەنلەر) ياخشى ئادەملەر، ئىلىم - پەنگە تايىنىپ ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان، كېچە - كۈندۈز خەلقنى بېيىتىشنى ئويلايدىغان، ئەمما دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانمايدىغان تاھىردەك كىشىلەر بولسا، يان بېسىشقا بولمايدىغان كىشىلەر ئىكەن. تاھىر ئەسلىدە ياخشى ئادەم ئىدى. بىراق ئاپتور ژۇرنالىنىڭ 137 - بېتىدە بىر قىسىم كادىرلارنىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ۋە ئۇنىڭ ئالدى-

كەينىدە ئۆتكۈزگەن بارلىق خاتالىقلىرىنى بىر ـ بىرلەپ تىلغا ئالىدۇ ۋە ئومۇمىيلىقتىن ئايرىلمىغاچقا ئۆتۈپ، ئۇ خاتالىق ـ گۇناھلارنىڭ ھەممىسىنى تاھىرغا دۆڭگەيدۇ. زورمۇ ـ زور شۇنداق قىلىنسا، تاھىر ئەلۋەتتە يان بېسىشقا بولمايدىغان ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ ـ دە.

ئاپتور ھېكايىدا «تاھىر بىلەن ھېلىقى مۇئەللىم ( ‹مەن› نى دېمەكچى) دىن باشقا «بىرمۇ ياخشى، بىرمۇ ۋىجدانلىق، ئاقكۆڭۈل كىشى» نى كۆرەلمىگىنىگە ھەسرەت چېكىدۇ. ئۇنىڭچە بولغاندا، مەلۇم يۇرت ۋە مەلۇم يۇرت خەلقى ھەققىدە يېزىلغان ھېكايىلارنىڭ ھەممىسىدە «ئۆز يۇرت، ئۆز مەھەللىسىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى، مېھرىبان ئاتا ـ ئانا، قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ سۆيۈملۈك قىياپەتلىرى» چېلىقىشى شەرت ئوخشايدۇ. ئاپتور يەنە تاھىرنىڭ سايتۇ گەنلىكلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئىللەتلەرگە تەنقىدىي مۇئامىلە قىلغانلىقىنى «ئۆز ئىنىغا تۇكۈرۈپ» قويغانلىق دەيدۇ. ھەممىگە ئايانكى، بۇ ئاز بىر قىسىم مۇتەئەسسىپ، ئىككى نان تاپسا بىرىدە داپ چالىدىغان، ماختىنىشقا ۋە خۇشامەتكە ئامراق، تەنقىدتىن ئۆلگۈدەك قورقىدىغان، ئۆزلىرىنى ئىلغار ئەللەرگە، مىللەتلەرگە سېلىشتۇرۇشنى بىلمەيدىغان قانائەتچان غىلاپ بەندىلىرىنىڭ پىسخىكىسى.

ئاپتور تاھىرنىڭ جىنازىسىنىڭ مىسكىن قىياپەتتە تۇرۇپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولغان مەسۇم خاتىپ، ئەمەت مەزىن باشچىلىقىدىكى خۇراپاتلىق ھىماتچىلىرىنى «خەلق»، تاھىر ۋە «مەن» دىن ئىبارەت ئىككى كوممۇنىستنى بولسا، «ئۆز جامائىتىدىن ئايرىلىپ قالغان يېتىم قوزا، مىسكىن، پەرياد چەككەن دەردمەنلەر» دەۋالىدۇ. ئاپتور «خەلقنىڭ كۆزى ئەسلا خاتا كۆرمەيدۇ» دېگەن بۇ «ئۇلۇغ»، «مۇتلەق» ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ماقالىنى ئوقۇغانلارغا مەلۇمكى، بۇ ھۆكۈمدىكى خەلق چىن مەنىدىكى خەلق بولماستىن، بەلكى مەسۇم خاتىپ، ئەمەت مەزىن باشچىلىقىدىكى «خەلق» تۇر. ئاپتور جېنىنىڭ بېرىچە زورۇقۇپ، تاھىر بىلەن «مەن» دىن ئىبارەت ئىككى مېھنەتكەشكە «ھېسسىياتى خۇنۇك، مىجەزى ناچار، تەبىئىتى ياۋايى» دەپ تۆھمەت چاپلايدۇ. ئۇلار پېنسىيىگە چىقىپلا ئۇزۇن چاپان كىيىپ، ساقال قويۇپ، روزا تۇتۇپ، مەسچىتكە چىقىپ ناماز ئوقۇپ يۈرگەن بولسا ۋە ئىلىم ـ مەرىپەت، تەرەققىياتتىن ئېغىز ئاچمىسا، ئاندىن «خەلق» نىڭ توپىغا قېتىلغان ھېسابلىنامدىكەن؟ ئاپتور مەسۇم خاتىپ بىلەن ئەمەت مەزىنلەرنى بولسا، قاش ـ كۆزلىرىنى بوياپ زورمۇ ـ زور پەردازلايدۇ. بۇنىڭدىكى غەرەز زادى نېمە؟ ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنىڭ خۇراپاتلىق سەپسەتىسىنى بازارغا سېلىشتىن ئىبارەت.

ئاپتور چۈشەنگەندەك بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈنلا تاھىر ۋە «مەن» يامان ئادەم ھېسابلىنىدىغان بولسا، مەنسۇر ئەللاجى، كوپېرنىك، بابارەھىم مەشرەپ قاتارلىق ئەقىل ـ پاراستى ئۆزى ئالەمدىن ئۆتۈپ، خېلى زامانلاردىن كېيىن تولۇق ئېتىراپ قىلىنغان كىشىلەرنى نېمە دېگۈلۈك؟

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن كىشىلەرنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى قانۇن بويىچە كەڭ قوغدىلىدۇ. بىراق بۇ بىر قىسىم يامان ئاقىۋەتلەرنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقاردى، يەنى بىر قىسىم مۇتەئەسسىپ دىندارلار دىننى ئىلىم ـ پەنگە،

دۆلەتنىڭ قانۇن - سىياسەتلىرىگە قارشى قويدى، نەتىجىدە ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنى مەكتەپتىن چېكىندۈرۈۋېلىپ، موللىلارغا تۇتۇپ بېرىدىغان، ئەمدىلا ئەقلىنى تېپىۋاتقان سەك- كىز - توققۇز ياشلاردىكى سەبىيلەرنىمۇ ناماز ئوقۇشقا، روزا تۇتۇشقا مەجبۇرلايدىغان، بۇ ئارقىلىق مەجبۇرىي مائارىپنىڭ ئومۇمىيلىشىشىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان، خۇراپىيلار غۇجمىكىنى شەكىللەندۈرۈپ، دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانمىغانلارنى ھاقارەتلەيدىغان، چەتكە قاقىدى- غان، ئەمدىلا قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇشقا باشلىغان دېھقانلاردىن «ئۆشرە» يىغىپ، تۇر كۆم - تۇر كۆملەپ مەسچىت سالىدىغان ئەھۋاللار كېلىپ چىقتى. بۇ مىللەتنىڭ تەقدىرى ۋە ئىستىقبالىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان بارلىق ئەقىل ئىگىلىرى جىددىي ئويلىنىپ بېقىشقا تېگىشلىك مەسىلە. دىنغا ئېتىقاد قىلىش ۋە نورمال دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش ھەر بىر پۇقرانىڭ ھېچكىم چەكلىمەيدىغان ھوقۇقى، لېكىن شۇنىمۇ بىلىش كېرەككى، پۇقرالارنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى بولۇش بىلەن بىرلىكتە، دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىمۇ بار. دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتناشمىغانلارنى ھەر قانداق كىشىنىڭ ئەيىبلىشى يولسىزلىق، مۇتەھەملىك.

«موسۇلمان ئاتا - ئانا، قەۋم - قېرىنداشلار» ىمىزنى ۋە يۇرت «جامائەتى» مىزنى ماختاپ ئۇچۇرۇش، ئۇلارنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىگە تەنقىدىي مۇئامىلە قىلماسلىق، ئۇلارنى يېڭى، ئىلغار دۇنيا قاراشقا يېتەكلىمەسلىك ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىمىزنىمۇ «مۇتەئەسسىپلەر» دىن، «نادان خەلق»، «قالاق» ۋە «مەدەنىيەتسىز» لەردىن قىلىپ قويىدۇ. ئاپتور يەنە يازغۇچى «دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىڭلارچە ئاددىي خەلقنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەتلىرىگە دۈشمەنلەرچە كۆز بىلەن قاراپ، ئۇنىڭغا قوپال مۇئامىلە قىلىدۇ» دەپ ئەيىبلەيدۇ. تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش سۈرئىتىنى تېزلىتىش ۋە خەلقنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، «مىڭلارچە ئاددىي خەلق» نى، بولۇپمۇ ياش - ئۆسمۈرلىرىمىزنى خۇراپاتلىق پاتقىقىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىلىم - مەرىپەت ئىگىلىتىش، ئالىي مەلۇماتلىقلاردىن قىلىش تامامەن زۆرۈر. ئاپتور بۇ نۇقتىنى چۈشەنمەي بىر مۇنچە قايناپ كېتىدۇ.

ئاپتور ئىككى پېرسوناژنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى تۆھپىسىگە باھا بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئاساسەن دىنىي نۇقتىنى چىقىش قىلىپ بېرىلىدىغان تۇپراق بېشىدىكى باھانى «ئەڭ توغرا ۋە ئەڭ ئادىل باھا» دەۋالىدۇ.

- «تاھىر ھاكىم مەيلى جەننەتكە كىرسۇن، مەيلى دوزاخقا چۈشسۇن، ئۇنىڭ ئامىدىن، خەلقتىن ئايرىلغانلىقى راست.» بۇ جۈملىدىن ۋە پۈتكۈل ماقالە مەزمۇنىدىن بايقاشقا بولىدۇكى، مۇھەممەتتۇرسۇن مافالىسىگە ئىدىئالىستىك كۆز قاراشنى، خۇراپىيلىقنى يېتەكچى ئىدىيە قىلغان. دۇنيا ئېلېكترون دەۋرىگە قەدەم قويغان 20 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى بۈگۈنكى كۈندە بۇ خىل ئىدىيىنى قانداقمۇ قوبۇل قىلغىلى بولسۇن؟

«مەن» نىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ «رەڭ تۈزگەن - تۈزمىگەنلىكىگە، كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان - تارتمايدىغانلىقىغا» قارىشى ئىنسان تەبىئىتى نۇقتىسىدىن تامامەن نورمال ئەھۋال. چۈنكى ئوقۇغۇچى ھېسسىياتسىز ماشىنا ئادەم ئەمەس، بەلكى چىن ئادەم، شۇڭا ئۇنىڭمۇ گۈزەل-

لىككە ئىنتىلىش، گۈزەللىكتىن زوقلىنىش ھوقۇقى بار. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئالىيجانابلىقى ئوقۇغۇچىلىرىغا زوقلانماسلىقىدا ئەمەس. بەلكى زوقلىنىپ تۇرۇپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالىشىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئۆز نۆۋىتىدە ھەر قانداق بىر بويىغا يەتكەن قىز ئۇنىڭ «نىشان» ى بولالايدۇ. ئۆز ئوقۇغۇچىسى، شاگىرتى ۋە كاتىپلىرى بىلەن تۇرمۇش قۇرۇپ، ئورتاق نىشان ئۈچۈن بىرلىكتە كۈرەش قىلغانلار ئازمۇ؟ بىز ھېكايىدا «مەن» نىڭ پاتىمەگە (پاتىمە ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدە) دۇتار، تەمبۇر چېلىپ بەرگىنىدىن باشقا، قىلغان بىرەر ئېغىز ناشايان سۆز ـ چاقچاق ياكى ھەرىكىتىنى ئۇچراتمايمىز (ئۇنداق قىلىش ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىي ئەخلاقىغا خىلاپ كېلىدۇ، ئەلۋەتتە). دانالار ئېيتقاندەك، «ئادەمنىڭ ياشىشى ئۆزىنى ئۆزى ئىپادىلەش، ئۆزىنى ئىپادىلىيەلمىگەن ئادەم قۇل». ئاپتور «مەن» نىڭ مونولوگ ئارقىلىق ئىچكى تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلىگەنلىكىدىن نۇرغۇن قۇسۇرلارنى تاپقان. ھېچقانداق ئەمەلىي ھەرىكىتى بولمىسىمۇ، ئوقۇتقۇچىغا نۇرغۇن جىنايەت ئارتقان. «مەن» ئوقۇتقۇچى بولغاچقا، بەزى ئىشلارنى خىيال قىلىش ھوقۇقىمۇ يوقمۇ؟ ئاپتور نېمىشقا «نومۇسسىز، ئوقۇتقۇچى قىياپەتلىك مەخلۇق» دەپ ئەيىبلەپ كېتىدۇ؟

ئۇيغۇر تىلىدا جۈملىگە بىرەر سۆزنىڭ قوشۇلۇشى ياكى ئېلىنىپ كېتىشى روشەن مەنە پەرقى ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن، «ئۇ يەنە كەلدى» دېگەن جۈملىدىكى «يەنە» دېگەن سۆز «ئۇ» نىڭ ئىلگىرىمۇ كەلگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. دەل شۇنىڭغا ئوخشاش، پاتىمە «ئاتا-ئانىسىنىڭ زورى بىلەن مەكتەپتىن قالدى، بۇمۇ بىر ھېسابتا ياخشى بولدى...» دېگەن جۈملىدە ئۇنىڭ مەكتەپتىن قېلىشى بىر ھېسابتا يامان بولدى، دېگەن مەنىنىڭمۇ بارلىقىنى ئازراق ساۋاتى بار كىشىلەر چۈشىنەلەيدۇ. بۇ ئىچكى كەچۈرمە ئۆز نۆۋىتىدە «مەن» نىڭ ئىنتايىن ئەخلاقلىق ئوقۇتقۇچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىشتە مۇھىم رول ئوينىغان. چۈنكى پاتىمە مەكتەپتىن چېكىنمىسە، «مەن» دىن ئىبارەت ئەخلاقلىق ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۇنىڭغا سۆيگۈ ئىزھار قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، پاتىمەنىڭ مەكتەپتىن چېكىنىشى خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، يامان بولغان، «مەن» نىڭ سۆيگۈ تەشنالىقى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ياخشى بولغان. مۇشۇنداق ئەھۋالدا «يېزىلاردىكى بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار» نىڭ «تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن» «ئوقۇشتىن توختاپ قېلىشى» نى قانداقسىگە «مەن» گە دۆڭگەپ قويغىلى بولسۇن؟!

ئاپتور يەنە «ئىنسانىنىڭ ئىنسانلىق بەلگىسى نومۇس بىلەن ھايادا، ئەخلاقسىز، ھاياسىز كىشىدە ئىنسانلىق خۇسۇسىيەت بولمايدۇ» دەپ يازىدۇ. ئۇ ئىنسانىنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتىنىڭ ئۇنىڭ تەپەككۇر قىلالايدىغانلىقى ۋە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ياساپ ئىشلىتەلەيدىغانلىقى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئەقەللىي ساۋاتتىنمۇ خەۋەرسىز مىكىنە.

ئاپتور ھېكايىنىڭ بېشىدىكى «قۇياش بارا - بارا ئۆچۈشكە باشلىدى...» دەپ باشلانغان تەبىئىي مۇھىت تەسۋىرىنى تامامەن خاتا چۈشىنىپ، «ئاپتور بۇ تەسۋىردە يېزىنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتىنى قاراڭغۇ دېمەكچى بولىدۇ» دەپ يازغۇچىغا بوھتان چاپلايدۇ. «مەدەنىيەت زور ئىن-

قىلابى » دەۋرىدە سىياسىغا چېتىلىدىغان بىرەر ئېغىز گەپ ياكى ھەربىر ئىشتىن ئەيمىنىپ،
ئاشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىدىغان رەزىللىكلەر كۆپ بولغان. ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى تەبىئىي
مۇھەببەت تەسۋىرىنى يالغۇز ئىجتىمائىي مۇھىتقىلا باغلاپ تەھلىل قىلىش ئادەمنىڭ غىدىقىنى
كەلتۈرىدىغان بالىلارچە قاراش. قۇياشنىڭ چىقىشى ۋە پېتىشى ھەر خىل ئەسەرلەردە ئوخشىمىغان ئەھۋالدا ۋاقىت ـ مەزگىل، ھاۋا كىلىماتى ۋە پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئېچىپ
بېرىش جەھەتلەردىمۇ رول ئوينايدۇ. مۇھەممەتتۇرسۇننىڭ قارىشىچە، سوتسىيالىستىك يېڭى
دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەسەرلەردە قۇياشنىڭ پاتقانلىقىنى يازسا
بولمايدىغان ئوخشايدۇ. مۇشۇ مەنتىقە بويىچە قارىغاندا، زۇلمەتلىك يىللار تۇرمۇشىنى ئەكس
ئەتتۈرىدىغان ئەسەرلەردە قۇياشنىڭ كۆتۈرۈلۈشىنى يېزىشمۇ ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىش بولۇپ
قالامدۇ.

ھېكايىنى ئوقۇغانلارغا مەلۇمكى، سايىتوگەمەننى قويۇق خۇراپاتلىق تۇمانى قاپلىغان،
لېكىن ئۇ يازغۇچىنىڭ ۋە « مەن » نىڭ نەزەرىدە ئوخشاشلا سۆيۈملۈك. تۆۋەندىكى ئابزاسلارغا
كۆز يۈگۈرتەيلى: « مەنمۇ بىر كوممۇنىست، بىر ئۆمۈر ياش ئەۋلادلارغا ئاتېئىزم تەربىيىسى
بەردىم. ئەسلا شەرىئەت يولىنى تۇتمىدىم. ئەگەر مەن ئۆلسەممۇ يەنە شۇ ئىمام، مەزىنلەر باھا بېرەرمۇ ؟ ياق، ياق، بۇ ئىشلار ئۇزۇن داۋام قىلمايدۇ، يىراق خىلۋەت سايىتوگەمەنمۇ، ئۇنىڭ
كىشىلىرىمۇ ئۆز گىرىدۇ. دەۋرنىڭ قەدىمىگە يېتىشۇالىدۇ، ئۆز قەدىر ـ قىممىتىنى تاپىدۇ ... »
ھېكايە تۆۋەندىكى قۇرلار بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇلغان: « شۇلارنى ئويلاپ پاتمىگە نەزەر سالدىم،
ئۇنىڭ جامالىنى يوشۇرۇپ تۇرغان ئاق رومال ئاقارغان سۇبھى بىلەن ئوخشاش رەڭدە تاۋلىنىشقا
باشلىدى. سايىتوگەمەن، چەكسىز دەشت، پۈتكۈل كائىنات كۆز ئالدىمدا تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ
سۆيۈملۈك سىماسى بىلەن گەۋدىلەندى ». مۇھەممەتتۇرسۇن بۇ قۇرلارنى ئوقۇپ چۈشەنسە،
يېزىنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتىنى قانداق دەر كىن ؟

بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ياشىغان ۋە بىز ياشاۋاتقان ئانا تۇپراق، مەھەللىلەر بۇرۇنمۇ
سۆيۈملۈك ئىدى، ھازىرمۇ سۆيۈملۈك. گەرچە سايىتوگەمەننى خۇراپاتلىق تۇمانى بېسىپ تۇرسىمۇ، ئۇ يەنىلا سۆيۈملۈك، ئۇ تۇمان « مەن » گە ئوخشاش ئاتېئىزمچى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ
ئەجرى نەتىجىسىدە چوقۇم تارقايدۇ. مېنىڭچە، تۇمان باسقان مەھەللە بىلەن سۆيۈملۈك مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېنىق قارىمۇ قارشىلىق يوق. چۈنكى ۋەتەنپەرۋەرلەر ئۈچۈن ئۆز مەھەللىسى
شەرتسىز سۆيۈملۈك، « تۇمان » بېسىش ۋە باشقا ئۇنداق ـ مۇنداق سەۋەبلەر ئۇنىڭ سۆيۈملۈكلىكىگە تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ.

ئاپتور « ئايىغىم ئاستىدىكى زېمىن تۇگەمەن تېشىدەك ئايلانماقتا » دېگەن جۈملىدىكى
ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا چۈشەنمەي، « مەنتىقىگە ئويغۇن
ئەمەس » دەپ مەنتىقىدىن گەپ ساتىدۇ. « ھېلىقى تەۋرەنمەس ئىرادىلىك مۇئەللىم ھەر گىزمۇ
يەرنى تۇگەمەن تېشىغا ئوخشاش، دېمەيدۇ » دەيدۇ. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان جۈملىدە « ھېلىقى
مۇئەللىم » ياكى يازغۇچى ئابدۇللا ساۋۇت ھەر گىزمۇ يەرنى تۇگەمەن تېشىغا ئوخشاتقان ئەمەس.

بەلكى يەر شارىنىڭ ئايلىنىشىنى تۆگمەن تېشىنىڭ ئايلىنىشىغا ( ھەرىكەتنى ھەرىكەتكە ) ئوخشاتقان. ئاپتور تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ چۈشىنەلەيدىغان مۇشۇنچىلىك ئاددىي ئوخشىتىشنى چۈشىنەلمىگەن.

مەسچىت بىلەن خانىقا مۇئەييەن تىل شارائىتىدا « ئىككى خىل ئىبارە ھەم ئىككى ئورۇن » ، بەزىدە « بىر قېتىمدا كۆپرەك ئادەم ناماز ئوقۇشقا بولىدىغان قىلىپ سېلىنغان چوڭ مەسچىت، جامە » مۇ خانىقا بىلەن ئوخشاش مەنىدە قوللىنىلىدۇ ( « ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى » ، 2 ـ توم، 825 ـ بەت ) . خانىقا ئەينى مەزگىللەردە « ئاق تاغلىق » ، « قارا تاغلىق » سوپى ئىشانلار مەركەزلەشكەن يەكەن، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا كۆپرەك بولغان. ئەمما ھازىر يېزا ـ قىشلاقلاردا خانىقا كەمدىن كەم ئۇچرايدۇ. شۇڭا مۇسۇلمانلار، مەيلى سۈننى مەزھىپىدىكىلەر بولسۇن ياكى شىئە مەزھىپىدىكىلەر بولسۇن، ئۆزلىرىنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىنى ئادەتتە مەسچىتتىلا ئېلىپ بارىدۇ. بۇ جەنۇب يېزىلىرىدىكى ئومۇمىي ئەھۋال.

ئاپتور بىر قانچە يەردە « لوگىكا » ، « مەنتىقە » دېگەن سۆزنى تىلغا ئېلىپ، لوگىكىدىن ئوبدانلا خەۋىرى بار كىشى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقماقچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆزى نۇرغۇن گىراماتىكىلىق، لوگىكىلىق خاتالىقلارنى سادىر قىلغان، تىل ئىشلىتىش جەھەتتىكى سەۋەنلىك ـ خاتالىقلارمۇ ئاز ئەمەس.

ئاپتور ماقالىسىنىڭ ئاخىرىدا ئەدىبلىرىمىزنىڭ بۇرچى ئۈستىدە توختىلىپ، خەلقنى « تەربىيىلەش، ئۇلارغا ئىلھام بېرىش، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئاجايىپ ئېسىل ۋە نۇرلۇق نەرسىلەرنى قايتا يورۇتۇپ بېرىش، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئەڭ ئىلغار، ئەڭ ئاكتىپ نەرسىلەرنى بېرىشتىن ئىبارەت » دەپ يازىدۇ. قولاشمىغان بۇ جۈملىدىكى پىكىرنى توغرا دەپ قارىغان تەقدىردىمۇ، ئۇ ئەدىبلىرىمىزنىڭ بۇرچىنىڭ بىر تەرىپىدىنلا ئىبارەت. لۇشۈن، نىزامىدىن ھۈسەيىن، ئەختەم ئۆمەر، ئابدۇللا ساۋۇتلارغا ئوخشاش « خەلقنىڭ ۋۇجۇدىدىن ھەر خىل ئىللەتلەرنى تېپىپ چىقىپ » ، ئۇنى خەلقنىڭ ئۆزىگە تونۇتۇش ھېسابىغا خەلقنى تەربىيىلەيدىغان يازغۇچى، تەتقىقاتچىلارنىمۇ قىسمەن مۇتەئەسسىپ، چىرىماسلارنىڭ قاۋاشلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلغاندا، « خەلق چىن دىلىدىن سۆيىدۇ، ھۆرمەتلەيدۇ. »

يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، مۇھەممەتتۇرسۇن ئىبراھىمى ئون ئىككى يېرىم بەتلىك ھېكايىگە 13 بەت ئوبزور يازغان بولسىمۇ، ھېكايىدىكى ئۈششاق نۇقسانلارغا ئېسىلىۋالغاندىن باشقا، ئەمەلىي قىممەتكە ئىگە تۈزۈكرەك بىرەر پىكىرنىمۇ ئوتتۇرىغا قويالمىغان، بەلكى خۇراپىي ئىدىيىدىكىلەرنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئوينىغان، خالاس. ئۆز نۆۋىتىدە شۇنى ئوتتۇرىغا قويۇپ قويغۇم كېلىدۇ: ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىز كۆڭۈلدىكىدەك راۋاجلىنالمايۋاتىدۇ، قوشۇن زورايمايۋاتىدۇ. مەلۇم بىر ئەسەردىكى ئارتۇقچىلىق ياكى كەمچىلىكلەر ئۈستىدە توختالغان « ئوبزور » لار خېلى كۆپ ئېلان قىلىنىۋاتقان بولسىمۇ، ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىزدە ساقلانغان ئومۇميلىققا ئىگە مەسىلىلەر ئۈستىدە توختالغان، بۈسۈش خاراكتېرىگە ئىگە يېڭى پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئوبزورلار ئاز بولۇۋاتىدۇ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدىغىنى دەل ئاشۇنداق ئوبزورلار ئەمەسمۇ.

مەسئۇل مۇھەررىر **ئەنۋەر ئابدۇرېھىم**

## چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن

يۇكىما ساخارو ( ياپونىيە )

# مىراس

( ھېكايە )

ئۇلارنىڭ ئاتىسىنىڭ مېگىسىگە قان چۈشۈپ ھوشسىز ياتقىلى ئۈچ كۈن بولدى. ئۇلار ئاكا - سىڭىل ئۈچەيلەن ئاتىسىنىڭ يېنىدىن نېرى بولالمىدى.

— ھەي، ئەجەپ تولا ئاۋارە قىلدىغۇ كىشىنى، — دېدى چوڭ ئوغۇل كازۇئو ئۇچۇقلا قىلىپ، — ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ ئېغىرلىقىنى ئاڭلاپلا كەلگەنىدىم، ئەمما ئۇنىڭ چىرايى ئوبدانلا تۇرۇپتۇ. ئۇ بۇ كۈن - ئەتە ئۆلۈپ قالىدىغاندەك ئەمەس.

— ياق، — دېدى ئىككىنچى ئوغۇل جىرو ئېرەنسىز قىياپەتتە بېشىنى چايقاپ، — يەنە بىر ئاز تەخىر قىلايلى، دوختۇر ئۈمىد يوق دەۋاتىدۇ.

— مەنمۇ ساقلاۋېرىپ زېرىكتىم، — دېدى ئۇلارنىڭ سىڭلىسى مىتسويۇ.

ئۇلارنىڭ ئاتىسى مەشھۇر ياپون تىل - يېزىق ئالىمى ۋە قەدىمىي كىتابلارنى ساقلىغۇچى بولۇپ، بۇندىن توققۇز يىل بۇرۇن ئۇنىڭ ئايالى ئۆلۈپ كەتكەنىدى. ئۇ شۇنىڭدىن بۇيان تەنھا ئۆتۈۋاتاتتى. ئائىلىسىدە بىر غوجىدار ئايال بار ئىدى.

— ئاتامدەك ئادەملەرنىڭ، — دېدى كازۇئو يەنە نارازى تەلەپپۇزدا، — بۇ دۇنيادا ياشىغىنىنىڭ نېمە پايدىسى ؟! ئۇ پەقەت ئېپلا سىلىقنى، سارغىيىپ چىرىپ كەتكەن كىتابلار بىلەن ھەپىلىشىپ ئۆز كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇشنىلا بىلىدۇ. ئۇ تازا ئۆزىنى بىلمەيدىغان ئادەم. ئۇ ئاتىلىق بۇرچىنى بىر ئازمۇ ئادا قىلمىدى.

— شۇنداق، — دېدى جىرو، — ئاتام بالىلىرىغا مىراس قالدۇرۇشنى ئەزەلدىن ئويلاپ باققان ئەمەس، ئۇ ھەمىشە ئۆز بېشىمچىلىق قىلىدۇ. يەر باھاسى ئۆسىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپ، نىيىتىنى بۇزۇپ، كونا ئۆيىنىڭ ئورنىنى سېتىۋەتتى. ئۇ پۇلنىڭ ھەممىسىگە قەدىمىي كىتاب، مەكتۇپ، ھۆججەت دېگەندەك بىر نېمىلەرنى ئالدى. ئاتام بۇ قېتىم راستىنلا ئۆلۈپ كەتسە، ئارتۇقچە غەمدىن خالاس بولاتتۇق. ئۇنىڭ يەنە ياشىشىنى خالىمايمەن.

— بىراق... — دېدى مىتسويۇ، — سىلەر قانداقلا بولمىسۇن ئۇنىڭىر سىتېپتا ئوقۇدۇڭلار، بۇنى ماڭا سېلىشتۇرغاندا چوڭ بەخت دېسە بولىدۇ. ئاتام تۆگەپ كەتكەندىن كېيىن مەن ئۆيدە ئايال خىزمەتچىگە ئايلىنىپ قالدىم. مۇشۇنداق كىچىكىپ توي قىلىشىممۇ ئاتام

ئۇ چۈن بولدى. شۇڭا مەن مىراسنىڭ ئاز دېگەندىمۇ يېرىمىنى ئالىمەن.

— نېمىشقا؟ — سورىدى كازۇئو.

— دېدىمغۇ، سىلەر ھېچنېمە كۆرمەيلا ئونىۋېرسىتېتتا ئوقۇدۇڭلار، ئەمما ماڭا بۇ پۇرسەت نېسىپ بولمىدى. ئاتام تۆگەپ تاكى تويى قىلغانغا قەدەر ئاتامغا قارىدىم. مېنىڭ مىراسنىڭ يېرىمىنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقۇم بار!

— ھىم، يونىمۇ چاغلاۋراق ئېيتىش كېرەكتە. گېپىڭدىن ناھايىتى ۋاپادار قىزدەك كۆرۈنىسەن، ئەمما سېنىڭ خاراكتېر - تەبىئىتىڭ ئاتامنىڭكى بىلەن ئوپمۇ ئوخشاش، كىچىككىدىن تارتىپلا شەخسىيەتچى بىر نېمىدىڭ. ئاپام سەكراتقا چۈشۈپ قالغان چاغدىمۇ، دوستلۇرۇڭ بىلەن مۇز تېيىلىپ ئوينىغىلى كەتكەن ئىدىڭ. ئۇنىڭ دەپنە ئىشلىرىغىمۇ قاتناشمىدىڭ. ئاتام شۇ سەۋەپتىن ھەمىشە سېنى ۋاپاسىز، ۋىجدانسىز ئادەم بولۇپ قالدى دەپ زارلىنىدىغۇ.

— يوق گەپنى قىلما.

— يوق گەپنى قىلما؟! سەن كېچىكىپ تويى قىلغىنىم ئاتام ئۈچۈن دېدىڭ، مانا بۇ يوق گەپ ئەمەسمۇ؟! سەن ھەمىشە ناباپ ئەرلەر بىلەن ئاياق - چاپاق بولۇپ يۈردۈڭ، تويى قىلىدىغان چاغدا ئۇلار سېنى تاشلىۋەتتى. سەندەك شاللاقلاردىن قايسى ئەر قاچمايدۇ؟!

— تۆھمەت چاپلىما!

— دېگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى راست گەپقۇ!

— مەن سېنى كەچۈرمەيمەن، — دېدى مىتسۇيو تەرىنى بۇزۇپ. ئۇ گويا ئېتىلىپ بېرىپ كازۇئو بىلەن تۇتىشىدىغاندەك ئەلپازدا ئىدى.

— بولدى قىلىڭلار... — دېدى جىرو ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن ئۇلارنى يارىشتۇرماقچى بولۇپ، — ئاتام شۇ تاپتا ساكراتتا ياتسا، سىلەر نېمە دەپ جېدەللىشىسىلەر، بىز كىچىك بالا ئەمەسقۇ، بۇنداق ئەخمىقانە گەپلەرنى قىلىشىپ نېمە قىلىمىز. مىراسلارنى قانداق بۆلۈشۈشنىڭ گېپىنى قىلىشتىن بۇرۇن قانچىلىك مىراس بارلىقىنى ئېنىقلىشىمىز كېرەك. بۇ ئۆيلەر ئونىۋېرسىتېتنىڭ ئۆيلىرى، ئاتام پېنسىيىگە چىققان پروفېسسور، ئاتام ئۆلۈپ كەتسە، مەكتەپتىكىلەر بۇ ئۆينى ئېلىۋالىدۇ. ئاتام بىر تىيىنمۇ پۇل يىغمىغان، سۇغۇرتا دېسە بېشى ئاغرىيتتى، شۇڭا ئۆمۈر سۇغۇرتىسى پۇلىمۇ يوق، شۇنىڭغا قارىغاندا پۇلغا يارىغۇدەك نەرسە ئاشۇ سارغىيىپ پاختىلىشىپ كەتكەن كېگىز كىتابلار ۋە مەكتۇپلەر ئوخشايدۇ. بۇ نەرسىلەر بىز گىمغۇ بىر دۆۋە ئەسكى قەغەزدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەمما ئاتام ھەتتا پېنسىيە پۇللىرىغىمۇ ئاشۇ كىتابلارنى سېتىۋالغىنىغا قارىغاندا، بۇ كىتابلار خېلى پۇلغا يارىسا كېرەك.

— ئوتتۇز مىليون يېنلارغا يارىسا كېرەك، — دېدى كازۇئو.

— ئوتتۇز مىليون يېن؟ — سورىدى مىتسۇيو.

— مەن ئالتە - يەتتە يىل ئىلگىرى ئاتام بىلەن بىر قەدىمىي كىتابلار سودىگىرىنىڭ پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ قالغانىدىم. ھېلىقى سودىگەر ئاتامغا كىتابلىرىڭىزنى ساتسىڭىز، باھاسى

ئوتتۇز مىليون يىن بولسا دەپ يېلىنغاندا، ئاتام رەت قىلغۇەتكەن.
— ھېلىقى سودىگەر تازا مەرت نېمىكەن ـ دە! كىتابلار ھېلىمۇ قىرائەتخانىدىمۇ؟
— شۇ يەردە، مەن ھېلىلا كۆرۈپ چىقتىم.
— ئوتتۇز مىليون يىنغا يارىسا، ھەر بىر ىمىز گە نەق ئون مىليوندىنلا تېگىدىكەن ـ دە!
— شۇنداق، ئون مىلىيوندىن تەگسە، مېنىڭ باشقا گېپىم يوق، — دېدى مىتسويو ياۋۇزلۇق يېغىپ تۇرغان نەزەرى بىلەن. ئۇ نېمىشقىدۇر بىردەمدىلا يۇمشاپ قالدى.
ئەمما بىمار تۆتىنچى، بەشىنچى كۈنلىرىمۇ ھوشسىز ياتتى.
— بۇ قېرى ئەجەپمۇ ئۆلمەي كەتتىغۇ، خىزمىتىم ئالدىراش ئىدى، مەن ئىشىمنى قىلىۋېرەي، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ماڭا خەۋەر بېرىڭلار، — دېدى جىرو ئاۋۋال.
— شۇنى دېمەمسەن، — دېدى كازوئو، — مەنمۇ ئەمدى ساقلىيالمايمەن، ئاتام ئۆلگەندىن كېيىن مىراس بۆلۈشىدىغان ئىشنى ئاندىن مەسلىھەتلىشەرمىز، ئىشقىلىپ تەڭ ئۈچكە بۆلسەكلا ئىش پۈتىدۇ.
— بولىدۇ، ئۇنداق بولسا مەنمۇ ئۆيۈمگە كېتەي، ئاتام تۈگىشى بىلەنلا كېلىمەن، — دېدى مىتسويو. شۇنىڭ بىلەن ئۇچەيلەن ئاتىسىنىڭ يېنىدىن كېتىشتى.
دەل شۇ كۈنى كەچقۇرۇن غوجىدار ئايال ئۇچەيلەنگە ئاتىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى يەتكۈزدى، ئۇلار ئارقا ـ ئارقىدىن يېتىپ كېلىشتى.
— ئاتام ھوشسىز ياتقان پېتى ئۆلۈپ كەتتىمۇ؟ — سورىدى كازوئو غوجىدار ئايالدىن.
— يوقسۇ، — دېدى غوجىدار ئايال بېشىنى چايقاپ، — سىلەر كەتكەندىن كېيىنلا ھوشىغا كەلدى، قارىماققا ئۇ ناھايىتى تېتىكتەك كۆرۈنەتتى. دەل شۇ ئەسنادا كىرە كەسىز قەغەز يىغىدىغان سودىگەر كىچىك يۈك ماشىنىسى بىلەن بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانىكەن. ئاتاڭلار قىرائەتخانىدىكى كىتاب ۋە مەكتۇپلەرنىڭ ھەممىسىنى كىرە كەسىز قەغەز ھېسابىدا ئۇنىڭغا سېتىۋەتتى، ئاندىن ئۇ پۇلغا چوڭ بىر سېۋەت تازىلىق قەغىزى ئالدى. ئۇ مۇشۇ ئىشلارنى قىلىپ بولۇپ، ئاندىن جان ئۈزدى. ئەپەندىم مۇشۇ تازىلىق قەغىزىنى ئۈچىڭلارنىڭ تەڭ ئۈچكە بۆلۈشۈپلىشىڭلارنى تاپىلىدى.

(«چەت ئەل ھېكايىلىرىدىن تاللانمىلار» ناملىق ژۇرنالنىڭ 1987 ـ يىللىق 11 ـ سانىدىن)

**ئابدۇسالام ئابلىز تەرجىمىسى**

**مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم**

ئابدۇرېشىت قادىر

# قاۋۇزنىڭ ئۆي كۆچكەن كۈنى

(ھېكايە)

زاۋۇت سىرتىدىكى كونا ئۆيلەرنى چېقىپ تۈزلەشكە كەلگەن تراكتور بوشىغان ئۆيلەر ئەتراپىدا گۈرۈلدەيتتى. ياش ئىشچىلارغا ۋاقىتلىق ئۆي كۆرسىتىپ بېرىلىپ، قاۋۇزغا ئوخشاش پېشقەدەم ئىشچىلارغا يېڭى بىنادىن ئۆي تەقسىم قىلىپ بېرىلدى.

قاۋۇزنىڭ كونا ئۆيى قورۇنىڭ ئەڭ چېتىدە بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشىكى ھەر خىل تاختاي ۋە پارچە - پۇرات تۆنىكىلەر بىلەن چەمبەرلەنگەنىدى. ئۆينىڭ تېمى قىڭغىيىپ ئۆرىلەي دەپ قالغانىدى. بۇ ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىدە قارىداپ كەتكەن قۇمۇش ۋە ھەر خىل شاخ - شۇمبىلار، كونا لاتا - پاتىلار خۇددى تۇغ - ئەلەمدەك يەلپۈنۈپ تۇراتتى.

قاۋۇز 50 ياشلاردىن ھالقىغان، ئورا كۆز، ياغاق يۈز كىشى ئىدى. ئۇ نەدىندۇر ئەكەلگەن شاخ - شۇمبىنى ئىشىك ئالدىغا تاشلاپ قويۇپ، پېشانىسىدىكى تەرنى يېڭى بىلەن سۈرتتى. ئەتراپتىن يەنە تراكتور ئاۋازى كەلدى. ئۇ بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ، بىر نېمىلەرنى دەپ غۇدۇرىغانچە ھويلىغا كىرىپ ۋېدى، مېۋە شۇپەكلىرىگە، قۇغۇن - تاۋۇز شاپاقلىرىغا ھەم تەلەڭگە گىرۋەكلىرىگە قو-

نۇۋالغان چىۋىنلار غۇژژىدە كۆتۈرۈلۈپ، يەنە ئۆز جايىغا قوندى. ئىغىلدىكى بىر نەچچە قويمۇ بېشىنى چىقىرىپ مەرەپ قويۇشتى. قورۇ ئىچىدە توخۇلارغا كېپەك چىلىۋاتقان شەرىخان ئۇنىڭغا:

— يېڭى ئۆينىڭ ئاچقۇچىنى ئېلىۋالسۇن دەپ بايا بىر ئادەم كەپتىكەن، تېزرەك بارماملا، — دېدى.

قاۋۇز شەرىخاننىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغاندەك شەپكىسىنى غىلتاڭ بېشىدىن ئېلىپ ۋە ئىچىدىكى مايلىشىپ كەتكەن شاپاق دوپپىسىنى كەيگەچ:

— ساڭا دەپ قوياي، مەن ئۆي كۆچمەن دېمىدىم، كىم ئۆي كۆچۈشكە خۇشتار بولسا ئۆزى كۆچۈۋەرسۇن، — دېدى.

— تۇۋا، ماۋۇ ئادەمنىڭ جاھىللىقىنى، قاچانغىچە بۇ ئۆيدە چىلە پۇراپ ئولتۇراتتۇق ؟!

شەرىخان شۇ گەپ بىلەن كېپەك چالغان قاچىنى كۆتۈرۈپ قورۇنىڭ كەينىدىكى توخۇ كاتىكى تەرەپكە ماڭدى. شۇ ئەسنادا كەنجى ئوغلى ئىسھاق يۈگۈرۈپ كىرىپ:

— دادا، دادا، قارا، ھېلىقى ئوبۇقنىڭ دادىسى ئېگىز ئاق ئۆيگە كۆچۈۋاتىدۇ، — دەپ خەۋەر يەتكۈزدى. قاۋۇز:

— ماڭ، ئويۇنۇڭنى ئوينا، بۇ گەپنى دېمىگەن سەن قالدىڭمۇ ئەمدى، مۇشۇ يېشىمغا كەلگەندە ئاشۇ ھاۋايى مۇئەللەقتە نېمە قىلسۇن دېيىشىسەن؟! — دەپ بالىسىنى قوغلىدى.

قاۋۇز ھەممىگە سۆزلەپ ھاردى بولغاي، ئەمدى پەسلەپ قالدى. شەرىخانمۇ ئارتۇق گەپ قىلمىدى. چۈنكى، گەپ ئۇلغايسا، قاۋۇزنىڭ تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ كېتىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

قاۋۇز قورۇ ئىچىدىكى ھەممە نەرسىگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى، تامغا يۆلەپ قويۇلغان بىر نەچچە تاغار كېپەك، قورۇ تولغان شاپاق دېگەندەك نەرسىلەردىن باشقا قاتتىق ـ قۇرۇق نان پارچىلىرى ئۇنىڭ كۆزىگە تاشلاندى. بۇ قويلارنى سەمرىتىپ ساتسام قولۇمغا خېلى پۇل كىرىدۇ، ئەمدى تۇخۇلىرىم ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كۈنلىكى بەش ـ ئالتىدىن تۇغسا، كالا ـ ئۆچكە سۈتلىرىچۇ تېخى... ھەي مەن ئاشۇ ھاۋايى مۇئەللەققە چىقسام بۇلاردىن قۇرۇق قالامدىمەن؟

قاۋۇز ئاشۇ خىياللار بىلەن لاپاس ئاستىدىكى كونا كارىۋاتقا كېلىپ ئۆزىنى تاشلىدى، ـ دە، ئىككى قولىنى بېشىنىڭ ئاستىغا قويۇپ بىردەم سوزۇلۇپ ياتتى. بىر نەچچە چىۋىن گىژىلداپ، ئۇنىڭغا زادىلا ئارام بەرمىدى. ئۇ مەڭزىگە قونغان بىر چىۋىننى پەملەپ تۇرۇپ شاپىلاق بىلەن بىرنى ئۇرغانىدى، چىۋىن نەگىدۇر ئۇچۇپ كەتتى. كۆچۈش مەسىلىسى يەنە ئۇنىڭ بېشىنى قاتۇرماقتا ئىدى. زادى كۆچمەيمەن، دەپ چىڭ تۇرۇۋالسام قانداق بولار، ھەي، بۇ جاي ئۆزى پىلانغا چۈشۈپمۇ بولدى، كۆچمەيمەن دېگەنىمگە مۇشۇ خەق ئۇنارمۇ؟

ئۇ لاپاس ئاستىدىكى سوكال ئورغاق، ۋېلسىپىتنىڭ كونا كامېرى، سۇنۇق بىلەي، پارچە ئىككەك، دات باسقان پىچاق، كونا چايدان قېپى، يىرتىق تۇماق ۋە ئالا ـ يېشىل تۈگۈنچەكلەرگە قاراپ يېتىپ ئەگەر راستتىنلا كۆچسەم دېسە بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كەتمەي بولمايدۇ، دەپ ئۆز ئۆزىگە پىچىرلىدى.

قاۋۇز تۇراق ئىشان دېگەن كىشىنىڭ ئوغلى ئىدى. ئىشان ئۆزىنىڭ ئوغلىغا يازغان خەتلىرىدە سەپەر كۆرگەن ئوغلى قاۋۇزنىڭ يەنىمۇ پىششىق ئادەم بولۇشىنى ئەسكەرتىپ: «سىنىڭ ئىشچى بولۇشۇڭغا رازىلىق بەرگەن داداڭ سىنى تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈكىنى تېتىسۇن، سەپەر كۆرۈپ ئادەم بولسۇن دېدى. يەنە سىنى شۇنداق تەن دۇرۇس، ئەقىللىك ياراتقان جانابىي ئاللا نامى بىلەن بىر سۆز قىلايكى، ئەمدى سەن ئايلىقچى بولدۇڭ، پۇل، دۇنيا بەك ئەزىز نېمە. ئۇنى بىھۇدە ئىشلارغا ئىسراپ قىلماي كەينىڭگە تاشلا، بىزلەرنىمۇ ئۇنتۇپ قالما» دەيتتى. ئەمما، قاۋۇز قېرىپ قالغان دادىسىغا تۈزۈك قارىمايتتى. شۇڭا، دادىسى بەزى خەتلىرىدە ئۇنىڭغا «ھوي، قارا يۈز، مېنىڭدەك قېرى ئاتاڭنى يار دەمسىز قويساڭ، قىيامەتتە داۋايىم بار...» دەپ تەھدىت سالاتتى.

دادىسىنىڭ نەسىھىتىنى قوبۇل قىلغان قاۋۇز زاۋۇتقا ئىشچى بولۇپ كىرگەن

كۈندىن باشلاپ بىر تېيىنىنىڭ ئۈستىدە تىك
تۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ چاغدىكى ئىشچىلار
ئاشخانىسىنىڭ تاماقلىرىنىڭ تۈرى كۆپ
ئىدى، لېكىن ئۇ گۆشسىز، ئەڭ ئەرزان تا-
ماقلارنىلا يەيتتى. گاھىدا قۇرۇق نان بىلەن
بىر نەچچە ھەپتىنى ئۆتكۈزۈۋېتەتتى.

ئۇ ھاراق ئىچمەيتتى، تاماكا چەك-
مەيتتى، ئادەتتىكى كىيىمنى ئىشقا چىققاندا
كەيسە، زاۋۇتتىن بەرگەن كىيىمنى ئاياپ
ھېيت-بايرام كۈنلىرىدە كىيەتتى، شۇڭا
ئىشچىلار ئۇنى «قاۋۇز چويۇن» دېيىشىدى-
غان بولۇۋالدى.

قاۋۇز 30 ياشتىن ئاشقان كۈنلەردە
ئۆزىدىن بىر نەچچە ياش چوڭ تۇل ئايال ــ
شەرىخان بىلەن توي قىلىۋالدى. شۇ چاغدا
ئۆي-مۈلۈك باشقۇرۇش بۆلۈمى قاۋۇزغا
چەتتىكى مۇشۇ ئۆينى بەرگەنىدى. ئۇ چوڭ
بىر قورۇ چۆرۈپ باشقىچە بىر ئىگىلىك تىك-
لەش يولىدا خېلى تىرىشۇېدى، ھە دېگەندە
بۇ ئىشى ئەپلەشمىدى. كېيىنچە، بىر تېيىن
چىقىم قىلماي ھويلا تېمىنى چۆرۈۋالدى ھەم
ئۇنىڭ ئىچىدە بىر نەچچە بوتكىنى ئۆرە
قىلدى. ئۇنىڭ بىرىدە ئىككى پاقلان بېقىپ،
قىشتا بىرنى سويۇۋېدى، قولۇم-قوشنىلىرى
گۆشنى سېتىۋېلىشتى. ئەمما، شۇ يىلدىكى
ھەرىكەتتە ئۇ «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان»
دەپ تارتىپ چىقىرىلىپ مال بېقىپ سويۇپ
ساتقانغىمۇ تازا تويدى. بىراق، پۇلنىڭ تە-
مىنى تېتىپ قالغان قاۋۇز يەنە جىم تۇرمىدى.

ئۇ دەسلەپ قاچىلاش-چۈشۈرۈش
ئىشلىرىنى قىلاتتى، كېيىن «بىلىم ئاغرىيدۇ»
دېگەن سەۋەب بىلەن زاۋۇتنىڭ كۆزەتچىلى-
كىگە چىقىۋالدى. ئۇ كۈندۈزدىكى بىكار
ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، خېلى ئىشلارنى قى-
لىۋالدى.

قاۋۇز شۇ تاپتا ئوقۇر ئالدىدا
زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ كۆشەپ ياتقان چار-
پايلارغا زوقلىنىپ قاراپ تۇراتتى. تۇيۇقسىز
ئىشىكنى بىرى قاقتى:

ــ قاۋۇزكا، ھوي قاۋۇزكا!

ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ سىرتقا
چىقتى. بىر پەستىن كېيىن لىممۇ لىپ بىر
نەرسە قاچىلانغان تاغارنى ئىنجىقلىغانچە
كۆتۈرۈپ كىرىپ، تاغارلىرىنىڭ يېنىغا
قويدى. شەرىخان قاۋۇزنىڭ بۇ ئىشىدىن
رەنجىدى.

ــ بىلىم ئاغرىيدۇ دەيدىكەنلا، يوغان
تاغارلارنى كۆتۈرگەنلىرى نېمىسى؟

ــ كاللاڭ ئىشلىمەمدۇ سېنىڭ؟!
ئىشىكىڭنىڭ ئالدىغا يەم-خەشەك ئەكىلىپ
بەرسە بېلىڭ ئاغرىمدۇ؟

قۇرۇلۇش ئەترىتىدىكىلەر ئەتە قا-
ۋۇزنىڭ ئۆيىنى چاقىدىغانلىقى، شۇڭا ئۇنىڭ
بۇ ئۆيىدىن بۈگۈن كۆچۈپ بولۇشى توغرى-
سىدا بۇيرۇق قىلغاندا قاۋۇز بوشاپ قالدى.

ــ قۇيرۇقىنى كۆتۈرگەن موزاي
تېزەكلىمەي قالمايدۇ، بۇ خەق ئۆزى بىزنى
كۆچۈشكە بۇيرىدىمۇ بولدى ئەمدى،
كۆچمەي ئامال يوق، ــ دېدى ئۇ قۇرۇق شا-
پاقنى تاغارغا قاچىلاۋېتىپ، قاۋۇز
شەرىخاننىڭ يېڭى ئۆينى كۆرۈپ تازىلاپ
كېلىشكىمۇ قارشىلىق قىلمىدى.

شەرىخان كەتكەندىن كېيىن ئۇ
بوتكىغا كىرىپ سوۋۇلمىغان تامنىڭ ئارىلى-
رىغا، تام-تورۇسلىرىغا سىنچىلاپ قاراپ،
ئالدىنقى كۈنى تراكتور كېلىپ قوشنا ئۆي-

لەرنىڭ تېمىنى تۇرتۇپ تۇزلىگەندە بوتكا ئۆي تېمىنىڭ ئىچى تەرەپكە سەل قىڭغىيىپ قالغانلىقىنى كۆردى ـ دە، ئاستا قوي قوتىنىغا چىقتى. قوتاننىڭ كونا قومۇشلۇق تورۇسدىكى ئەگرى ـ بۈگرى ياغاچ ئاراشىلىرىغا قول ئۇزۇتۇپ خېلى ئۇزاق تىمىسقىلىغاندىن كېيىن قەغەزگە يۆگەلگەن بىر تۇتام پۇلنى ئاران تاپتى. كېسەك ئارىلىقلىرىنى ئاختۇرۇۋېتىپ ئۇنىڭ كۆزىگە توپا كىرىپ كەتتى. ئۇ كۆزىنى سۈرتكەن پېتى ئەلەم بىلەن ئۆيگە چىقتى.

قاۋۇز تاپقان پۇلنى بانكىغا قويماي، كىشىنىڭ نەزەرى چۈشمەيدىغان جايدا ساقلاش ئىشەنچلىك بولىدۇ، دەپ ئويلايتتى. ئۇ بىر يەرگە قىستۇرۇپ قويغان پۇلنى تاپالماي جىلى بولۇۋاتقاننىڭ ئۈستىگە ھېلىقى تۇگۈنچەكنىڭ خېلى يەرگىچە غاجىلانغانلىقى ئەلەم قىلغاچقا، پۇللىرىنى بانكىغا ئامانەت قويمىغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى، ئۇ زادى نېمە ئۈچۈن پۇللىرىنى شەرىخاندىن يوشۇرىدىغانلىقىنى ۋە بانكىدا قويمايدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

شەرىخان قاۋۇزدىن ئىككى پەرزەنتلىك بولدى ھەم مۇشۇ ئەرنىڭ تۇرمۇشىغا ماسلىشىپ ياشىدى. تەرلەپ ـ تەپچىرەپ، شاپاق ھەم ئوت ـ چۆپ يىغىپ كالا، قوي ۋە تۇخۇلارنى باقتى. ئۇ ئەرنىڭ ھۆكمى خۇدانىڭ ھۆكمى، دېگەن ئەقىدىگە ئەمەل قىلىپ، قاۋۇزنىڭ ھەر قانداق گېپىنى يىرمايتتى. سىزغان سىزىقىدىن چىقمايتتى.

قاۋۇز قورۇدا قۇرۇق ئوت ـ چۆپلەرنى تاغارغا چىڭداپ سېلىپ ئۇنىڭ ئاغزىنى باغلاۋاتاتتى، شەرىخان ھويلىغا كىرىپ، بىنا ئۆيىنىڭ چىرايلىق ياسالغانلىقىنى، قوشنىلىرىنىڭ ئۆي بىزەكلىرىدىن تارتىپ دېرىزىنىڭ پەردىلىرىگىچە يېڭىلىغانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭمۇ شۇنداق قىلسا چىرايلىق بولىدىغانلىقىنى، شۇڭا بازاردىن پەردىلىك ئېلىپ بېرىشنى ئېيتقاندى، ئۇ شەرىخانغا قاراپ كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقاردى:

ــــ تازىمۇ ھاماقەت نېمە ئىكەنسەن، پەردىلىك دېگەننىڭ مېتىرى پاللان پۇل تۇرسا، بۇنىڭ گېپىنى قاراڭ، ۋاقتى كەلسە دېرىزە دېگەنگە نېمە ئارتىپ قويسا بولۇۋېرىدۇ، ــــ دېدى دە، ئۆز ئىشىغا تۇتۇندى.

شەرىخانىنىڭ بۇ قېتىم يېڭى ئۆيىنى قوشنىلىرىغا ئوخشاش پاكىز ھەم چىرايلىق بېزەپ ئولتۇرغۇسى كەلگەنىدى. بىراق، ئۇ شۇنچىلىك نەرسىگىمۇ گېپى ئۆتمەي، ئۆز پىكرىنىڭ رەت قىلىنغانلىقىدىن خورلانغاندەك مۇڭلىنىپ تۇرۇپ قالدى.

قاۋۇز ئۆي كۆچىدىغان كۈنى نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا تىقىپ قويغان تۇگۈنچەكنى تاپالماي غۇدۇڭشۇپ ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەپ ئالدى ـ كەينىگە ماڭغىلى تۇردى. ئۇنىڭ ھازىرقى كەيپىياتى تولىمۇ جىددىي ئىدى. ئۇ ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى. چۈنكى، قاۋۇزنىڭ ئۆز تىلى بىلەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ «ئېرىغ مال» قىلىۋېلىش نىيىتى ئەمەلگە ئېشىپ مۇندىن 20 يىل ئىلگىرى بىر قانچە تال نوكچا ئالتۇننى ئۆزى ياتىدىغان ئاشۇ بوتكىنىڭ تام ئۇلىغا كۆمگەنىدى. شۇڭا، ئۇ ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ ئۇلپەتلىرىدىن چىشىغا تەگكەنلىرىگە «ئەسكى چاپاننىڭ ئىچىدە ئادەم بار جۇمۇ» دەپ ھۆر كىرەيدىغان بولغانىدى. ئەمدى بۇ تام بىر دەمدىلا ئالتۇننى كولاپ ئېلىۋېلىشقا

كاشىلا بولۇۋاتقاچقا، قاۋۇزنىڭ ئىچى تىتىلداپ، قولى ئىشقا بارمىدى. شۇڭا، بۇ-گۇنكى ئۆي كۆچۈش ئىشى شەرىخان بىلەن ئۇنىڭ توققۇز - ئون ياشلىق ئىسهاق، مۇساق دېگەن ئىككى ئوغلىغا قالغانىدى.

شەرىخانىنىڭ باش - كۆزىنى توپا بېسىپ، چاچلىرى ئارىسىدىن تەر قويۇلاتتى. ئوغۇللىرى قورۇدا بىر نېمىلەرنى سۆرىتىپ چۇرۇلدىشاتتى.

قاۋۇزنىڭ تەلپىي بىلەن زاۋۇتتىن بىر ماشىنا ئادەم ياردەمگە كەلمەكچى بولدى. شەرىخان ئاشخانا ئۆيىدىن چۇۋۇلۇپ كەتكەن قۇمۇش بورىنى يۆگەپ كۆتۈرۈپ چىققاندى، قاۋۇز ياتقان يېرىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— ئەينەككە دىققەت قىل، چېقىلىپ كەتمىسۇن، — دەپ ۋارقىرىدى.

ئىچكىرى ئۆينىڭ ئىشىك يېنىغا ئىككى غېرىچ ئۇزۇنلۇقتىكى چاك كەتكەن ئەينەك جازا ئېسىغلىق ئىدى. قاۋۇز ئۇنى نە-دىندۇر تېپىپ كېلىپ ئېسىپ قويغىنىغا خېلى يىللار بولۇپ، ئەينەك ئۆزىنىڭ چېچىنى ئۆزى ئېلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى.

شەرىخان قاۋۇزنىڭ ئاگاھلاندۇ-رۇشى بويىچە ئەينەكنى ئېلىپ خاس جايغا قويغاندىن كېيىن بورىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئەمدى قاۋۇز يېتىشتىن زېرىككەندەك ئاستا ئورنىدىن تۇردى - دە، شوتا بىلەن ئۆگزىگە چىقىپ ئەتراپقا قارىدى. بۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆيىلا چوقچىيىپ قالغانلىقىنى، باشقا قوشنا ئۆيلەرنىڭ چېقىلىپ تۈز تۈلۈپ بولغانلىقىنى كۆردى. ئۇ زاۋۇت تەرەپكە كۆز تىكتى. ئاندىن يىراقتىكى قوشنىلار كۆچۈپ بولغان يېڭى بىنالارغا قاراپ بىر پەس تۇرۇپ قالدى. بۇ چاغدا بىر ماشىنا چىقىپ كەلدى ھەم ئۇدۇل ئىشىك ئالدىغا كېلىپ توختىدى - دە، بىر نەچچە ياش ۋاراڭ - چۇرۇڭ بىلەن قورۇغا كىرىشكەندە قاۋۇز ئۆگزىدە ئۇلارغا سالام بەردى.

— ھە ئەزىمەتلەر كېلىڭلار، مانا ئاۋۋال مۇشۇ تاغاردىكى يەم - خەشەكنى، — دېدى ئۇ قاپ - تاغارلاردىكى نەرسىلەرنى كۆرسىتىپ، ئۆزى بولسا ئۆگزىدىن يىرتىق تاغار، توقۇناق تانا، ئەسكى غەلۋىر، چۇۋۇق زەمبىلنى تاشلاشقا باشلىدى. ماشىنا كوزۇپى كونا، قۇراق نەرسىلەر بىلەن توشتى. قاۋۇز بىردەم لاپاسقا چىقسا، بىردەم قورۇغا چۈشۈپ بۇيرۇق قىلاتتى.

ماشىنا ئىككىنچى قېتىم كەلگەندە لاپاس ۋە شاخ - شۇمبىلار قويماي بېسىلىپ، بۇ خارابە ھويلا بىردەم توپا - تۇمان ئىچىدە قالدى. قاۋۇز بىر چەتتە ئولتۇرۇۋېلىپ:

— مانا بۇ كەكنى تاپالمىغانىدىم، بۇ يەردە تۇرىدۇ، بۇ يەكپەي ئاياغنىڭ بىر پېيى بولسىمۇ كاساپەت ياخشى بولار كەن، — دەيتتى.

ئۈچىنچى قېتىم كەلگەن ماشىنىغا چېچىلىپ ياتقان تۆمۈر - تەرسەك بىلەن ياز-لىق، قىشلىق كونا ئاياغ كىيىملەر، ماكچايغان كورا، تۇۋۇى يوق چىلەك، يىرىق تەگنە، دات-لىشىپ كەتكەن كۈرەك، كەتمەن، قۇرۇلۇپ تاراقلاپ كەتكەن ھەر خىل تېرە، ماز، كۆمۈر ئۇۋاقلىرى، ياغاچ كېپەكلىرىنىمۇ بېسىشقا نۆۋەت يەتكەنىدى.

قاۋۇز ئەمدى ھەر خىل بەلگىلىك تۇخۇم قاچىلانغان سېۋەتنى بىر يەرگە

تاشلىماي يەم بىلەن مېڭىشنى تاپىلاپ ئوغلى ئىسھاققا تۇتقۇزدى. ئۆزى ئون نەچچە تۇخۇنىڭ پۇتلىرىنى بىر ـ بىرىگە چېتىپ باغلاپ كوزۇپىنىڭ كەينىگە ساڭگىلاتقان كونا بوشۇكنىڭ ئىچىگە قويۇپ تانا بىلەن باغلىۋەتتى. ئارقىدىن موزايلىق كالىنى يېتىلەپ چىقىپ، ئۇنىڭ تانىسىنى شەرىخانغا، قوتاندىكى ئۆچكىنى باغلاپ چىقىپ، كىچىك ئوغلى مۇساغا تۇتقۇزدى. قاۋۇز بىر نەچچە قوينى بىر ـ بىرىگە چېتىپ باغلاپ، كەينىدىن ماڭدى.

ماشىنا قوزغالدى، ماشىنا ھەر قېتىم سىلكىنگەندە تۇخۇلار قاقاقلاپ پەيلىرى تۇ- زۇسا، موزاي ئويناقلاپ قاچاتتى. بۇنىڭ بىلەن كالا مۆرەپ موزىيىغا تارتىشىپ تىرە- جەپ تۇرۇۋالاتتى. مۇساقنى ھېلى ئۇياققا، ھېلى بۇياققا سۆرەيتتى.

يېڭى بىنا ئالدىدا قاۋۇزنىڭ كۆچۈ- رۇپ كەلگەن «دۇنيالىرى» دۆۋىلىنىپ تۇراتتى. قاۋۇز بىنا ئالدىغا چوڭ بىر قوي ئې- غىلى ھەم ياغاچ بوتكا سېلىشنىڭ كويىدا بولغاچقا، ھېچ نەرسىگە قاراشقا چولىسى يوق ئىدى. كالا تېزەكلەپ، ئۆچكە، قويلار بوشىنىپ كېتىپ ئۇدۇل كەلگەن زالغا يۈگۈ- رەيتتى. كىچىك باللار ئۇنىڭدىن قورقۇپ قاچسا، چوڭلار ئۇنى ئۆي ۋە زالدىن قوغلاپ چىقاتتى. بادىرىلارنى تىكلەپ ھېرىپ كەتكەن قاۋۇز كېيەك تاغىرىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ كەمبەغەل بولساڭ كۆچۈپ باق دېگەن راست گەپ ئىكەندە، دېگەنلەرنى ئويلاۋاتاتتى، زالدىن موزاينى قوغلاپ چىققان كىمدۇر بىرى:

ـــ ھەي، قاۋۇزاخۇن، كونا دۇنيالىرىڭىزنى كونا جايدا يىغىشتۇرۇپ ئۆ- زىڭىزنى يەڭگىللىتىپ كەلسىڭىز بولمامدۇ، بۇ دېگەن بىنا تۇرسا... ـــ دېدى. قاۋۇز:

ـــ كېرەكلىك تاشنىڭ ئېغىرى يوق دېگەندەك، مال ـ دۇنيا دېگەن ئەمدى ئۆزى شۇنداق بولىدىكەن، ـــ دەپ تۇراتتى، شە- رىخاننىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

ـــ ماڭ، مۇنداق نەرسىلەرنى بۇ ئۆينىڭ قەيىرىگە سىغدۇرىمەن؟

ئوغلى ئىسھاقنىڭ بىر نېمىلەرنى سۆ- رەپ چۈشۈۋاتقانلىقىغا كۆزى چۈشۈپ قالغان قاۋۇز تۆۋەندە تۇرۇپ بالىسىغا ۋارقىرىدى:

ـــ ماڭ ئېلىپ چىق، نەرسە دېگەننى ئۆيدىن تالاغا سۆرىگەن قانداق گەپ ئۆزى؟

بالا قاۋۇزنىڭ ۋارقىرىشى بىلەن كونا قاپتىكى ئەسكى يۇڭ ۋە كېگىز پارچىلىرىنى زالغا چاچقانچە يەنە ئۈستۈنكى قەۋەتكە سۆرەشكە باشلىدى.

قاۋۇز غۇدۇڭشىغاندەك كۈنگە قاراپ بالكۇندا يۈرگەن شەرىخاننى كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭغا شەرىخاننىڭ ئىشلىرى ياراپ كەتتى- مىكىن، ئەمدى ئۇنى ماختاشقا باشلىدى.

ـــ ھەببەللى، مانا ئۆزى ئامال دېگەن شۇ، ئەمدى ئۆز ئەقلىڭنى تاپتىڭ خوتۇن، ھە، يەنە بىر ئىشنىڭ چالا قالدى، بۇ دېگىنىم ئۇنىڭ قېشىغا ھېلىقى يوغان سېۋەتنى ئاس، ئىچىگە جىق نەرسە پاتىدۇ. ئاۋۇ كارىۋات بېشىغا چاپلاپ قويغاندەك شۇنداق بەلەن جايلىشىپتۇ. يەنە ئۆزى ھېلىقىدەك تۇتقۇچى بارلىكى نەرسە بولسىلا ئاس. ئەمدى بۇ ياق- قىمۇ شۇنداق قىل...

قاۋۇزنىڭ ماختاشلىرىدىن خۇشال بولغان شەرىخان ئۇنىڭ دېگىنىدىنمۇ ئاشۇ-

رۇپ بالكۇننى « چىرايلىق زىننەتلەش » كە تىرىشاتتى. يولدىن ئۆتكۈچىلەر ئۆز ئارا سۆزلىشىپ كېتىۋاتقاندا شەرىخاننىڭ ھېلىقى توقۇناق تانىسى باغلاقنى كۆتۈرەلمەي ئۈزۈلدى ـ دە، خۇددى ھاۋا تاراقلىغاندەك ئۇچۇپ چۈشكەن كارىۋات بېشى ھەم نۇرغۇن ئەسكى ـ تۈسكى نەرسىلەر تۆۋەن قەۋەتتىكى بىرىنىڭ گۈل تەشتىكىنى ئۆرۈپ پەستە تۇرغان قاۋۇزنىڭ يېنىغىلا چۈشتى.

— ياپىرىم، خۇدا ئۆزى بىر ساقلىدى، — دېدى ئۇ ئۆڭسۈلى ئۆچكەن شەرىخانغا قاراپ، — چىڭراق چەگسەڭ بولمامدۇ، ھەي بەغەرەز!

قاۋۇز قوشنىلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى بېسىلغىچە كونا ئۆي تەرەپكە كەتتى. ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ « تام خەتەرلىك، ئەتە سەھەردە تراكتور بۇ تامنى ئۆرتكەندە ئۆزۈم قاراپ تۇرۇپ ھېلىقى نەرسىنى شۇ چاغدا ئىزدەپ تېپىۋالاي، بۇ تۆمۈر تاپان ئۇنى تۇرتۇپ توپىغا ئارىلاشتۇرۇۋەتسە قانداق بولىدۇ، بايا بالكۇندىكى نەرسىلەر بېشىمغا چۈشمەي يېنىمغىلا چۈشتى. بۇ خۇدانىڭ مېنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغانلىقى، دەپ ئويلىدى. ئۇ ئۆيگە كىرىپ ئۇياق ـ بۇياققا ماڭدى. تۇرۇپ يەنە ئۆزىدىكى ئەنسىزلىكنى تۈگىتىش ئۈچۈن قالدۇرۇپ قويغان ياغاچنى تامغا تىرەپ قويۇپ بەلگە قويغان تام ئۇلىنى كولاشقا باشلىدى.

ئۇنىڭ بۇ ئالتۇننى يېرىم مېتىردىن چوڭقۇرراق يەرگە كۆمگەنلىكى ئېسىدە ئىدى. ھازىر ئۇ لوم بىلەن كۈرەكنى جىددىي ئىشقا سالغانلىقتىن، تەرلەپ ـ پىشىپ كەتتى. ئەمما، قىلچە ھارغىنلىق ھېس قىلمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۆزىچىلا يۈرىكى دۈپۈلدەپ كەتتى. قاۋۇز خېلى كولاپمۇ تېرەۋە رېزىنكىلەرگە ئوراپ كۆمگەن ئالتۇننى تاپالمىدى. دۇنيا كۆچمىش، بۇ نەرسە كۆچۈپ قالمىغاندۇ، دەۋەتكەنلىكىنى ئۆزى سەزمىدى.

ئەمدى ئۇنىڭ يۈرەك سوقۇشى تېخىمۇ تېزلىشىپ، ئېغىر، چوڭ لومنى زەرب بىلەن ئۇرۇپ بىر قەۋەت توپىنى قىدىرىپ ئالغاندىن كېيىن يەنە تەكرار كۈچەپ بىر ئۇرغانىدى، « گۈلدۈر » قىلغان ئاۋاز بىلەن ئۇلى چوڭقۇر كولىنىپ كەتكەن كېسەك تام ئالدىغا گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈپ، توپا ـ چاڭ كۆتۈرۈلدى. قاۋۇز تام ئاستىدا قالدى.

**ئېزىز ھەسەن**

مەسئۇل مۇھەررىر **كامىل تۇرسۇن**

## يېڭى سودىگەر

( ھېكايە )

ھوشۇر بوۋاي جايناماز دا ئولتۇرۇپ ئۇزاققىچە دۇئا قىلدى. ئاندىن يانچۇقىدىكى مېغىزرەڭ تەسۋىسىنى ئېلىپ سېرىغاچ ئىچكەركى ئۆيگە بۇرۇلۇپ چاقىردى:

— ھاي كېرىم، بۇياققا چىققىنا، ئوغلۇم!

دېھقان جايىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، پۇلنى چاققانلىق بىلەن ساناپ چىقتى. ئاندىن ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ بوش ئاۋازدا:

— توغرىكەن. ساق 4000 كويىكەن، — دېدى - دە، بىر دەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى.

كېرىمگە دېھقاندەك كۆرۈنگەن بۇ ئادەم ئەسلىدە مۇشۇ بازاردىكى مەشھۇر قوي بېدىكى ئىدى. ئۇ ئۇن قوينى بۇگۇن ئەتتىگەندىلا بىر دېھقاندىن 3000 كويغا ئالغانىدى.

كېرىم قويلارنى سۆرەپ، ئىتتىرىپ ئاران تەستە مال بازىرىنىڭ دەرۋازىسىغا كېلىۋېدى، بىرىنىڭ چاقىرغان ئاۋازى قۇلىقىغا كىردى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى. قولتۇقىغا كۆك تاشلىق دەپتەر قىستۇرىۋالغان بىر كىشى ئۇنىڭغا كۆزىنى نەشتەردەك تىككىنىچە دېدى:

— شۇنچە چاقىرسام ئاڭلىمايسىز، قويلارنى ئالدىڭىزمۇ ياكى ساتامسىز؟

— ئالدىم، ئۆيگە ئېلىپ كېتەي دېۋېدىم، ماڭغىلى ئۇنىمايۋاتىدۇ قاراڭ بۇ نېمىلەر، — ئۇ شۇنداق دېدى - دە، قويلىرىنى ھەيدەپ مېڭىشقا تەمشەلدى.

— توختاپ تۇرۇڭ ئۇكام، نېمىگە ئالدىرايسىز، باجنى تۆلىۋېتىپ ماڭسىڭىزمۇ كېچىكمەيسىز، — دېدى باجگىر تەنە ئارىلاش. كېرىم باجگىرغا قاراپ ئاغزىنى كامار دەك ئېچىپلا قالدى. باجگىر جايىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپلا، دەپتەرنى تىزىغا قويۇپ تالون كېسىۋەتتى. ئۇ تالوننى كېرىمگە تەڭلەپ:

— 10 قويغا 100 كويلا تۆلىسىڭىز بولىدۇ، — دېدى.

كېرىمنىڭ بېشى تاش تەگكەندەك زىڭىلداپ ئاغرىپ كەتتى. ئاخىر ئۇ باجگىرغا يالۇۋۇرۇشقا باشلىدى:

— ئاكا، ماڭا قوي ساتقان كىشى باجنى ئۆزى تۆلىمەكچى بولغان. بىز شۇنداق پۈتۈشكەنىدۇق. سىز شۇ كىشىدىن...

باجگىر كېرىمنىڭ گېپىنى بۆلىۋەتتى.

— سىلەرنىڭ قانداق پۈتۈشكىنىڭلارنى مەن بىلمەيمەن. قائىدە بويىچە باجنى مال سېتىۋالغۇچى تۆلەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىز باج ئوغرىلىدىڭىز! — دېدى.

باجگىرنىڭ سۆزى كېرىمنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىۋەتتى. ئۇ يانچۇقىدىكى ئەڭ ئاخىرقى 100 كوينى ئېلىپ، باجگىرغا تەڭلىدى.

كېرىم قويلارنى ھەيدەپ كوچا دوقمۇشىغا كەلدى ۋە ئىككى قوينى سىم تۈۋرۈككە باغلىدى. ئۇ بۇ يەردە بىر ئاز ئارام ئالماقچى، تونۇش شوپۇرلار ئۇچراپ قالسا، قويلارنى ماشىنىغا بېسىپ ئېلىپ كەتمەكچى ئىدى. ئۇ يېنىدىن بىر تال تاماكا ئېلىپ تۇتاشتۇردى.

تۇيۇقسىزلا يان كوچىدىن بىر يۈك ماشىنىسى گۈرۈلدىگىنىچە چىقىپ كەلدى. باغلانمىغان قويدىن ئىككىسى قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ ماشىنىنىڭ ئالدىدا قېچىشقا باشلىدى، كېرىم چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ قاچقان قوينى قوغلاپ كەتتى. ماشىنا ئاللىقاچان كۆزدىن غايىب بولغان بولسىمۇ، قويلار توختىماي قېچىپ كېتىۋاتاتتى. قويلارنىڭ بىرى تۇيۇقسىزلا بىر يان كوچىغا كىرىۋالدى. يەنە بىرى تۈز يولدا قېچىپ كېتىۋاتاتتى.

كېرىم يان كوچىغا كىرىۋالغان قوينى ئاسانلا تۇتۇۋالدى. ئۇ قوينى سۆرەپ چوڭ كوچىغا چىقتى. قېچىپ كەتكەن قوي ئاللىقاچان كۆزدىن غايىپ بولغانىدى.

كېرىم قاچقۇنچى قوينى سۆرەپ كوچىدا كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بېشى ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى. ھېچنېمىنى ئويلىيالمايتتى. پەقەت باغلاپ قويۇلغان قويلارنىڭ يېنىغا بېرىشنى لازىملىقنى بىلەتتى. ئۇ قوي باغلىغان دوقمۇشقا يېتىپ كەلدى. بىراق، تۇۋرۈككە باغلاپ قويۇلغان قويلار كۆرۈنمەيتتى. كېرىم تۇۋرۈك تۈۋىدىكى قوي مايىقلىرىغا تىكىلگىنىچە ئۇزاققىچە ئۆرە تۇردى.

مەسئۇل مۇھەررىرى روزىمەھەممەت جۇمە

**ئىسمايىل يۈسۈپ**

## تەدبىر

(ھېكايە)

ھاۋا سوغۇق ئىدى. مەن مەشىنىڭ ئوتىنى ئۇلغايتىپ قويۇپ ئەمدىلا ئىش ئۈستىلىگە كېلىپ ھېسابات دەپتەرلىرىنى قولۇمغا ئېلىپ تۇرۇشۇمغا ئىشىك جاققىدە ئېچىلىپ، بىر ئادەم كەلدى.

— مەن شاگجاگمۇ - ئەمەسمۇ؟ — دېدى ئۇ كىرگەن پېتى مۇدىرنىڭ ئالدىغا دۈەيلەپ بېرىپ. ئۇنىڭ ئەلپازى بەكلا يامان ئىدى.

مۇدىر ھېچ ئىش بولمىغاندەك بىپەرۋا قىياپەتتە ئۈستەلنىڭ تارتمىلىرىنى ئېچىپ بىر - بىرلەپ ئاختۇرۇپ، بىر ئىزدەشكە باشلىدى. مەن ھېلىقى كىرگەن كىشىگە سەپسالدىم. 50 نەچچە ياشلاردىكى ئېگىز بوي، بېلى سەل ئالدىغا ئېگىلگەن، يۈزى سوزۇنچاق ئادەم بولۇپ، بېشىغا قالپاق، ئۇچىسىغا پەلتو كىيىۋالغانىدى. ئاچچىقى كەلگەندە شۇنداق قىلامدۇ ياكى ئادىتىمۇ بىلمىدىم، گەپ قىلغاندا بىر قېشى ئېگىز، بىر قېشى پەس بولۇپ، ئېگىز قاش تەرەپتىكى كۆزىنى يوغان ئاچسا، پەس قاش تەرەپتىكى كۆزىنى قىسىۋالاتتى. تېخى ياش قۇرامىغا قارىماي يۇتىغا ئېگىز پاشنىلىق توپلەي كەيگەنىدى. ئۇ مۇدىرنىڭ ئالدىدا ھازىرلا پارتلايدىغان بومبىدەك مۇشتۇملىرىنى تۈگۈپ تۇراتتى.

— سىنىڭچە قانداق؟ — دېدى مۇدىر بىر ئازدىن كېيىن ئۇ كىشىنىڭ سوئالىغا سوئال بىلەن جاۋاب بېرىپ، ئۇ قولىغا چىققان بىر كىتابنى ۋاراقلىغانچە ئولتۇراتتى.

— مەن، — دېدى ھېلىقى ئادەم بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، — دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ شاگجاگى. ئادەملەرنى، ھايۋانلارنى، باغلارنى، ئېسكىلاتنى، ئوغۇت، سۇنى — ھەممىنى مەن باشقۇرىمەن، مېنىڭ ئالدىمدا ھېچقانداق ئادەمنىڭ ھۆتۈت - پۈتۈت دەيدىغان ھەققى يوق ئىدى.

— ھە، شۇنى بىلگەندىكىن، قورقماي چوڭ يۈرەكلىك بىلەن ئىش قىلمامسەن. بىز سېنى ئىسلاھاتچى، يېڭى - يېڭى ئىشلارنى قىلالايدۇ، دەپ شاگجاڭ قىلىپ بېكىتتۇق. بولمىسا... — دېدى مۇدىر گەپنى ئۈزۈپ.

— سىلى ئۇنداق دېگەن بىلەن تېخنىك... ئۇ...

— ھەي، شۇنىڭدىنمۇ قورقامسەن؟ ئەخمەق، ھەممە ھوقۇقنى بەرسە يەنە تېخنىك ـ پېخنىك دەپ ئولتۇرغىنىنى قارا بۇنىڭ. تېخنىك ئورمانغا قارىسۇن، قالغان باشقۇرىدىغانىنى ئۆزۈڭ باشقۇرىۋەر. قورقما، باشقا كۈن چۈشسە مەن بار ئەمەسمۇ، — دېدى مۇدىر ئۇنىڭ دولىسىغا شاپىلاقلاپ تۇرۇپ.

— ئۇنداق بولسىغۇ مەن ھېچكىمدىن قورقماي دادىل ئىشلەيمەن، — دېدى ھېلىقى كىشى ھجىيىپ. ئەمدى ئۇنىڭ چىرايى يامغۇردىن كېيىنكى ئاپتاپتەك ئېچىلىپ كەتكەنىدى.

— ھېلىقى نەرسىنى قانداق قىلدىڭ؟ — دېدى مۇدىر ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراپ.

— مۇدىر، بىر خالتا ياڭاقنى بايىلا ئۆيلىرىگە ئەكىرىپ قويدۇم، — دېدى ھېلىقى ئادەم ۋە مۇدىرغا قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

ئۇ ئادەم چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مۇدىرغا قارىدىم. مۇدىرمۇ لاپ قىلىپ ماڭا قارىدى ـ دە، مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ ئىشكاپلىرىنىڭ ئاغزىنى ئېتىشكە باشلىدى. مەن كۆڭلۈمدە: كىشى ئىشلىسەمۇ شۇنداق دادىل ئىش قىلىدىغان، كىشىگە مەدەت بېرىدىغان، كىشىنىڭ دەردى ئەھۋالىغا يېتىدىغان، ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارغا ئارىلاشمايدىغان كەڭ قورساق باشلىقنىڭ قولىدا ئىشلىسە، دېگەنلەرنى ئويلىدىم ۋە مەنمۇ چوڭ قەدەم تاشلاپ دادىل ئىشلەشنى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم.

* *

ئىشىك جالاققىدە ئېچىلدى.

— مەن نېمە؟ مەن زادى نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەم؟ — مۇدىرنىڭ ئالدىدا ھۆرپىيىپ تۇرغان ئادەمنى كۆرۈپ ھەيرانلىقىم ئاشتى. ئوھوي، بۇ قانداق گەپ، بۇ ئىشخانىغا كىرگەنلەر ھەممىسىلا ئۇسۇپلا كىرىدىكەنغۇ، يا بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ئادىتى شۇنداقمىدۇ؟ دېگەنلەرنى ئويلىغاچ كىرگەن كىشىنىڭ ئۇستىبېشىغا سەپسالدىم. ئۇ كىشى ۋىجىك بولۇپ، بىر كۆزى ئەمائىدى. بېشىغا كىيىۋالغان كەپكە چىرايىغا ماس كەلمەيتتى. ئۆزىنىڭ ۋىجىكلىكىگە قارىماي، چوڭ خۇرۇم چاپان كىيىۋالغانىدى. ئۇ سافاغا ئۆزىنى تاشلىغانچە ئالدىراپ تاماكا يۆگىدى ـ دە، كۈچ بىلەن شوراشقا باشلىدى. مەن مۇدىرغا قارىدىم. مۇدىر ئالدىنقى كۈنى ھېلىقى ئېگىز ئادەمگە قىلغاندەك، ئاۋۋال تارتمىلارنى ئاختۇرۇپ بىر نەرسە ئىزدىگەندەك قىلدى. ئارقىدىن بىر كىتابنى ۋاراقلاپ تۇرۇپ:

— ئۆزۈڭ دەپ باقە، سەن نېمە قىلىدىغان ئادەم؟ — دېدى. ھېلىقى ئادەم دانىمۇ ـ دانە قىلىپ:

— مەن دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ تېخنىكى، مېنى سىلى تېخنىك، سەن مەيدانىنى باشقۇرىسەن. بىز ساڭا ئېھتىياجلىق، دەپ يۆتكەپ كەلگەن، — دېدى.

— ھەببەللى، ئۆزۈڭنىڭ خىزمىتىنى بىلگەندىكىن نېمىشقا شۇ بويىچە ئىشلىمەيسەن؟

— سىلى شۇنداق دېگەن بىلەن

تۇنۇگۈندىن بۇيان ئىمىن خەقلەرگە: تېخنىك ئورنىمىنى بىلسۇن، ئۇ سىلەرنى باشقۇرالمايدۇ، سىلەر ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماڭلار. ئۇ دېگەن بۇرۇن ئىشلىگەن جايىدىمۇ ئوبدان ئىشلىمەي، رولىنى جارى قىلدۇرالماي بۇ يەرگە يۆتكەلگەن نېمىكەن، دېگەندەك گەپلەرنى تارقىتىپ يۈرۈپتۇ، — دېدى ئۇ كىشى ئۆپكىدەك قىزارغان ھالدا.

— ھەي... مەن ئۆتكەندىمۇ دېگەنغۇ، ئۇ ئىمىن دېگەن ئۆتتۈپ كەتكەن يالغانچى، كاززاپ نېمە، ئۆزىنىڭلا راست دەيدۇ. كىشىنىڭ گېپىگە كىرمەيدۇ، گېپىنىڭ تۇتامى يوق. شۇنىڭ گېپىگىمۇ ئىشەنگىلى بولامدۇ. تۇنۇگۈن مەن ئۇنىڭغا بىر مۇنچە تەربىيە قىلىپ، ساڭا بويسۇنۇشنى تاپىلىۋېدىم، ئۇ قۇلاقىغا ئۇتماپتۇ. ساڭا شۇنى دەپ قوياي، مانا بوغالتىرىمىزمۇ تۇرۇپتۇ. سەن دېگەن تېخنىك. سەن تېخنىك بولغان ئىكەنسەن، ھەممىسى ساڭا بويسۇنۇشى لازىم. ئادەم، ھايۋان، باغ، دەل ـ دەرەخ، يەر، سۇ، ئوغۇت ھەممىنى سەن باشقۇرىسەن. ئۇ پەقەت قوغدايلا بېرىدۇ. ئىت ئورنىدا، — دېدى مۇدىر تېخنىكنىڭ كۆزلىرىگە مەنىلىك تىكىلىپ. ئۇنىڭ يۈزىگە كۈلكە يۈگۈردى.

— ھېلىقى نەرسىنى قانداق قىلدىڭ؟

تېخنىك مۇدىرنىڭ قۇلىقىغا نېمىلەرنىدۇر پىچىرلىدى ۋە غالىبلارچە قەدەم تاشلاپ چىقىپ كەتتى.

مەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قۇلاقلىرىمغا ئىشەنمەي قالدىم. كۆزلىرىمنى ئۇۋۇلىۋېتىپ مۇدىرغا قارىدىم. ئالدىمدىكى ئادەممۇ ياكى جىن ـ شاياتۇنمۇ؟ ئۇنىڭ ئىككى ئادەمگە قوللانغان پوزىتسىيىسى، ئۇلارغا دېگەن سۆزلىرىنى ئويلاپ، ھېچ يەكۈن چىقىرالمىدىم. قانداق ئادەم بۇ، دەيتتىم ئىچىمدە ئۇنىڭ گەپلىرىنى ھېچ ئەقلىمگە سىغدۇرالماي.

— سىز بىزنىڭ ئىدارىگە يېڭى كەلدىڭىز. ئەمەلىيەتتە باشقا ھوقۇقلارمۇ بار، لېكىن بوغالتىرلىق ھوقۇقىغا ھېچنېمە يەتمەيدۇ. بۇ ھەممە ئادەمنى ئۆزىگە تەزىم قىلدۇرىدىغان قۇدرەتلىك ھوقۇق. سىز شۇنداق ھوقۇقنى تۇتقان ئىكەنسىز، ئىسلاھات روھى بويىچە قورقماي دادىل ئىشلەڭ. باشقا كۈن چۈشسە مانا مەن بار. سىزگە شۇنى دەپ قوياي، كاسسىر كاززاپراق، يالغانچى ھەم ھىيلىگەر قۇۋ بىر نېمە. پۇرسەت تاپسىلا كىشىگە قارا سۇۋاپ تۇرىدۇ. سىزغۇ يۇقىرى مەكتەپنى پۈتتۈرگەن. ئۇنىڭغا باش ئەگمەيسىز، لېكىن ئۇنى بوش چاغلىسىڭىز بولمايدۇ. سەللا بىخەستىلىك قىلسىڭىز سىزنى قىلتاققا دەسسىتىدۇ. مەن سىزگە كۆيۈنۈپ ئالدىن سىگنال بېرىۋاتىمەن.

ئۇ مېنىڭ ئۆزىدىن بىزار بولۇۋاتقىنىمنى سەزدىمۇ، دەرھال گېپىنى ئۆگىشىۋالدى.

— مېنى باشقىچە چۈشىنىپ قالماڭ. دېمىسەممۇ بولمىدى. قارىماسىز ئۇلارنىڭ ئالتە توك ـ توك ئادىمى بار بىر ئىشلەپچىقىرىش مەيدانىنىڭ كىچىككىنە ھوقۇقىنى تالىشىپ كەتكىنىنى، ئەسلى بىر بەنجاڭ قويساقمۇ بولاتتى. ئابرويىنى ئۆستۈرۈپ شاڭجاڭ دەپ قويساق، ئۆزىچە يوغىناپ، بىر ـ بىرى بىلەن پېتىشمىغىنىنى، — دېدى ئۇلارنى مەسخىرە قىلغان ئاھاڭدا. مەن يىرگىنىش نەزىرىم بىلەن ئۇنىڭغا قارىدىم.

ــ ھە، قارايسىزغۇ، سىزمۇ ئاستا ـ ئاستا ئۆگىنىپ قالىسىز، كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشتا ئاشۇنداق تەدبىرلەردىن پايدىلىنىشقا ماھىر بولۇش كېرەك، ــ دېدى مۇدىر خا-تىرجەم ھالدا تارتىملارنى ئېتىۋېتىپ.

ئاھ، خۇدا، ماۋۇ تەدبىرنى كۆرۈڭ، ــ دېدىم ئىچىمدە، ــ بۇنداق كاززاپ ئادەم بىلەن قانداقمۇ بىللە ئىشلىگىلى بولىدۇ؟

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

ئىمىن ئىمىرەمزە

## مۇكاپات

(ھېكايە)

ۋىلايەتلىك يېتىم - يېسىرلار فوند جەمئىيىتى بىر نەچچە ھەپتىلىك تەشۋىقات ۋە نەق مەيدان كۆرگەزمىسىدىن كېيىن يېتىم - يېسىرلار ئۈچۈن، ئىئانە توپلاش مۇكاپاتلىق چەك سېتىش پائالىيىتىنى رەسمىي باشلىدى. بۇ ھەرىكەت ناھىيىمىزدە ئېلىپ بېرىلغان مۇكاپاتلىق چەك سېتىش ھەرىكىتىنىڭ تۇنجى قېتىملىقى بولىسىمۇ، لېكىن كىشىلەرنى جەلپ قىلىش، قىزىقتۇرۇش جەھەتتە بالدۇرقى بىر نەچچە قېتىملىق پائالىيەتتىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى. دېمىسىمۇ ئىككى يۈەننىڭ بەدىلىگە كېلىپ قالىدىغان موتسىكلىت، رەڭلىك تېلېۋىزور، ئالىي دەرىجىلىك توڭلاتقۇ، كىرئالغۇ، ھازىرقى زامانىدا مودا بولۇۋاتقان مۇسابىقە ۋېلىسىپىتلىرى كىمنى قىزىقتۇرمايدۇ دەيسىز. ھەممە ئادەم بىر نەچچە يۈەن دەسمايە سېلىپ نەچچە مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى بۇ نەرسىلەردىن بىرەرىگە ئېرىشىپ قېلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ - دە، ئەلۋەتتە. ئەمما، بۇ ئىش قادىرنى زادىلا قىزىقتۇرالمىدى. ئۇ بۇ ئىشقا ئۆزىنى ئۇرغانلارنى «پۇل تېپىپ خەجلەشنى بىلمەيدىغان ئەخمەقلەر» دەپ قارايتتى.

تەلەي سىناپ بىكاردىن - بىكار غىللا نەچچە يۈز يۈەندىن ئايرىلىپ قېلىپ دەردتە قالغانلارنىڭ مەيۈس چىرايى بىلەن تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ بىر نەچچە يۈەن بىلەن كاتتا مۇكاپاتقا ئېرىشىپ قالغانلارنىڭ خۇشاللىقىدا جاھانغا پاتماي كەتكەن ئەلپازىنى كۆرۈشنى خالىمايتتى. شۇڭا، دەسلەپكى كۈنلەردە چەك سېتىش مەيدانىغا زادىلا بارمىدى. لېكىن كاللىسىغا نېمە خىيال كەلدى، ئۇزۇن ئۆتمەي دەسلەپكى خىيالىدىن ۋاز كەچتى. موتسىكلىت ئېلىش ئۈچۈن تۇجۇپىلەپ يىغىۋاتقان ئۈچ مىڭ يۈەن پۇلنى يانچۇقىغا سېلىپ چەك سېتىش مەيدانىغا قاراپ ماڭدى. مەيدان ئاجايىپ قىزىپ كەتكەنىدى. پاراسلاپ پوجاڭزىلار ئېتىلاتتى. تەشۋىقات كارنىيىدىن مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەرنىڭ ئىسمىلىكى ئېلان قىلىنىۋاتاتتى. چەك سېتىۋالغانلار سېتىۋالغان چەكلەرنى زور ئۈمىد بىلەن ئېچىپ كۆرەتتى - دە، نومۇر تاختىسىغا كۆز يۈگۈرتۈشەتتى. مۇكاپات بۇيۇمىغا ئېرىشەلمىگەنلەر قولىدىكى چەكنى مەيۈسلۈك بىلەن مۇجۇپ تاشلاپ، يەنە چەك سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئالىمان ئىچىگە

قىستىلاتتى. قادىر بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ مەسخىرىلىك ھالدا مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ ئەمدىلا ئارقىسىغا يانىماي دەپ تۇرىۋېدى، باش ئۈستىدىكى تەشۋىقات كارنىيىدىن ئاڭلانغان ئاۋاز ئۇنى مېڭىشىدىن توختاتتى.

— ئىسمىڭىز نېمە؟

— ئابدۇنىياز.

— قانچە كويلۇق چەك سېتىۋالغان؟

— تۆت كويلۇق.

— ئابدۇنىياز تۆت كويلۇق چەك سېتىۋېلىپ 5 مىڭ 600 يۈەنلىك بىر دانە موتسىكلىت مۇكاپات ئالدى! — پاراسلاپ ئېتىلىۋاتقان پوجاڭزا ئاۋازلىرى مۇلازىمەتچى خادىمنىڭ ئاۋازىنى بېسىپ كەتتى. كىشىلەر بۇ ئامەتلىك ئادەمنى كۆرۈپ باققۇسى كەلگەندەك پوجاڭزا ئېتىلغان جايغا غۇژژىدە ئۆلاشتى. قادىرمۇ كىشىلەرنىڭ مۈرىسىدىن بويۇنداپ، تىقمۇ تىقماق توپ ئىچىگە سىغدالدى. بېشىغا كۆك شەپكە كىيگەن، ئۈستىگە ئۆڭۈپ كەتكەن نىلون سارجىدىن ئىشتان - چاپان كىيگەن، چىرايى ياداڭغۇ دېھقان سۈپەت بىر ئادەم «بەخت» ماركىلىق موتسىكلىتنىڭ قېشىدا كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. «تەلەيىنى نەگە بارسەن دېسە، دوقماڭلاينىڭ قېشىغا» دەپ، بىر سەھرالىقنىڭ موتسىكلىت چىقىپ قالغىنىنى كۆرمەمدىغان، قادىر شۇ خىيالىنى قىلىۋاتقاندا بىر يەرلىرى پىژژىدە ئېچىشقاندەك بولدى. ئۇ ئالدىغا ئۆتۈپ ئەمدى ئېغىز ئاچاي دەپ تۇرۇشىغا، بىرى ئېغىز ئاچتى:

— موتسىكلىتنى ساتامسىز؟

— ياق، ساتمايمەن، — توڭلۇق بىلەن جاۋاب بەردى دېھقان. چۈنكى، ئۇ گەپ قىلغۇچىنىڭ ئۆزىنى ئەخمەق چاغلاپ ئازغىنا پۇل بىلەن موتسىكلىتنى باپلىۋېلىشنى نىيەت قىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالغانىدى. بۇنداق مەيداندا بەزىلەر بۇنداق ئاسانلا قولغا كېلىپ قالغان نەرسىلەرنى ئۆز قىممىتىدىن يېرىم ھەسسە چۇشۇرىۋېتىپ سېتىپ، نەق پۇلغا ئايرىۋاشلاپ كېتىۋېرەتتى. قادىرنىڭ ئۈچ مىڭ يۈەن پۇلنى يانچۇقىغا سېلىپ بۇ يەرگە كېلىشىدىكى مەقسىتىمۇ شۇ ئىدى. ئۇ بايىقى كىشىگە ئالدىن ئېغىز ئېچىپ سالمىغانلىقىغا كۆڭلىدە خۇشال بولدى. ئۇ توپلاشقان ئادەملەر ئارىسىدىن ئەمدىلا چىقىپ تۇرۇشىغا كارنايدىن مۇلازىمەتچى خادىمنىڭ ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى:

— يولداش ×× يەنە بىر موتسىكلىت.

— يولداش ×× رەڭلىك تېلېۋىزور.

— ××× توڭلاتقۇ.

— ×× مۇسابىقە ۋېلىسىپىتى.

— ×××

ئارقا - ئارقىدىن ئۇلىنىپ ئېلان قىلىنىۋاتقان مۇكاپات بۇيۇملىرى قادىرنى ئارىسالدا قىلىپ قويدى. راست ئەمەسمۇ، قادىرغا مۇكاپات چىقمايدۇ دەپ كىم ئېيتىدۇ. تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ قېلىپ بىرەر مۇكاپاتقا ئېرىشىپ قالسىمۇ ئەجەب ئەمەس. شۇ ئوي بىلەن ئۇ يانچۇقىدىن ئون يۈەنلىكتىن بىرنى سۇغۇرىۋالدى - دە، باياتىن بېرى مۇكاپات ئەڭ كۆپ چىققان پوكەيدىن ئىككى دانە چەك سېتىۋالدى. لېكىن، ھەر ئىككىلىسى بىكارغا كەتتى. تۆت يۈەنگىلا بىر موتسىكلىت ياكى رەڭلىك تېلېۋىزور چىقسا بولامتى، ئۇلار دېگەن ھەر بىرى بىرنەچچە مىڭ يۈەنلىك

نەرسىلەر تۇرسا. بوپتۇ، يەنە تارتىپ كۆرەي. قادىر ئۆز خىيالىدىن ئۆزى ئۈمىدلىنىپ، قولىدىكى ئالتە يۈەنگە يەنە ئۈچ دانە چەك سېتىۋېلىپ كۆرۈپ بېقىۋىدى، يەنە قۇرۇق چىقتى. قادىر قولدىن بىكار غىلا چىقىرىۋەتكەن ئون يۈەن پۇلغا ئېچى ئاغرىپ تۇرسىمۇ قايسىدۇر بىر چەكتىن كاتتا مۇكاپات چىقىپ قالىدىغاندەك بىر ئۈمىد ئۇنى چەك سېتىۋېلىشقا زورلايتتى. ئۇ ئاخىرقى قېتىم تەلىيىنى سىناپ كۆرۈشنى نىيەت قىلىپ، مۇلازىمەت پوكىيىگە يېقىنلاشتى. ئۇ چەكنى قايسى جايدىن سېتىۋالسا مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىۋاتقاندا، نېرىقى پوكەيدىكى مۇلازىمەتچى خادىم ۋارقىرىدى:

— ئىككى يۈەنگە موتسىكلىت، رەڭلىك تېلېۋىزور، توڭلاتقۇ... سېتىۋېلىڭلار، هازىر پېچەتتىن ئايرىلغان چەك. جەزمەن مۇكاپاتقا ئېرىشىپ قالىسىلەر...

قادىر بىلەن مۇلازىمەتچى خادىمنىڭ كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قالدى. قادىرنىڭ ئارىسالدا بولۇۋاتقانلىقىنى پەملىگەن مۇلازىمەتچى خادىم ئېغىز ئاچتى:

— هەي يىگىت، تەلىيىڭىزنى سىناپ كۆرمەمسىز؟ مۇكاپاتنىڭ كاتتىسى سىزگە چىقىپ قالامدۇ تېخى.

قادىر دەرهال چەكتىن بىرنى سېتىۋالدى. قادىر چەكنى قېيىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ بولغۇچە يەنە بىر ئادەم قادىر ئالغان چەكنىڭ يېنىدىنلا بىر چەكنى سۇغۇرىۋالدى. قادىرنىڭ قولىدىكى چەك قۇرۇق، هېلىقى ئادەمگە بىر دانە موتسىكلىت چىققان ئىدى! قادىرنىڭ كۆزىدىن ئوت چاقناپ، يۈرىكىنى بىر كىم تاتىلىغاندەك بىئارام بولۇپ كەتتى. ۋاي ئىسست، نېمىشقىمۇ ئىككىلىسىنى جۈپلەپلا ئالمىغاندىمەن. شۇنداق بولغاندا هېلىقى كاساپەت ئېلىپ كەتكەن موتسىكلىت شەك ـ شۈبهىسىز مېنىڭ بولاتتى ئەمەسمۇ؟ قادىر ئەنە شۇ خىيال بىلەن هەسرەت چېكىۋاتقاندا، قادىرنىڭ ئىچكى تۇيغۇسىنى سېزىپ قالغان مۇلازىمەتچى خادىم يەنە ئېغىز ئاچتى:

— بۇنداق بولارىنى بىلگەن بولسىڭىز بىر قاپنى پۈتۈن سېتىۋالغان بولسىڭىزمۇ زىيان تارتمايدىكەنسىز.

قادىر بۇ گەپنى توغرا تاپتى. راست ئەمەسمۇ، بىر قاپتىن چىققان مىڭ چەكتىن نېمە ئۈچۈن بىرەر مۇكاپات چىقمايدىكەن. ئىككى مىڭ يۈەن خەجلەپ بىرەر موتسىكلىتقا ئېرىشىپ قالسام بۇمۇ كاتتا مۇكاپات ئەمەسمۇ؟ موتسىكلىت چىقماي رەڭلىك تېلېۋىزور، توڭلاتقۇ چىقىپ قالغاندىمۇ پۇلنىڭ تەڭ نەرخىنى ئاشۇرۇپ تۇتۇپ تۇردى دېگەن گەپ، قادىر ئىككىلىنىپ تۇرمايلا ئىككى مىڭ يۈەن پۇلنى ساناپ بېرىپ پېچەتتى بۇزۇلمىغان بىر قاپ چەكنى سېتىۋالدى ـ دە، بىر ـ بىرلەپ كۆرۈشكە باشلىدى. ئازغىنا چەككە سوپۇن، سەرەڭگە، لۆڭگە، قولياغلىق قاتارلىق ئەرزىمەس بۇيۇملار چىققاندىن باشقا، قالغانلىرى قادىرغا «رەهمەت» ئېيتىۋەردى. قادىر ئەڭ ئاخىرقى بىر چەكنىڭ قېتىنى يىرتىپ يەرگە تاشلىغاندىن كېيىن ئىچ ـ ئىچىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان هەسرەتلىك پىغاننى تەستە بېسىپ، توپ ئىچىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقتى.

مەسئۇل مۇهەررىر سارەم ئىبراهىم

ئېلى زىكرىيا

## ئايرىلىش

كۆكۆلنىڭ سىرىنى قىلىدۇ بايان
بۇلاقتەك كۆزلەردىن ئاققان ئىسسىق ياش.
پۇرقەتتە ياش تۆكۈش ئادەتتۇر ھامان،
ۋە لېكىن ساداقەت ھىجرانغا قۇياش.

ئېغىز جىم، بۇ شۇلۇقتا پۇلاڭلايدۇ قول،
ئايرىلىش دەردىنى سۈمۈرەر دۇنيا.

چاقنايدۇ ئۈمىدتە غايىلەر ۋال-ۋۇل،
ئۈزايدۇ گەۋدىلەر قىيالماي ئاستا...

گىلاستەك شەپەقتىن تارايدۇ ئىشەنچ،
ياشلانغان كۆزلەردىن چاراقلىتىپ نۇر.
تۇپراققا بېسىلغان مەردانە ئىزلار
بىر ئۆكسۈپ يىغلايدۇ، بىر كۈلەر مەغرۇر...

ئابلاجان ئوسمان

## ئىككى شېئىر

### ئىلتىجا

چېھرىڭگە باققاندا زوقلىنىپ سېنىڭ،
ئۇچراشسا كۆزلىرىم كۆزلىرىم بىلەن؛
تېنىمگە تارايدۇ يالقۇنلۇق سېزىم،
ئېيتقىنا مۇشۇمۇ چىن كۆيۈش دېگەن.

ئارقاڭدىن قارىسام مېھرىم ئۈزۈلمەي،
قاتىمەن بىر ئىزدا كەتسەڭمۇ يىراق.
يوق ئۆزۈڭ ئەمما كى نۇرلۇق سىمايىڭ
يادىمدىن كەتمەيدۇ جىلمىيىپ ئۇزاق.

ئويلىدىم ئۇنتاي دەپ ئويۇمدا سېنى،
ئەپسۇسكى، بۇنىڭغا ئۇنىماس يۈرەك.
ئۇنتۇشقا يول كۆرسەت، ئەي گۈزەل سەنەم،
ۋە ياكى قەلبىڭدىن ماڭا ئاچ ئېتەك.

### بەڭباشلىق

كۈندۈزى چۈش كۆرۈپ، ئازغۇن خىيالدا
بەڭباشلىق تورىغا چۈشتى جان-ۋەسلىڭ.
بىلمەيسەن بۇنى سەن، ئىز بېسىپ ئاخىر
دورايدۇ خۇلقىڭنى كېيىنكى نەسلىڭ...

ئەخمەتجان مۇھەممەت

## تۇنجى سۆيگۈ

تۇنجى سۆيگۈ ياشلىقىمغا رەڭ بەرگەن،
تۇنجى سۆيگۈ ھاياتىمغا تەم بەرگەن.
تۇنجى سۆيگۈ بىر نازىنىن قىز كەبى
ئوماق كۈلۈپ قۇچىقىنى كەڭ بەرگەن.

تۇنجى سۆيگۈ سەھەر مېنى ئويغاتقان،
تۇنجى سۆيگۈ ئۆتمۈشۈمگە كۆي قاتقان.
تۇنجى سۆيگۈ ھېسسىياتقا چۆمدۈرۈپ،
مېنىڭ ئىجاد زېمىنىمغا نۇر چاچقان.

تىلىۋالدى مەمتىلى

## يارچىلار

كۆڭلۈڭنى غەش قىلما ئۆتكەننى ئەسلەپ،
مەرتىۋەڭ يەر بولۇپ كەتسىمۇ پەسلەپ.
چوققىلار ئۇستىگە چىقماقچى بولساڭ،
شوتىدىن يىقىلىپ ئۆگەنگىن دەسلەپ.

* *

كۆڭلى تار ئادەمگە ياقمايدۇ ئادەم،
سەن ئىشىپ كەتسەڭمۇ ئەسلى بىر قەدەم.
ھەممىدىن ياخشىراق كۆرەر ئۇنداقلار
ئۆزىدىن ئاشقانغا تۇتۇشنى ماتەم.

قۇربان نۇر

## ئانا

بارمىدۇ ئەي سۆيۈملۈك ئانا،
ئەسلىمە گۈدىن يىتكىنىم بىر رەت.
بولسا شۇ كۈن ئازابتۇر ماڭا،
يۈرىكىمنى مۇجۇيدۇ ھەسرەت.

قىلغان بولسام سىنى مەن خاپا،
كەچۈر ئۇنى قىلمايمەن تەكرار.

ئەجرىڭ ئۇ چۇن پەرزەنتلىك بۇرچنى
ئاقلاشقا مەن ھەر ۋاقىت تەييار.

زەپەر قۇچۇپ ئۇ چسام ئەي ئانا،
بۇلۇتلار دا ئەركىن پەر قېقىپ.
مېنى قۇتلاپ سۆيۈنەرسەنمۇ،
مېھرىڭ بىلەن باغرىڭغا يېقىپ.

ئىسمايىل ئېلى

## قىل

باساي تەشنالىقىمنى، سەن لىۋىڭنى ئابۇ زەمزەم قىل،
پىراقىڭدا دىلىم مەجرۇھ ئاڭا سەن دورا ــ مەلھەم قىل.
كىيزىكتەك تىترىدى جىسمىم، بولۇپ بىر زەپىران ياپراق،
جاپا ــ زۇلمىڭنى تەرك ئەيلەپ ۋاپا ــ مېھرىڭنى ھەردەم قىل.
ئېلىپ قەددىمنى يا قىلدى ئېگىپ كۆز ئوقلىرىڭ دىلبەر،
پېقىر غا ئىلتىپات ئەيلەپ يۆلەپ قەددىمنى بەردەم قىل.
سىنى دەپ كەتتى ئابرويۇم بولۇپ ھەم بار چىدىن مەھرۇم،
گېپى ئۆتمەس يامان بولدۇم مېنى دىنارۇ دەرھەم قىل.
قېشىڭ تاقىن تاۋاپ ئەيلەپ ياشايمەن بىر ئۆمۈر بىللە،
ۋىسالىڭغا مۇيەسسەر قىپ ئۆزۈڭگە يارۇ ھەمدەم قىل.

ئېزىزجان ھوشۇر

## كەتسەك

چىدايمەن ساڭا قانداقچە سۇئالغا بەنت قىلىپ كەتسەك،
ئۇلاپ بولماس چۇۋۇق تور دەك خىيالغا بەنت قىلىپ كەتسەك.
قۇياشىم كەلدى دەپ سۇبھى تامان باققانلىرىم نەدە،
كۆزۈمنى زىر ـ زەۋەر ئەيلەپ، زاۋالغا بەنت قىلىپ كەتسەك.
بولۇت بوپ كېلىمەن دەپتىك، سامانى تىرىدىم تاغ بوپ،
ۋاپانى ئۇنتۇلۇپ روھى قامالغا بەنت قىلىپ كەتسەك.
سارائدەك چۆر گىلەپ يۈر دۈم، ھوشۇم كەتكەنمۇ تەۋرەشكە
سورايمەن قايسى مەجھۇلدىن ئاچالغا بەنت قىلىپ كەتسەك.
يارالدىم كۈي بولۇپ سەنچۈن، نىچۈن ئاڭلاشقا رەغبىتىك يوق،
پىغاننى تاج بىلىپ تاققان روياغا بەنت قىلىپ كەتسەك.
كۆزۈم شەبنەملىرى قۇتراپ دېڭىزغا ئايلىنىپ قاپتۇ،
كېلەمسەن ھال سوراپ قايتا، ئارالغا بەنت قىلىپ كەتسەك.
يۈرەكىم توختىسا بىر كۈن، كۆزۈمدىن ئۆت يارالمىشتۇر
تۆرەلگەي روھلىرىم بىر رەت ۋىسالغا بەنت قىلىپ كەتسەك.

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى **مامۇت زايىت**

## قايغۇلۇق خەۋەر



ئاتاقلىق ئالىم، پېشقەدەم مائارىپچى، شائىر، شىنجاڭ داشۆنىڭ پرو-
فېسسورى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن 1995 - يىلى 2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى
بەختكە قارشى ۋاپات بولدى.

يولداش ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن 1933 - يىلى 9 - ئايدا ئاتۇشنىڭ
باغئېرىق كەنتىدە مەرپەتپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. 1950 - يىلى
شىنجاڭ ئىنستىتۇتىغا قوبۇل قىلىنغان. 1952 - يىلى شۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى
بولغان. ئۇ مائارىپ سېپىدە ئۇزاق ۋاقىت ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش جەريانىدا
كۆپ خىل دەرسلەرنى ئۆتۈپ، ياش ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش يولىدا نۇرغۇن
ئەجىر سىڭدۈرۈپ، مىللىي مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپە قوشتى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ ئىلمىي تەتقىقات بىلەنمۇ كەڭ شۇغۇللىنىپ، بۇ جەھەتتە زور تۆھپە ۋە نەتىجە ياراتتى.
ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 250 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى. «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى
ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى»، «ئومۇمىي ئېستېتىكا»، «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى»،
«ئۇيغۇرلارنىڭ كلاسسىك مۇزىكىسى 12 مۇقام ھەققىدە» قاتارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىندى. «قاتلاملىق
ئېستېتىكا»، «قۇتادغۇبىلىك خەزىنىسى»، «غەربىي دىيار تاش كېمىر سەنئىتى»، «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»
قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلەرنى يېزىپ، نەشرگە تاپشۇردى. بۇلاردىن باشقا يەنە «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»،
«ئوتتۇرا ئاسىيا پەلسەپە تارىخى»، «ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ تارىخىي تەسۋىرى» قاتارلىق ئون نەچچە كى-
تابنى يېزىپ پۈتتۈردى. «توققۇز نەزم»، «چوغلۇق قىز»، «شېكسپىر سونېتلىرىدىن تاللانما»،
«شاھنامە» (2 - 3 - توملىرى) قاتارلىق ئىلمىي ۋە بەدىئىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلدى.

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئەدەبىي ئىجادىيەتتىمۇ كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتتى.
ئۇنىڭ «رۇبائىيات»، «رۇبائىيلار» «چوغلۇق»، «قارلىق تاغ شەجەرىسى»، «باھارىيات» قاتارلىق
شېئىر ۋە داستانلار توپلاملىرى نەشر قىلىندى.

ئۇنىڭ ئەسەرلىرى كۆپ قېتىم مۇكاپاتلاندى. ئۇ شياڭگاڭدا نەشر قىلىنىدىغان «مەشھۇر
جۇڭگولۇقلار قامۇسى» غا كىرگۈزۈلدى.

پروفېسسور ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر پەلسەپە - ئىدىئولوگىيە تەتقى-
قات جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى،
غەربىي دىيار سەنئەت تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇ-
چىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىر ھەيئىتى، يىپەك يولى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ
مۇئاۋىن رەئىسى بولغان.

بىز بۈگۈن مىللىتىمىزنىڭ مائارىپ، ئىلمىي تەتقىقات ۋە ئەدەبىيات ئىشلىرىغا زور تۆھپە قوشقان مۇ-
نەۋۋەر ئالىمىمىز ۋە ئەدىبىمىزدىن ئايرىلىپ قالدۇق. لېكىن، ئۇنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن قىممەتلىك
ئەسەرلىرى ۋە ئىجادكار روھى بىزنى مەڭگۈ ئىلھاملاندۇرىدۇ.

يولداش ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ھايات!

# مەرھۇم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ ھاياتىدىن كۆرۈنۈشلەر



ئىجادىيەت ئۈستىدە



ياپونىيىدە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا




سەبداشلار ئارىسىدا



ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن



مەرھۇمنىڭ ئىجادىيەت مېۋىلىرى




《塔里木》文学月刊(维吾尔文)  TARIMA MONTHLY LITERATURE JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

编　　辑:《塔里木》编辑部
出　　版:新疆人民出版社
排　　版:新疆人民出版社微机室
印　　刷:乌鲁木齐市印刷厂
发　　行:乌鲁木齐市邮局
国外发行:中国国际图书贸易总公司
订阅,零售:各地邮局所

1995 - يىل 4 - سان ( 410 - سان ) ، 45 - يىل نەشرى
تۈزگۈچى « تارىم » ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
( ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22 - قورو ، تېلېفون نومۇرى : 4816214 )
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى كومپيۇتېر بۆلۈمىدە تىزىلدى ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى ، ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جۇڭگو كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەتئەللەرگە تارقىتىدۇ
مەملىكەت بويىچە ھەممە جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

国际标准刊号:ISBN 1002—9044
国内统一刊号:CN 65—1010/1
国外代号:M 4461
邮发代号:58—66　定 价:2.40元
邮政编码:830000

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى : ISBN 1002—9044
مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى : CN 65—1010/1
چەتئەللەرگە تارقىتىش ۋەكالەت نومۇرى : M 4461
پوچتا ۋەكالەت نومۇرى : 66 — 58 ، باسما تاۋاق : 10 ، باھاسى : 2.40 يۈەن
پوچتا نومۇرى : 830000



广告许可证:新工商广字01005419号